«قەشقەر» مەجمۇئەسى

# قەشقەر

# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قەشقەر» مەجمۇئەسى

# قەشقەر چولق ئشلارخاتىرسى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم خالىق

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

喀什噶尔大事记 ：维吾尔文 / 阿布都克里木·哈力克
编．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.4
(喀什噶尔系列丛书)
ISBN 978-7-5373-1988-1

I.①喀… II.①阿… III.①喀什地区—地方志—大
事记—维吾尔语（中国少数民族语言）IV.①K294.52

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第047520号

责任编辑：迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

《喀什噶尔》系列丛书
喀什噶尔大事记
编者：阿布都克里木·哈力克

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230毫米 1/32开本 14.75印张 2插页
2010年4月第1版 2010年4月第1次印刷
印数：1—3000 定价：35.00元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998-2653927

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم راخمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会


总策划：　司马义·铁力瓦尔地

主　任：　刘长明
米吉提·卡德尔

副主任：　张新泰
古力先·吐拉洪
依明·艾合买提
赵新尉
木太力甫·托合提

委　员：　阿布都克力木·热合曼
阿迪力·穆罕默德
聂光玉
克力木江·阿布都热依木
阿布拉江·色依提
艾尔肯·艾麦提

主　编：　阿迪力·穆罕默德

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

قەشقەر — ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. XV ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كلاسسىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن: «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»،

«ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى، «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى: قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى — قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس،

تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان ـ سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009 - يىل 1 - يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## نەشرىياتتىن

«يىپەك يولى، دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 خىل (31 دانە) كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيىسى، ئېكسپېدىتسىيىسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، تەنتەربىيىسى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي بايلىقلىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار

خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىل 1 - ماي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇرگۇچىدىن

قەشقەر ــ تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ بوستانلىق. قەشقەردە يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ ئىنسانلار پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ھەم ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان. قەدىمكى زامانىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى قەشقەرنىڭ مىللەت، تىل تەركىبلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرگەن بولسا، «يىپەك يولى»نىڭ گۈللىنىشى قەشقەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم دىنىي ئېتىقادتىكى كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ خىل ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي ئۆزگىرىش ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىش، سىڭىشىش جەريانلىرى قەشقەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا چوڭ ئىشلار سۈپىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«شىنجاڭغا بارمىغۇچە ۋەتەنىمىزنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قەشقەرگە بارمىغۇچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ...»، مانا بۇ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان تارقىلىپ يۈرگەن بىر تۇراقلىق گۈزەل ئىبارە بولۇپ، ئۇ گوياكى سېھىرلىك بىر ناخشىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆۋلاپ كەلمەكتە.

«قەشقەر» نامى بىلەن ۋەتىنىمىزگە، دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن. نۇرغۇن مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنى ئۆزىگە جۇغلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولى بويىدىكى شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە تۇتاشتۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك» بولۇپ كەلدى. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە ئادىمىيەتلىك (人文) جەلپكارلىقى بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت كارۋانلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولغان بۇ يۇرت قەدىمكى قۇرۇقلۇق يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرلەردە «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دېگەن گۈزەل نامى بىلەن شۆھرەت تاپقان.

قەشقەر — قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقتە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن، غەرب ۋە جەنۇبتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق كۆپلىگەن يەرلىك مىللەتلەر ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، قاغىلىق، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق 12 ناھىيە (شەھەر) تەسىس قىلىنغان.

بۇ كىتابقا قەشقەر — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىن ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي چوڭ ئىشلار خاتىرىسى كىرگۈزۈلدى. قەشقەرنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى تۈزۈش، تەتقىق قىلىش قەشقەرنىڭ بىر پۈتۈن تارىخ - مەدەنىيىتىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

2010 - يىل 1 - نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تارىختىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە ..... 1
خەن سۇلالىسى دەۋرى ........................ 3
ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى دەۋرلىرى ........................ 21
تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق دەۋرلىرى .......... 33
سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرى ........................ 44
مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ........................ 69
چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ........................ 82
جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى ........................ 183
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى ........................ 237

## تارىختىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە

### (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8000 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 207 ـ يىلىغىچە)

قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئاخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەر رايونىدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تاشقورغان جىرغال خارابىسى بىلەن ئاتۇش ئاغۇدىن مۇشۇ دەۋرگە تەۋە يادىكارلىقلار تېپىلدى؛ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6000 — 4000 يىللار ئىلگىرىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى مارالبېشى (بارچۇق) ۋە قەشقەر كونا شەھەر ئوپال رايونىدا قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان؛ قەشقەر كونا شەھەر ئوپال رايونىدىكى ئاقدالا خارابە ئىزلىرى ۋە سۇلتانباغ ـ غوجا قونار خارابە ئىزلىرىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىللار ئىلگىرىكى برونزا (مىس) قورال دەۋرىگە تەۋە يادىكارلىقلار كۆپلەپ تېپىلدى؛ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرىكى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئىنسانلار ياشىغان بولۇپ، بۇ دەۋرگە تەۋە خارابە ـ ئىزلاردىن تاشقورغان شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى بىلەن تاشقورغان تۆۋەنكى بەلدىر قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ بۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەۋرلەرگە تەۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىياتاش رەسىملىرى

بىرقەدەر كۆپ ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىگە تارقالغان.

**جۇ چېڭۋاڭ تەختتە ئولتۇرغان دەۋر (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1115 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1079 - يىلىغىچە)**

جۇ چېڭۋاڭ ۋەزىرلىرى بىلەن گاۋ جىڭدا (بۈگۈنكى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، غەربىي يۇرتتىكى ساكارائۇل قاتارلىق بەگلىكلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر تۆگە، قاشتېشى، ياۋئات قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى.

**جۇ مۇۋاڭنىڭ 13 - يىلى (مىلادىيەدىن تەخمىنەن 994 - يىللار ئىلگىرى)**

«مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: «جۇ مۇۋاڭ لەشكەر باشلاپ غەربىي يۇرتنى كەزگەندە، قورۇمتاغ چوققىسىغا چىقىپ، پادىشاھ سارىيىنى تاماشا قىلغان، ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن تاغلارغا چىقىپ، تۆت ئەتراپتىكى دالىغا نەزەر تاشلىغان»، يەنى ھازىرقى تاشقورغانغا، قەشقەر ئەتراپلىرىغا، زەرەپشان دەرياسى بويىغا، قاغىلىقتىكى مىردايلارغا بارغان.

**چۇنچيۇ دەۋرىدىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 771 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىغىچە)**

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ساكلار، دىلار، چياڭلار قاتارلىق قەدىمىي قەبىلىلەر ياشىغان. چىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك كۆچمەن ئەللەر ھەم شەھەر دۆلەتلىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خان - ئاقساقاللىرىنىڭ تولىسى ساكلاردىن ئىدى.

## خەن سۇلالىسى دەۋرى

## (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە)

غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىنىڭ چيەنيۈەن 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى)

هونلارنىڭ ئوڭ قول بىلىك خانى غەربتە توخرىلارغا هۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى، بۇگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە سۇلى، ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سەپەرباي قاتارلىق بەگلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن هونلارغا قارايدىغان بولدى.

خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلىدىن يۈەنشۇ 3 - يىلىغىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلىغىچە)

جاڭ چيەن توخرىلار زېمىنىغە ئەلچىلىككە كېلىپ بۇگۈنكى قەشقەردىن ئۆتۈپ، پايتەخت چاڭئەنگە (بۇگۈنكى شىئەن شەهىرىگە) يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پادىشاه ۋۇدىغا غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەهۋالىنى دوكلات قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بۇگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى سۇلى، ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سارىقول، مالور قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان.

غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىنىڭ يۈەنشۇ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى)

جاڭ چيەن ئۇسۇنغا ئەلچىلىككە كېلىپ، يانداش

ئەلچىلىرىنى ئەتراپىتىكى بەگلىكلەرگە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر تاكى يۈەندىڭ 2 ـ يىلىغىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 115 ـ يىلىغىچە) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ بىر ـ بىرلەپ پايتەختكە باردى. شۇنىڭدىن باشلاپ سۇلى، ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سارىقول، مالور قاتارلىق ئەللەرمۇ خەن سۇلالىسى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىشتى.

## غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىنىڭ تەيچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 102 ـ يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ سۇتراشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى فەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلدى. غەربىي يۇرتتىكى ئەل بەگلىرى پەرزەنتلىرىنى ئەلچى قىلىپ، لى گۇاڭلى بىلەن بىللە ئوردىغا ئەۋەتىپ، سوۋغا ـ سالام بېرىشتى. بۇ ئەلچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «بارىمتاي» قىلىنىپ چاڭئەندە قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى، ساكارائۇل، سارىقول، يۈلئېرىق، مالور قاتارلىق بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى. خەن سۇلالىسى پىشامشانىنىڭ غەربىدە جەنۇبىنى قوغدايدىغان ھەراۋۇل قويدى. ئۇلار يالۋاچ چېرىكچىنىڭ باشچىلىقىدا چېدىردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى.

## غەربىي خەن سۇلالىسى خانى شۈەندى زامانىنىڭ يۈەنكاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 65 ـ يىلى)

ساكارائۇل خانى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى ئۇڭكۇبەگنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. ئۇڭكۇبەگ بىلەن خەن سۇلالىسى مەلىكىسى جيېيۇنىڭ ئوغلى ۋەننىيەنگە ساكارائۇل خانى بەك ئامراق ئىدى. ساكارائۇل خانى ۋاپات بولغاندا، ساكارائۇل بەگلىكىدىكىلەر خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، ۋەننىيەننى ساكارائۇلنىڭ خانى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا،

خەن شۇەندى ئىجازەت بەردى. ئۇ چاغلاردا ۋەنىيەن چاڭئەندە تۇرۇۋاتاتتى. خەن شۇەندى دەرھال شى چۇڭگونى ئەلچىلىككە تەيىنلىدى. ۋەنىيەن شى چۇڭگونىڭ مۇھاپىزىتىدە ساكارائۇلغا قايتىپ كەلدى. ۋەنىيەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەسلىدىكى ساكارائۇل بېگىنىڭ ئىنىسى قۇتغۇي ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋەنىيەن بىلەن شى چۇڭگونى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىقىۋالدى. كېيىنكى يىلى خەن سۇلالىسى خەن زىڭ بىلەن فېڭ فېڭشىنى ئەلچى قىلىپ، فەرغانە ئەلچىسىنى دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويدى. خەن زىڭ بىلەن فېڭ فېڭشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلدى. قۇتغۇينىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، قۇتغۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. خەن زىڭ، فېڭ فېڭشىلار ئەسلىدىكى ساكارائۇل خانىنىڭ جىيەننى خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن ساكارائۇل بەگلىكىدىكى پاراكەندىچىلىك تىنچىتىلدى.

**غەربىي خەن سۇلالىسى خانى شۇەندى زامانىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)**

ھونلارنىڭ باتىسقانى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، ئۇلارنىڭ چاكارلار كاھىېگى ئەمىلى ئېلىپ تاشلاندى، قۇش قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ بىرلا ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پىشامشانىنىڭ غەربىنى قوغدايدىغان يالۋاچ چېرىكچى فېڭ جىگە قۇسلارنىڭ غەربىي شىمالىنى قوغداش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى ۋە ئۇنى قوروقچىبەگ قىلىپ، غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سارىقول، مالور قاتارلىق بەگلىكلەر خەن سۇلالىسى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

### شىن ۋاڭ ماڭنىڭ شجيەنگو 1 - يىلىدىن 3 - يىلىغىچە (9 – 11 - يىلىغىچە)

ۋاڭ ماڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى دۇرۇس يۈرگۈزمىگەچكە، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. ھونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى. پەقەت ساكارائۇل كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ، ھونلارغا تاقابىل تۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى. ساكارائۇلنىڭ خانى يەن شاھزادە ۋاقتىدا بارىمتاي بولۇپ چاڭئەندە خېلى ئۇزاق تۇرغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە پىششىق ئىدى. يەن ئېلىگە قايتىپ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، دۆلەتنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىپ باشقۇردى ھەمدە ئوغلىنى ئۆز ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلەپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خەن سۇلالىسىدىن ئايرىلماسلىقنى جېكىلىدى.

### شىن ۋاڭ ماڭنىڭ تيەنفېڭ 5 - يىلى (18 - يىلى)

ساكارائۇل خانى يەن ئۆلگەندە، ئۇنىڭغا «خەن ۋۇدىغا سادىق، جەسۇر بەگ» دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى كاڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق ھونلارغا تاقابىل تۇردى، غەربكە چېكىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن قورۇقچىبەگ لى چۇڭ ھەم ئۇنىڭ لەشكەر - سەرۋازلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى پاناھىغا ئالدى، شۇنداقلا ھەمىشە مەكتۇپ يوللاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان سېغىنىشىنى بىلدۈرۈپ تۇردى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۋۇ 5 - يىلى (29 - يىلى)

خېشى سانغۇنى دۇرۇڭ خانلىقنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن،

كاڭغا «خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ساكارائۇلدا خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار، پەزىلەتلىك بەگ، غەربىي يۇرت باش تۇتۇقبېگى» دەپ نام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا غەربىي يۇرتتىكى 55 بەگلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى بۇيرۇدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۋۇ 9 - يىلى (33 - يىلى)

ساكارائۇل خانى كاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى شيەن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۋۇ 14 - يىلى (38 - يىلى)

ساكارائۇل خانى شيەن بىلەن پىشامشان خانى يەن خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلدى ھەمدە غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەمدىلا ئورۇن تۇتقاچقا، ئاۋامنى ئارام ئالدۇرۇش زۆرۈر دەپ قوشۇلمىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۋۇ 17 - يىلى (41 - يىلى)

ساكارائۇل خانى شيەن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا بېرىپ، تۇتۇقبەگ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى شيەنگە ئالدى بىلەن غەربىي يۇرت تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مۆھۈرى بىلەن ھارۋا - ئاتلىقلارنى ھەدىيە قىلدى، كېيىن دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى پېي زۇننىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇنىڭغا «باش سانغۇن» دەپ ئەمەل بېرىپ، تۇتۇقبەگ مۆھۈرىنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. شيەن نارازى بولۇپ، ئۆزىنى «باش تۇتۇقبەگ» دەپ جاكارلاپ، بەگلىكلەرگە مەكتۇپ ئەۋەتتى، بەگلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، شيەننى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتاشتى. شيەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئالۋان - ياساقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېغىرلاشتۇرۇپ، كۆسەن قاتارلىق بەگلىكلەرگە قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلدى، ئەتراپتىكى بەگلىكلەر غەم ـ ئەندىشە قىلىشتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۇۋ 22 ـ يىلى (46 ـ يىلى)

ساكارائۇل خانى شيەن باش قورۇقچىبەگنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، پىشامشان خانى ئەنگە خەن سۇلالىسىگە تۇتىشىدىغان يولنى توسۇشنى بۇيرۇدى. ئەن قوبۇل كۆرمەي ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شيەن لەشكەر چىقىرىپ پىشامشانغا ھۇجۇم قىلدى. ئەن جەڭگە چىقىپ مەغلۇپ بولۇپ، تاغ ئارىسىدا ئۆلدى. شيەن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىپ قالدى. شۇ يىلى قىشتا شيەن يەنە كۆسەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، باشقا خانلىقلارنى قوشۇۋالماقچى بولدى. باشقا بەگلىكلەر مەكتۇپ يوللاپ، باش قورۇقچىبەگ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشتى، لېكىن خەن سۇلالىسى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىشامشان، قوشلار ھونلارغا بېقىندى، شيەن بولسا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۇۋ 26 ـ يىلى (50 ـ يىلى)

ساكارائۇل خانى شيەن فەرغانىنىڭ تاپشۇرىدىغان باج ـ خىراجىتى ئازلاپ كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزى بىۋاسىتە 10 نەچچە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، فەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى زامانىنىڭ جيەنۇۋ 31 ـ يىلى (55 ـ يىلى)

ساكارائۇل خانى شيەن ئۇدۇننى ھۇجۇم بىلەن قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇن خانى يۇ لىننى «ئىتائەتمەن بەگ» دەپ ئاتىدى. 2 ـ يىلى ئۇدۇن، ئۇزاقتات، قۇم، لىچخەۋىز قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىنى ساكارائۇلغا چاقىرتىپ كېلىپ، بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە بۇ بەگلىكلەرگە قايتىدىن بەگ قويماي، ئۆزىنىڭ

قول ئاستىدىكى سانغونلىرىنى ئۇ يەرنى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ يوڭپىڭ 3 - يىلى (60 - يىلى)

ساكارائول سانغونى جوندېنى ئودوندا قاتتىق خارلىدى، پوقرالارمۇ ئازابقا قالدى. ئودون ئاقساقاللىرىدىن دۆۋېي بىلەن قېرىنداشلىرى جوندېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاقساقال شومۇبا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن خەن روڭ قاتارلىقلارغا دۆۋېي ئاكا - ئۇكىلارنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى «ئودون خانى» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن شيەن شاھزادىسى، ۋەزىرلىرى ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەردىن يىغقان 20 مىڭدەك لەشكەرنى ئەۋەتىپ شومۇباغا ھوجۇم قىلدى. شومۇبا جەڭگە چىقىپ ساكارائول لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. شيەن يەنە بەگلىكلەردىن 10 نەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، ئۆزى ھوجۇمغا ئۆتتى. شومۇبا ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يوقاتتى. شيەن قېچىپ دۆلىتىگە كېلىۋالدى. شومۇبا ساكارائولغا قورشاپ ھوجۇم قىلىپ ئۆلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ يوڭپىڭ 4 - يىلى (61 - يىلى)

ئودون بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى سۇيولې قاتارلىقلار شومۇبانىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى گۋاڭدېنى بەگ قىلىپ تەيىنلەشتى. گۋاڭدې ھەرقايسى بەگلىكلەردىن 30 نەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ ساكارائولغا ھوجۇم قىلدى. ساكارائول خانى شيەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. گۋاڭدې پەم بىلەن شيەننى ئالداپ سىپىلدىن چىقىرىپ ئۆلتۈرۈپ، بەگلىكنى قوشۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي شىمالىي ھونلار ساكارائولغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ساكارائول بېگى شيەننىڭ بارىمتاي ئوغلى بوجوجىڭنى ساكارائولنىڭ بېگى قىلىپ تىكلىدى. گۋاڭدې ھوجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنىسى چىلىنى ساكارائولغا بەگ قىلىپ تىكلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىمالىي ھونلار ئۇدۇنغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. گۇاڭدې تەڭ كېلەلمەي شىمالىي ھونلارغا بېقىندى، ساكارائۇل ھەم ئەتراپتىكى سۇلى، يۈلىبرىق، سارىقول قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن شىمالىي ھونلارغا بېقىندى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى)

كۇسەن خانى جيەن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، سۇلى بېگى چېڭنى ئۆلتۈرۈپ، بەگلىكنى قوشۇۋالدى، كۇسەنىنىڭ سول قول بېگى دۇتىنى سۇلى بېگى قىلدى.

خەن سۇلالىسى خانىنىڭ پەرمانى بويىچە كاھبەگ دۇگۇ لەشكەر باشلاپ جيۇچۇەندىن چىقىپ، شىمالىي ھونلارغا يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا قۇيانخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل شەھەر ئەتراپى)نى ئالدى، ئىۋىرغولغا كاھبەگ قويۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. كۇزدە دۇگۇ مۇۋەققەت ئەمىر لەشكەر بەن چاۋنى جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەرگە ئەۋەتتى. قىشتا، بەن چاۋ سۇلىغا ئورۇنلىشىپ سانغۇن تيەن لۈنى بايكەنت (ھازىرقى پەن توچېڭ) كە ئەۋەتىپ دۇتىنى تىرىك تۇتتى. بەن چاۋ ئىلگىرىكى سۇلى بېگىنىڭ جيەنى يۈ لىنى بەگ قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ نامىنى «ساداقەتمەن بەگ» دەپ ئۆزگەرتتى. ئەل - جامائەت بۇنىڭدىن ناھايىتى شادلاندى ۋە قايتىدىن خەن سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى (74 - يىلى)

خەن سۇلالىسى خانىنىڭ پەرمانى بويىچە دۇگۇ قاتارلىقلار يەنە قوشۇن باشلاپ دۇنخۇاڭدىن چىقىپ، شىمالىي ھون خانى قۇيانخاننى بارىكۆل ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلدى. ئالدى - ئارقا قۇسلار تەسلىم بولدى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

يەنە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇگۇنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى سۇلى، ساكارائۇل قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ يۇڭپىڭ 18 - يىلى (75 - يىلى)**

شىمالىي ھونلار كىنگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن بەگلىكلىرىنى غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى چېن مۇغا ھۇجۇم قىلىشقا كۇشكۇرتتى. كېيىنكى يىلى(76 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە بەن چاۋنىڭ يەككە - يېگانە قېلىپ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئوردىغا قايتىشى توغرىسىدا پەرمان چۇشۇردى. سۇلى ئاھالىسى بەن چاۋنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ۋەسۋەسىگە چۇشۇپ قالدى، كاھبەگ لى يى: «خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىزنى تاشلاپ كەتسە، كۇسەن بەگلىكى بىزنى يەنە يوقىتىدۇ، خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنىڭ كېتىشىنى راستتىنلا خالىمايمىز!» دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالدى. بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن، كۇسەن بەگلىكى بىلەن سەپەرباي بەگلىكى قوشۇن چىقاردى، سۇلىدىكى ئىككى قەلئە تەسلىم بولدى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا بارغاندا ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى ماڭدۇرمىدى، بەن چاۋ سۇلىغا قايتىپ كېلىپ، ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئۆلتۇرۇپ، قوشۇن تارتىپ چىقىپ سەپەربايىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى قايتىدىن تىنچلاندى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ جيەنچۇ 3 - يىلى (78 - يىلى)**

قۇم بەگلىكى (ھازىرقى ئۇنسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە) ئىلگىرى كۇسەنىنىڭ سۇلىنى ئېلىشىغا ياردەم بەرگەنىدى. شۇ يىلى بەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاۋ سۇلى، ئۇدۇن، كانجۇت، ئۇزاقتات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ 10 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ قۇم بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ جيەنچۇ 5 - يىلى (80 - يىلى)

بەن چاۋ قوشۇن چىقىرىپ غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش توغرىسىدا ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغاندا ئوردا كېڭىشىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. شىمالىي ھونلار كۇسەننى لەشكەر چىقىرىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا كۇشكۇرتتى، ساكارائۇل بەگلىكى ئالدىن تەسلىم بولدى. سۇلى كاھىپگى فەن چېن خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوردا شۈ گەننى لەشكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، بەن چاۋغا ياردەملىشىپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى فەن چېننىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلى بەگلىكىنى تىنچلاندۇردى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ جيەنچۇ 8 - يىلى (83 - يىلى)

ئوردا باسقاقبەگ لى يىنى ئۇسۇن ئەلچىلىرىنى ئۆز بەگلىكىگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. لى يى ئۇدۇنغا بارغاندا، دەل كۇسەن لەشكەرلىرىنىڭ سۇلىدا تۇرۇۋاتقان بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلغان مەزگىلىگە توغرا كەلدى. لېكىن، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي، ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، بەن چاۋنى «خوتۇن - بالىلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتتى، چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ، ئۆز ئىشلىرىغا باقمىدى» دەپ چاقتى. جاڭدى خان بەن چاۋنىڭ سادىقلىقىنى بىلگەچكە، لى يىنى ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنى بەن چاۋنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىشتىن كېيىن بەن چاۋ ئاداۋەت تۇتماي، لى يىنى كەچۈرۈپ، ئوردىغا قايتۇرۇۋەتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ يۈەنخې 1 ـ يىلى (84 ـ يىلى)

ئۇردا مۇۋەققەت ئەمىرلەشكەر خې گۇڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى 800 لەشكەر بىلەن بەن چاۋغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. بەن چاۋ سۇلى، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلدى. ساكارائۇل بېگى قىممەتلىك سوۋغىلار بىلەن سۇلى بېگى جۇڭنى سېتىۋالغاچقا، جۇڭ ئاسىيلىق قىلىپ، غەربتىكى ئۇجې قەلئەسىدە تۇرۇۋالدى. بەن چاۋ سۇلى ۋەزىرى چىڭدانى بەگلىككە كۆتۈردى ھەمدە ئۆزىگە قارشى تۇرمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغىدى. يېرىم يىلدىن كېيىن كانجۇت خانى خىل قوشۇنلىرى بىلەن ياردەم بەرگەچكە، بەن چاۋ ئامال قىلالمىدى. شۇ چاغلاردا توخرىلار بىلەن كانجۇتلار يېڭىدىن قۇدىلاشقانىدى. بەن چاۋ توخرىلار خانىغا قىممەتلىك سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كانجۇت خانىغا ئەسكەر چېكىندۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. كانجۇتلار جۇڭنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ قايتتى. بەن چاۋ ئۇجې قەلئەسىنى قايتۇرۇۋالدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ يۈەنخې 3 ـ يىلى (86 ـ يىلى)

سۇلى بېگى جۇڭ كۇسەن خانى بىلەن مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاپ، بەن چاۋغا ئەلچى ئەۋەتىپ يالغاندىن تەسلىم بولدى. بەن چاۋمۇ يالغاندىن تەسلىمنى قوبۇل قىلغان بولدى. جۇڭ بىر قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن بەن چاۋنىڭ قېشىغا كەلدى. بەن چاۋ زىياپەت بېرىپ «كۇتۇۋالدى» ھەمدە زىياپەت ئارىلىقىدا جۇڭنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، لەشكەرلىرىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يول ئېچىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى زامانىنىڭ جاڭخې 1 - يىلى (87 - يىلى)

بەن چاۋ ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ 25 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ھونلارغا ۋە كۇسەن بېگىگە بېقىنىۋالغان ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلدى. كۇسەن بېگى سول قانات سانغۇنىنى ئۇنسۇ، قۇم، سەپەرباي قاتارلىق بەگلىكلەردىن 50 مىڭ لەشكەر ئېلىپ قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. بەن چاۋ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، يالغاندىن لەشكەر چېكىندۇرگەن بولىۋالدى. كۇسەن بېگى ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆزى 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن غەربىي چېگرىدا بەن چاۋنى توسۇماقچى بولدى، يەنە ئۇنسۇ بېگىنى 8000 ئاتلىق لەشكىرى بىلەن شەرقىي چېگرىدا ئۇدۇن قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. بەن چاۋ ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇنلارنى مەخپىي چاقىرتىپ كېلىپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ساكارائۇلنىڭ لەشكەرگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ساكارائۇل قوشۇنى تىرپىرەن بولۇپ كەتتى. بەن چاۋنىڭ لەشكەرلىرى 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قەتلى قىلدى. ساكارائۇل بېگى تەسلىم بولدى. كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ چېكىنىپ كەتتى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خېدى زامانىنىڭ يۈڭيۈەن 2 - يىلى (90 - يىلى)

توخرىلار خەن سۇلالىسى مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، بەن چاۋ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماستىنلا ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالدى ھەم ئىنتايىن غەزەپلەندى. توخرىلارنىڭ ئورۇنباسار بېگى شيې 70 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ھۇجۇم قىلدى. بەن چاۋ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ مۇداپىئەدە چىڭ تۇردى. توخرىلار لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگىگەچكە، شيې ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەر بىلەن كۇسەندىن ياردەم سوراشقا ئەلچى ئەۋەتتى. بەن چاۋ پىستۇرما قويۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ شىيگە سازايى قىلغاندا، شىي بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈدى، شىي گۇناھىنى يۇيۇش، چىقىش يولى تىلەش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. بەن چاۋ بۇنى لايىق كۆردى. توخرىلار شۇنىڭدىن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خېدى زامانىنىڭ يۇڭيۇەن 3 - يىلى (91 - يىلى)

بەن چاۋ سۇلىدىن لەشكەر باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، كۇسەن بېگى باشچىلىقىدىكى ھونلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تىرپىرەن قىلىۋەتتى. قىشتا كۇسەن، قۇم، ئونسۇ قاتارلىق بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشتى. خەن سۇلالىسى قايتىدىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، قورۇل چېرىكچىبېگى، غەربىي يۇرت دورغابى تەسىس قىلدى. بەن چاۋ قورۇقچىبەگ بولۇپ، كۇسەندىكى داۋانقۇم قەلئەسىدە تۇردى. شۇ گەن دورغابلىققا تەيىنلىنىپ، سۇلىدا بوز يەر ئاچتى. سۇلى، ساكارائول، يۆلئېرىق، سارىقول قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خېدى زامانىنىڭ يۇڭيۇەن 9 - يىلى (97 - يىلى)

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەن چاۋ گەن يىڭنى شەرقىي رىمغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئۇ ھازىرقى پارس قولتۇقىغا بارغاندا قاتتىق بورانغا دۇچ كېلىپ قايتىپ كەلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خېدى زامانىنىڭ يۇڭيۇەن 14 - يىلى (102 - يىلى)

بەن چاۋ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يۇرتىنى سېغىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايتىپ كېتىش ھەققىدە خېدى خانغا مەكتۇپ سۇندى، خان ئۇنىڭ پايتەختتكە قايتىپ كېلىشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا «مەشھۇر ئەلچى چېرىكچى» دەپ نام بەردى. بەن چاۋ شۇ يىلى 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن لوياڭدا ئۆلدى. قورۇل چېرىكچىبېگى رېن شاڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شاڭدى زامانىنىڭ يەنپىڭ 1 - يىلى (106 - يىلى)

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى رېن شاڭ باشقىلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر نارازى بولۇپ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنى سۇلىدا قورشىۋالدى. ئۇ خانغا مەكتۇپ يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. خان لياڭ جىننى غەربىي يۇرتنىڭ ئورۇنباسار چېرىكچىلىكىگە تەيىنلەپ، خېشىدىكى تۆت ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق چاڭلار، غۇزلاردىن 5000 ئاتلىق لەشكەر باشلاپ بېرىپ قۇتقۇلدۇرۇشقا ئەۋەتتى. لياڭ جىن بېرىپ بولغۇچە رېن شاڭ قۇتۇلۇپ قالدى. خان ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاتلىقلار قوشۇنى كاھىبېگى دۇەن شىنى غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبەگلىكىگە قويدى. غەربىي يۇرت دورغابى جاۋ بو ئاتلىق قوشۇننىڭ كاھىبېگى بولدى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىنىڭ يۇڭچۇ 1 - يىلى (107 - يىلى)

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دۇەن شى ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ئوردا ئۇ يەرنى يىراق، خەتەرلىك، ياردەم بېرىشكە بىئەپ جاي دەپ قاراپ، دۇەن شىنى قورۇقچىبەگلىكتىن قالدۇردى. ئاتلىق قوشۇن كاھىبېگى ۋاڭ خۇڭ لەشكەر باشلاپ بېرىپ دۇەن شىنى كۈتۈۋالدى. غەربىي يۇرتنىڭ ئورۇنباسار چېرىكچىسى لياڭ جىن، غەربىي يۇرت دورغابى جاۋ بو ھەمدە ئېۋۇرغول، لۈكچۈنلەردە تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئەمەلدار -

ئەسكەرلەرمۇ قايتىپ كەتتى. ھەربىي ئەمىر لەشكەر بەن يۈك بىلەن ئىنىسى بەن شيۈك ئۆلارنى دۆنخۇاڭغا بىرىپ كۆتۈۋالدى.

شىمالىي ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن قولغا چۈشۈرۈپ، باشقا بەگلىكلەرگە تەھدىت سېلىپ، ئالۋان - ياساقنى ئېغىرلاتتى ھەمدە بەگلىكلەرنى لەشكەر تارتىپ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە خېشىنى پاراكەندە قىلىشقا زورلىدى. خېشى 10 نەچچە يىل پاراكەندىچىلىكتە قالدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى (114 ـ 119 - يىللىغىچە)

سۇلى بېگى ئەن گۇ جىنايەتكار تاغىسى چېن پەننى توخرىلار بەگلىكىگە بارىمتاي قىلىپ سۈرگۈن قىلدى، ئۇ توخرىلارنىڭ كۆتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەن گۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، ئانىسى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، بەگلىكتىكىلەر بىلەن بىرگە چېن پەننىڭ ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا قالغان بالىسىنى خان قىلىپ تىكلىدى. چېن پەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، توخرىلار خانىغا: «ئەن گۇنىڭ بالىسى يوق، خان نەسەبى ۋەيران بولىدۇ، ناۋادا ئانا تەرەپنىڭ ئادىمى خان بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا قورساقتىكى بالىنىڭ تاغىسى مەن بولىمەن، ئەلۋەتتە مەن خان بولۇشۇم كېرەك» دېدى، شۇنىڭ بىلەن توخرىلار بېگى قوشۇن چىقىرىپ چېن پەننى بەگ قىلىپ تىكلىدى. چېن پەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ساكارائۇلنى قوشۇۋېلىپ، بۇددىزمنى تەرغىب قىلدى، دۆلەتنى تەدرىجىي كۈچەيتىپ، سۇلى بىلەن كۇسەن، ئۇدۇنلارنى غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ قۇدرەتلىك بەگلىك قىلىپ تىكلىدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىنىڭ يەنگۇاڭ 2 - يىلى (123 - يىلى)

شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتنى ئىدارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، بەن يۇڭنى غەربىي يۇرت دورغابى قىلىپ تەيىنلەپ، قوشۇن باشلاپ لۇكچۇندە بوز يەر ئاچتى. ئىككىنچى يىلى (124 - يىلى) بەن يۇڭ قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كرورانغا كەلدى. كروران بېگى (پىشامشان بېگى) خەن سۇلالىسىگە بېقىندى، ئۇلاپلا كۇسەن بېگى بەي يىڭ قۇم، ئونسۇ بەگلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بەن يۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىجا قىلدى ۋە بەن يۇڭغا ئەل بولدى. ئۇدۇن، سۇلى خانلىرىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھونلارغا بېقىنغان ئارقا قۇس بەگلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم بىرلىككە كەلتۈردى. سۇلى، ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سارىقول، مالور قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرت دورغابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىنىڭ يۇڭجيەن 2 - يىلى (127 - يىلى).**

سۇلى خانى چېن پەن خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. خەن سۇلالىسى چېن پەنگە «خەن سۇلالىسىنىڭ باش كاھېبگى» دەپ نام بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنى، مەرتىۋىسى ئاشتى. سۇلى بەگلىكىنىڭ كۈچى تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىنىڭ يۇڭجيەن 5 - يىلى (130 - يىلى)**

سۇلى خانى چېن پەن بارىمتاي ئوغلىنى ساكارائۇل، فەرغانە بەگلىرىنىڭ ئەلچىسى بىلەن بىرگە لوياڭغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۈندى زامانىنىڭ ياڭجيا 1 - يىلى (132 - يىلى)**

ئۇدۇن بېگى فاڭ جيەن ئۇزاقتات بېگى شىڭنى ئۆلتۈرۈپ،

بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئوغلىنى ئۇزاقتاتىنىڭ بېگى قىلىپ تىكلىدى. شۇ يىلى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى شۇ يۈ سۇلى بېگى چېن پەننى 20 مىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئۇدۇننى تارمار قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇ ئەسلىدىكى ئۇزاقتات بېگى شىڭ بىلەن ئۇرۇقداش بولغان چېڭ گونى ئۇزاقتاتقا بەگ قىلىپ تىكلەپ، ئۇزاقتاتنى قايتۇرۇۋالدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى شۇندى زامانىنىڭ ياڭجيا 2 ـ يىلى (133 ـ يىلى)

سۇلى بېگى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىر، كالا تارتۇق قىلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى لىڭدى زامانىنىڭ جيەننىڭ 1 ـ يىلى (168 ـ يىلى)

سۇلى بېگى چېن پەن شىكارغا چىققاندا كىچىك تاغىسى خې دې ئۇنى ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن خې دې ئۆزىنى بەگ قىلىپ تىكلىۋالدى (يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، چېن پەننى ئۇنىڭ جىيەنى خې دې ئۆلتۈرگەن. چېن پەننىڭ يېشى ۋە ئەينى چاغدىكى تارىختىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى ئابىدىدىكى خاتىرىلەر توغرا بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ تاغىسى خې دې دېگەننى جىيەنى خې دې دېيىش كېرەك).

شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى لىڭدى زامانىنىڭ جيەننىڭ 3 ـ يىلى (170 ـ يىلى)

لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى مېڭ تو ئەۋەتكەن مۇلازىم رېن شى دۇنخۇاڭ قوشۇنىدىن باشلاپ بارغان 500 لەشكەر، غەربىي يۇرت دورغابى جاڭ يەن، قورۇلچى ئەمىر لەشكەر ساۋكۇنلەر لىنگىت، كۇسەن، ئارقا قۇسلاردىن توپلىغان قوشۇن بىلەن قوشۇلۇپ، 50 مىڭدەك لەشكەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ خې دېگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار جېنجۇڭ قەلئەسىنى 40 نەچچە كۈن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ

ئالالمىغاچقا ئامالسىز قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلى بېگىنى قەستلەش ۋەقەسى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. لېكىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىمۇ بۇنى چەكلەشكە ئامال قىلالمىدى. («ساۋچۇەن ئابىدىسى» گە ئاساسلانغاندا، قورۇلچى ئەمىر لەشكەر «ساۋ كۇەن» «ساۋ چۇەن» دېيىلىشى كېرەك).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى دەۋرلىرى

### (مىلادىيە 220 _ 618 - يىللىغىچە)

### ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىنىڭ خۇاڭچۇ 3 - يىلى (222 - يىلى)

غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئەلچىلەر ئارقىلىق ۋېي سۇلالىسىگە قىممەتلىك سوۋغا - سالام ئەۋەتىشتى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئەسلىگە كەلدى. ۋېي سۇلالىسى خانى ساۋ پېي غەربىي يۇرتتىكى قورۇلچى چېرىكچى بىلەن غەربىي يۇرت دورغابىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى سۇلى، ساكارائۇل، يۈلئېرىق، سارىقول قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي يۇرت دورغابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش كۆپىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ پادىشاھلىقلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا چولىسى تەگمىدى، باشقۇرۇش ئېغىزدىلا قالدى. كۈچلۈكلەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئاجىزلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. جۈملىدىن سۇلى، ساكارائۇل، جېنجۇڭ، جېشى، لىچخەۋىز، سارىقول، جۈەندۇ، ئەركەشتام قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

### غەربىي جىن سۇلالىسى خانى ۋۇدى زامانىنىڭ تەيشى 1 - يىلى (265 - يىلى)

غەربىي جىن سۇلالىسى ساۋ ۋېينىڭ تۈزۈمى بويىچە، غەربىي يۇرتقا دورغاب قويۇپ لوپنۇر قەلئەسىدە (لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىرغىنقىدا) تۇرۇپ ئۆزىگە بەيئەت قىلغان بەگلىكلەرنى باشقۇردى. سۇلى قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى غەربىي جىن پادىشاھى بەرگەن نامىلارنى قوبۇل قىلدى. لوپنۇردىن بايقالغان تارىشا پۈتۈكلەردىن شۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، سۇلى بېگىگە «جىن سۇلالىسىنىڭ تۇرغاق شىغاۋۇلى، باش كاھبەگ، ئۆزىنى جىن سۇلالىسىگە بېغىشلىغان بەگ، جىن سۇلالىسى بىلەن كۆڭلى يېقىن بەگ» دېگەندەك ناملار بېرىلگەن.

**غەربىي جىن سۇلالىسى خانى خۇيدى زامانىنىڭ يۇڭگاڭ 1 - يىلىدىن شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە (306 ـ 317 - يىلىغىچە)**

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سەككىز بەگلىك يېغىلىقى يۈز بەرگەنلىكى، شىمالىي هونلار بىلەن سيانپىيلارنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۈزۈلمىدى. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى. شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى يۈەندىنىڭ ئەمىر لەشكىرى رۇڭ جيەنكاڭنى پەيتەخت قىلدى، ئۇ جاڭئەننى ساقلاش بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە، غەربىي يۇرتقا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنى لياڭجۇ ئايمىقى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ، يەنىلا غەربىي يۇرت دورغابى قويۇۋەردى.

**شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى مىڭدى زامانىنىڭ تەيىنىڭ 1 - يىلى (323 - يىلى)**

ئالدىنقى جاۋ بېگى ليۇ ياۋ چاڭئەننى ئىگىلەپ، بىر تۈتاش قوشۇن باشلاپ غەربتىكى لياڭجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلدى. لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چوپاندارى جاڭ ماۋ ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلدى. ليۇ ياۋ جاڭ ماۋنى خەلىپەت بېگىلىككە ۋە لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چوپاندارلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ چىن، لياڭ، يى، با، خەن ئايماقلىرىنى، لۇڭشى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ

لەشكىرىي ئىشلىرىنى بىرتوتاش باشقۇردى، ئۇنىڭغا «لياڭ بېگى» دېگەن ئۇنۋانى نامى بېرىلدى. غەربىي يۇرت نامدا ئالدىنقى جاۋنىڭ قارىمىقىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا جاڭ ماۋنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىدا بولدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى چېڭدى زامانىنىڭ شيەنخې 2 ـ يىلى (327 ـ يىلى)

ئالدىنقى جاۋ بېگى لىيۇ ياۋ كېيىنكى جاۋ بېگى شى خۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ تۇتۇلدى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چوپاندارى جاڭ جۈن ئالدىنقى جاۋ بەگلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزى بەگ بولۇپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇۋەردى. جاڭ جۈن غەربىي يۇرتنىڭ دورغابلىقىغا قويغان لى بو دېگەن كىشى ئوخشاشلا لوپنۇر قەلئەسىدە تۇرۇپ، سۇلى قاتارلىق بەگلىكلەرنى بىرتوتاش باشقۇردى. هازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىدىكى لوپنۇر قەلئەسى خارابىسىدىن نۇرغۇن «لى بو مەكتۇپلىرى» تېپىلدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى چېڭدى زامانىنىڭ شيەنخې 7 ـ يىلى (332 ـ يىلى)

جاڭ جۈن ئۆزىنى «لياڭ بېگى» دەپ جاكارلاپ، ئالدىنقى لياڭ هاكىمىيىتىنى قۇردى. غەربىي يۇرتتىكى سۇلى قاتارلىق بەگلىكلەر رەسمىي ئالدىنقى لياڭ هاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى چېڭدى زامانىنىڭ شيەنكاڭ 1 ـ يىلى (335 ـ يىلى)

ئالدىنقى لياڭ بېگى جاڭ سانغۇن ياڭ شۈەننى كىنگىت، كۇسەنلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، جاڭ جۈن غەربىي غوز چېرىكچىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياڭ شۈەننى لەشكەر بېشى باسقاق قىلدى. سۈلى قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي غۇز چېرىكچىسىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىدا بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي غۇز چېرىكچىسى يەنە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ لەشكەرلەرگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى مۇدى زامانىنىڭ يۇڭخې 1 - يىلى (345 - يىلى)

ئالدىنقى لياڭ بېگى جاڭ جۈن دۇنخۇاڭ قاتارلىق ئۈچ ئايماق بىلەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىگە قاراشلىق ئۈچ كورەنى شاجۇ ئايمىقى قىلىپ، ياڭ شۈەننى ئايماق بېگىلىكىگە قويدى. سۈلى قاتارلىق بەگلىكلەر شاجۇ ئايماق بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى مۇدى زامانىنىڭ يۇڭخې 12 - يىلى (356 - يىلى)

جۇڭگونىڭ بۇددا ئىلمى بويىچە ئۈچ چوڭ تەرجىمانىنىڭ بىرى بولغان كۇسەنلىك راھىب كۇمراجىۋا (شۇ يىلى 12 ياش) كەشمىردە بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئېلىگە قايتىپ كېلىشىدە سۈلى بەگلىكىدىن ئۆتتى ۋە بۇ يەردە بىر يىلچە تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نوملارنى كۆردى ھەمدە ھىنايانا مەزھىپىدىن ماھايانا مەزھىپىگە ئۆتتى.

شۇ يىلى ئالدىنقى چىننىڭ داڭلىق راھىبى داۋئەن سۈلىغا كېلىپ بۇددىزمغا ئىتائەت قىلدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 1 - يىلى (376 - يىلى)

ئالدىنقى چىن بېگى فۇ جيەن ئالدىنقى لياڭ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلدى، ئالدىنقى لياڭ بېگى جاڭ تيەنشى مەغلۇپ

بولۇپ تەسلىم بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى لياڭ بەگلىكى يوقالدى. فۇ جيەن لياڭ شىنى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بەگلىكىگە قويدى. سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئالدىنقى چىنغا قارايدىغان بولۇپ، لياڭجۇ ئايماق بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 3 - يىلى (378 - يىلى)

ئالدىنقى چىن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لياڭ شى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەرقايسى ئەل بەگلىرىگە تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلىپ، ئالدىنقى چىنىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىنى تەرغىب قىلدى. سۇلى بېگىمۇ شۇلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 6 - يىلى (381 - يىلى)

سۇلى بەگلىكى بىلەن پىشامشان، ئۇدۇن بەگلىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئالدىنقى چىن ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى. غەربىي يۇرتتىن كۆسەن بەگلىكىلا كۆيخۇلارغا تايىنىپ، ئالدىنقى چىن بەگلىكىگە بويسۇنمىدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 8 - يىلى (383 - يىلى)

ئالدىنقى چىن سانغۇنى لۈ گۇاڭ پەرمانغا ئاساسەن لەشكەر تارتىپ كۆسەنگە جازا يۈرۈشى قىلدى. كۆسەن بېگى بوچۇن كۆيخۇ بەگلىكىگە قېچىپ بېرىۋالدى. شۇ يىلى ئالدىنقى چىندىن فۇ جيەن لەشكەر باشلاپ جىن سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، فېيشۈيدە قاتتىق مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بەگلىك كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 10 - يىلى (385 - يىلى)

ئالدىنقى چىن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لياڭ شى ئالدىنقى چىن بەگلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، خان بولۇش ئارزۇسىدا بولۇپ، خان جەمەتىدىكى فۇ لۇنى ئۆلتۈردى. لۇ گۇاڭ كۇسەندىن شەرققە قايتقاندا لياڭ شى لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. لۇ گۇاڭ لياڭ شىنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋۇۋېي شەھىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى» دەپ جاكارلىدى. كېيىنكى يىلى لۇ گۇاڭ ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلاپ، كېيىنكى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. سۇلى قاتارلىق بەگلىكلەر ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى شياۋ ۋۇدى زامانىنىڭ تەييۈەن 19 - يىلى (394 - يىلى)

كېيىنكى لياڭ بەگلىكىنىڭ خانى لۇ گۇاڭنىڭ چوڭ ئوغلى لۇ فۇ تۇتۇقلۇققا تەيىنلەندى. قاشقوۋۇقنىڭ غەربىدىكى لەشكىرىي ئىشلار، غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى، قوچۇ ۋە سۇلى قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى خانى ئەندى زامانىنىڭ لۇڭئەن 4 - يىلى (400 - يىلى)

راھىب فاشيەن نوم ئېلىش ئۈچۈن غەربكە ماڭغاندا، بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى لىچخەۋىز قاتارلىق بەگلىكلەردىن ئۆتتى.

شۇ يىلى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لى سۇڭ ئۆزىنى «لياڭ بېگى» دەپ ئاتاپ، غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرمۇ غەربىي لياڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى مىڭ يۈەندى زامانىنىڭ تەيچاڭ 6 ـ يىلى (421 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا شىمالىي لياڭدىن قۇتقۇ مۇڭگسۇن لەشكەر تارتىپ دۇنخۇاڭنى ئېلىپ، غەربىي لياڭ بەگلىكىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى مىڭ يۈەندى زامانىنىڭ تەيچاڭ 7 ـ يىلى (422 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا سۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر شىمالىي لياڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە سوڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەي ۋۇدى زامانىنىڭ تەييەن 1 ـ يىلى (435 ـ يىلى)

سۇلى، كاۋانتا، كۇسەن، ئۇسۇن، پىشامشان، كىنگىت، ياپبان، قۇس، سوغدىدىن ئىبارەت توققۇز بەگلىك شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. شۇ چاغلاردا كۆكئارتنىڭ شەرقىي قىسمىدا كاۋانتا بەگلىكى بارلىققا كەلدى (تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدە).

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەي ۋۇدى زامانىنىڭ تەييەن 2 ـ يىلى (436 ـ يىلى)

سۇلى نەغمىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەي ۋۇدى زامانىنىڭ تەييەن 3 ـ يىلى (437 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا سۇلى، كاۋانتا ۋە كۇسەن، ئۇسۇن، كىنگىت، پىشامشان، ياپبان، قۇس، سوغدىدىن ئىبارەت توققۇز بەگلىك يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالمىشىش مۇنبىرى
www.uyghurkitap.com

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. تەي ۋۇدى ئاتلىق ياندىش ئامبال دۇڭ ۋەن، گاۋ مىڭ قاتارلىقلارنى سوۋغا - سالاملار بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەي ۋۇدى زامانىنىڭ تەييەن 5 - يىلى (439 - يىلى)

سۇلى، كاۋانتا، كۆكيار، پىشامشان، كۇسەن، سوغدى قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى. جۇجۇق سۇلى بەگلىكىدىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى بەگلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكى بۈگۈنكى يەكەن بىلەن قاغىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.

شۇ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي لياڭ بەگلىكىنى يوقاتتى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەي ۋۇدى زامانىنىڭ تەيپىڭ جىنجۈن 10 - يىلى (449 - يىلى)

11 - ئايدا سۇلى، كۇسەن، فەرغانە قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېن چېڭدى زامانىنىڭ شىنئەن 2 - يىلى (453 - يىلى)

3 - ئايدا سۇلى بەگلىكى ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

8 - ئايدا كاۋانتا بەگلىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېن چېڭدى زامانىنىڭ شىنگۇاڭ 2 - يىلى (455 - يىلى)

10 - ئايدا سۇلى، پېرسىيە پادىشاھلىقلىرى بىرلىكتە

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېن چېڭدى زامانىنىڭ خېپىڭ 3 ـ يىلى (462 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا سۇلى، كاۋانتا، كۆكيار، سىغنان قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. سۇلى بېگى ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى ۋېن چېڭدىغا ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز كېلىدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان «ساكيامۇنى كاساياسى» دىن بىرنى ئەۋەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ھەيران قېلىشتى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېن چېڭدى زامانىنىڭ خېپىڭ 5 ـ يىلى (464 ـ يىلى)

سۇلى، كاۋانتا، كۆكيار، دىجاگخانىيان قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلىشتى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى شيەن ۋېندى زامانىنىڭ خۇاڭشىڭ 4 ـ يىلى (470 ـ يىلى)

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى نەنئەن بېگى يۈەن جېننى لياڭجۇ ئايمىقى، غەربىي يۇرتنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرى ۋە غەربىي يۇرت چېرىكچىسىنى باشقۇرۇپ، لياڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. سۇلى، كاۋانتا، كۆكيار قاتارلىق بەگلىكلەر نامدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئەلچى چېرىكچىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى شياۋ ۋېندى زامانىنىڭ تەيخې 11 ـ يىلى (487 ـ يىلى)

قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جۇرجانلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدى. سەردارى ئاپۇغۇر ئىنىسى چۇنچى بىلەن 100 نەچچە مىڭ تۇتۇننى باشلاپ، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، قۇسلارنىڭ غەربىي شىمالىدا (بۇگۇنكى ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدا) قاڭقىللار دۆلىتىنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپۇغۇر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كىنگىت، كۇسەن، پىشامشان، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇردى. كېيىن ئۇلار بۆلۈنۈپ كەتتى، ئاپۇغۇر تەگرىتېغىنىڭ شىمالىنى، چۇنچى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىدى. سۇلى، كۆكيار قاتارلىق بەگلىكلەر بىرمەھەل قاڭقىللار دۆلىتىگە قارىدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى شۇەن ۋۇدى زامانىنىڭ جېڭشى 1 - يىلى (504 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە)**

ئېفتالىتلار شەرقتە قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، كىنگىتكىچە كېلىپ چۇنچىنى ئۆلتۈردى. سۇلى، كاۋانتا، كۆكيار قاتارلىق بەگلىكلەر ئېفتالىتلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

سۇلىلىق راھىب دارماناندى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېرىپ بۇددىزمنى تارقاتتى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى شياۋ مىڭدى زامانىنىڭ شېنگۇي 2 - يىلى (518 - يىلى)**

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن ھىندىستانغا نوم ئېلىشقا ماڭغان ئەلچى سۇڭ يۈن بىلەن خۇي شىڭ كۆكيار بەگلىكىگە كەلدى، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا كاۋانتا بەگلىكىگە كەلدى.

**غەربىي ۋېي سۇلالىسى خانى فېيدى زامانىنىڭ 1 - يىلى (552 - يىلى)**

تۈركلەر جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمال تەرەپنى بىرتۇتاش باشقۇردى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي،

تۈركلەرنىڭ سەردارى تۇمەن (ئىلىكخان) ئىنىسى ئىستەمىنى 10 سەركەردە، 100 مىڭ لەشكەر بىلەن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تىنچىتتى. سۇلى، كۆكيار قاتارلىق بەگلىكلەر ئۇنىڭغا بېقىندى.

سۈي سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىنىڭ كەيخۇاڭ 1 - يىلى (581 - يىلى)

قىشتا جەنۇبىي ھىندىستانلىق داڭلىق راھىب دامىجدۇ ئۈچ كىشىنى باشلاپ سۇلى بەگلىكىگە كەلدى، ئۇ بۇ يەردە ئىككى يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ، ھىنايانا مەزھىپى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

سۈي سۇلالىسى خانى ۋېندى زامانىنىڭ كەيخۇاڭ 3 - يىلى (583 - يىلى)

تۈركلەرنىڭ غەربتىكى خاقانلىرىدىن تاردۇش خاقان بىلەن چوڭ خاقان ئىشبارا تەخت تالاشتى، شۇنىڭ بىلەن خانلىق پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى، سۇلى، كۆكيار، كاۋانتا قاتارلىق بەگلىكلەر بۇنىڭغا بېقىندى.

سۈي سۇلالىسى خانى ياڭدى زامانىنىڭ دايې 5 - يىلى (609 - يىلى)

سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بالقاش كۆلى، پىشامشان، چۇرچان ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. ياڭدى خان غەربنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىپ خېشى كارىدورىدىكى جاڭيېغا كەلگەندە، سۇلى بەگلىكى ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەر ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

سۈي سۇلالىسى خانى ياڭدى زامانىنىڭ دايې 11 - يىلى (615 - يىلى)

1 - ئايدا سۇلى، ئۇدۇن، بۇخارا، تۈرك قاتارلىق ئەللەر ئەلچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى. شۇ چاغدا غەربىي تۈركلەر سۇلىغا تۇتۇقبەگ ئەۋەتىپ، دۆلەتكە باج - سېلىق تاپشۇرۇشنى نازارەت قىلدى. سۇلى بېگىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئالپ ئىلتەبىر» دەپ نام بەردى، كېيىن قىزىنى سۇلى بېگىگە ياتلىق قىلدى.

# تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق دەۋرلىرى

## (مىلادىيە 618 ـ 960 ـ يىلىغىچە)

تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى)

سۇلى، كاۋانتا قاتارلىق بەگلىكلەر چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېسىل سوۋغىلار، داڭدار ئاتلارنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئولپان تاپشۇرۇش ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ جېنگۇەن 10 ـ يىلى (636 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا سۇلى بېگى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. 12 ـ ئايغىچە كۆكيارمۇ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتتى.

تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ جېنگۇەن 18 ـ يىلى (644 ـ يىلى)

ئەتىيازدا تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ قايتىشىدا كاۋانتا، سۇلى، كۆكيار بەگلىكىدىن ئۆتتى.

تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ جېنگۇەن 20 ـ يىلى (646 ـ يىلى)

غەربىي تۈرك قاغانى ئىلبىلگەشىر تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى ھەمدە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

تۇغقۇز كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەيزۇڭ خان گەرچە توي ئىشىغا ماقۇل دېگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈركلەردىن كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، كۆكيار، كاۋانتادىن ئىبارەت بەش بەگلىكنى تويلۇق ئورنىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەيزۇڭ خان ئۆلۈپ كەتكەچكە قۇدىلىشىش ئىشقا ئاشمىدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ يۈڭخۈي 2 - يىلى (651 - يىلى)

1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق تۇتۇقبېگى ئاشنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى مىڭبۇلاقتا ئوردا قۇردى ۋە ئۆزىنى «نۇۋارئىشبارا قاغان» دەپ جاكارلىدى. سۇلى قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتتى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شيەنچىڭ 3 - يىلى (658 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاشنا قۇلى توپىلىڭىنى تىنچىتتى.

5 - ئايدا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە يۆتكەلدى ھەم سۇلى، كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىت، قوچۇدىن ئىبارەت بەش تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلارنى باشقۇرىدىغان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتنى قوغداشقا قالدۇرۇلدى. كىنگىت، ئۇدۇن، كۇسەن، سۇلىلار تۆت قورغان قىلىندى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىلى (659 - يىلى)

9 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى سۇلى، كۆكيار، شاش، ماغيان، كۇشان، ئۆرەتۆپە، فەرغانە قاتارلىق جايلاردا تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماق - ناھىيىلەردىن 127 نى تەسىس قىلدى.

11 ـ ئايدا ئىزگىل كۆل ئېركىن تۇمەننىڭ يېتەكلىشى بىلەن سۇلى، كۆكيار، كاۋانتادىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى سول قانات سانغۇن سۇ دىڭفاڭنى سىلاۋچېبەگ سۇپىتىدە توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ ناھايىتى تېزلا تىنچىتىلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ لۇڭشو 2 ـ يىلى (662 ـ يىلى)

12 ـ ئايدا سۇ خەيچېڭ يارلىققا بىنائەن كۇسەن بىلەن سۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. قوشۇن قايتىپ كېلىۋېتىپ سۇلىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۇنەس قەبىلىسى تۇبۇتلەر قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. سۇ خەيچېڭ ئۇرۇش قىلىش تۈگۈل نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بېرىۋېتىپ قايتىپ كەلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ لىندې 2 ـ يىلى (665 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا تۇبۇتلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ كۇنەس قەبىلىسى سەركەردىلىرى ۋە سۇلى بەگلىكى سەركەردىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى قوچۇ تۇتۇقى سۇي جېبىيەن، سول قول ياساۋۇل سانغۇن ساۋ جىشۇلارغا لەشكەر چىقىرىپ تۇبۇتلەرگە زەربە بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى، تۇبۇتلەر تارمار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 1 ـ يىلى (670 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى بېسىۋالدى، يەنە ئۇدۇن ئارقىلىق كۇسەن بەگلىكىنىڭ بارخان شەھىرى (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى)نى ھۇجۇم قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىنىۋالدى. ئۇردا كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، كىنگىتتىن ئىبارەت تۆت قورغاننى ئەمەلدىن قالدۇردى.

تاڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 4 - يىلى (673 - يىلى)

كۇنەس قەبىلىسى جەنۇبتا تۇبۇتلەر، شىمالدا ياغمىلار بىلەن بىرلىشىپ، سۇلىغا تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. ئۇردا ھۇدەيچى شياۋ سىيېنى شەرقىي تۈرك قوشۇنىنى باشلاپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى.

12 - ئايدا شياۋ سىيېنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، كۇنەس قەبىلىسىدىكىلەر قورقۇپ، سۇلى بىلەن بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىمنامە تاپشۇردى.

ۋۇ زېتيەن زامانىنىڭ تيەنشۇ 1 - يىلى (690 - يىلى)

ۋۇ زېتيەن پۈتۈن مەملىكەتكە «دايۈن نومى»نى تارقىتىپ ھەممە ھەرقايسى ئايماقلارغا دايۈن ئىبادەتخانىسى سېلىش پەرمانى چۈشۈردى. كېيىن سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى ئۇردا شەھىرى ئەتراپىدا دايۈن ئىبادەتخانىسىدىن بىرنى سالدى، ئۇ ئۆز كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن غەربىي يۇرتقا تونۇلدى.

ۋۇ زېتيەن زامانىنىڭ چاڭشۇ 1 - يىلى (692 - يىلى)

10 - ئايدا ۋۇۋېي ھەربىي باش بۇغى ۋاڭ شياۋجيې بىلەن سول قانات ياساۋۇل باش سانغۇن ئاشنا سادىق زور قوشۇن بىلەن تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، سۇيابتىن ئىبارەت تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى.

ۋۇ زېتيەن زامانىنىڭ شېڭلى 1 - يىلى (698 - يىلى)

سۇلى خانى پېي يىجيەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

تاڭ سۇلالىسى خانى جۇڭزۇڭ زامانىنىڭ جىڭلۇڭ 2 - يىلى (708 - يىلى)

11 - ئايدا تۈركەش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ساغى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى «قاغان» دەپ جاكارلاپ، 20 مىڭ ئاتلىق لەشكەر چىقىرىپ، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ئەنشىگە ھۇجۇم قىلدى. 5000 چەۋەنداز بىلەن سۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەنشىنىڭ باش قورۇقچىبېگى گو يۈەنجېننى قىزىل دەرياسى بويىدا قاپسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى يازدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ساغى تەسلىم بولدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا «ئىتائەتمەن قاغان» دەپ نام بەردى. ساغى قوشۇن چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئەنشىدىكى تۆت قورغان تىنچلىنىپ، قىزىل دەرياسىدىكىلەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى (719 - يىلى)

سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن، كىنگىتتىن ئىبارەت «تۆت قورغان» يارلىقىغا بىنائەن غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەردىن باج ئالدى. سۇلى بەگلىكىدە چېگرىدىن كىرىپ چىقىش سودا بېجى ئېلىنىپ، سۇلى قورغىنىنىڭ لەشكىرىي ئىشلار خىراجىتىگە ئىشلىتىلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 10 - يىلى (722 - يىلى)

9 - ئايدا تۈبۈتلەر كىچىك بولۇر (ھازىرقى كەشمىر) غا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇنىڭ خانى مۇ جىماڭ بېشبالىق ھىراۋۇلى جاڭ شياۋسۇڭدىن ياردەم سورىدى. جاڭ شياۋسۇڭ سۇلىنىڭ نائىب ئەلچىسى جاڭ سىنى 4000 چەۋەنداز بىلەن ئەۋەتتى. تۈبۈتلەر تارمار بولۇپ، كىچىك بولۇر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 15 ـ يىلى (727 ـ يىلى)

راھىب خۈيچاۋ ھىندىستاندىن قايتىشىدا كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، كۆكئارت قورغىنى ئارقىلىق سۇلىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ نامىنى «كاشغەر» دەپ خاتىرىلىگەن.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 16 ـ يىلى (728 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا ئوردا ئەدلىيە ۋەزىرى چياۋ مىڭسۇڭنى ھۇدەيچى ئەدلىيە ۋەزىرى قىلدى، ئۇ خانىنىڭ تەمتىكىنى ئېلىپ، سۇلى تۇتۇقى ئاموجىپېيئەندىگگە «سۇلى بېگى» دېگەن نامنى بەردى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 27 ـ يىلى (739 ـ يىلى)

8 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق ھىراۋۇل گەي جيايۈن سۇلى باسقاۋۇلى بىلەن فەرغانە بېگى ئارسلان تارخان قاتارلىقلارنىڭ لەشكەرلىرىنى يېتەكەپ، تالاس (ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئەتراپىدا) قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، تۈركەشلەرنىڭ قاغانى ناۋاتېكىن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى سۇلۇخاتۇننى قولغا چۈشۈردى. شۇ يەردە قەلئە ياساپ، تاڭ سۇلالىسىگە قايتىدىغان يارغول مەلىكىسىنى كۈتۈۋالدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن 29 ـ يىلى (741 ـ يىلى)

تېلېلارنىڭ تارشى قەبىلىسى قوزغىلىپ، قاراتاغدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سۇياب قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. شۈەنزۇڭ خان سۇلى باسقاۋۇلىنى قول ئاستىدىكى سانغۇنى گاۋ شيەنجىگە قوشۇن باشلاتقۇزۇپ، تارشى قەبىلىسىنى تارمار قىلدۇرۇشقا بۇيرۇدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (722 ـ 732 ـ يىللىغىچە)

تاڭ سۇلالىسى كاۋانتادا كۆكئارت بوقالى تەسىس قىلدى. بۇ غەربتىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ھەربىيلەر تۇرۇشلۇق جاي بولدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ تيەنباۋ 6 ـ يىلى (747 ـ يىلى)

7 ـ ئايدا تۇبۇتلەر كىچىك بولۇرنى قوزغىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ئورۇنباسار ھىراۋۇلى گاۋ شيەنجى سۇلىنىڭ بوقالى جاۋ چوڭسى قاتارلىقلارنىڭ پىيادە، ئاتلىق لەشكەرلىرىدىن 10 مىڭ كىشىنى باشلاپ، سۇلىدىن يولغا چىقىپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، كىچىك بولۇرغا جازا يۈرۈشى قىلدى. تۇبۇتلەرنىڭ ليەنيۈن، ئانۇيۈ قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلدى. تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، كىچىك بولۇر خانى ھەم تۇبۇتلەرنىڭ مەلىكىسىنى تۇتۇۋېلىپ قايتىپ كەلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ تيەنباۋ 12 ـ يىلى (753 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا سۇلى بېگى پېي گولياڭ ياۋجيەن ئايمىقىنىڭ ئەمىر لەشكىرى سۈيىتىدە ئوردىغا سالامغا باردى. ئوردا ئۇنىڭغا «ھۆججەتچى نۆۋكەرلەر كاھبېگى» دېگەن نامنى بەردى ھەم ئۇنىڭغا سۆسۈن تون بىلەن ئالتۇن بېلىق سوۋغا قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ جېنيۈەن 5 ـ يىلى (789 ـ يىلى)

راھىب ۋۇكوڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ قايتىشىدا سۇلىغا كېلىپ، سۇلى بېگى، باش تۇتۇقبەگ پېي لېڭلېڭ ھەمدە سۇلى باسقاۋۇلى لۇ ياڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلى قولدىن كېتىپ، تۇبۇتلەرگە ئۆتۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

تاڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنخې 6 - يىلى (811 - يىلى)نىڭ ئالدى - كەينىدە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادالەت قوچقان خاقانى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ فەرغانىگىچە كېڭەيدى، سۇلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

تاڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنخې 15 - يىلى (820 - يىلى)

چاڭئەن شىمىلىك ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى سۇلىلىق خۇيلىن (737 - يىلى تۇغۇلغان) چاڭئەندە ئۆلدى. خۇيلىن 13 يىل سەرپ قىلىپ، يۈەنخې 5 - يىلى (810 - يىلى) «نوملار شەرھى» دېگەن 100 جىلدلىق كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزدى. بۇ كىتاب ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

تاڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى (840 - يىلى)

ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، بۈگۈنكى قەشقەر تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشتى. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندا، بۇ دائىرە خانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ قالدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى جاۋزۇڭ زامانىنىڭ جىڭفۇ 2 - يىلى (893 - يىلى)

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بىلگە كۆل قادىرخان ئۆلدى. چوڭ ئوغلى بازىرخان خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتاپ، بالاساغۇندا تۇردى (قىرغىزىستاندىكى

توقماقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا). ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق ئورۇنباسار قاغان بولۇپ، ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتاپ، تالاستا تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ قاغانى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ قوشۇنى قاراخانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تالاس قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. ئوغۇلچاق قالدۇق لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە چېكىنىپ كېلىپ، بۇ يەرنى خانلىق پايتەختى قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى جاۋزۇڭ زامانىنىڭ تيەنفۇ 4 - يىلى (904 - يىلى)

ئوغۇلچاق قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ، سامانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلالمىدى.

تاڭ سۇلالىسى خانى يۈەندى زامانىنىڭ تيەنيۇ 4 - يىلى (907 - يىلى)

سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولۇپ، خان جەمەتىدىن ناسىر ئىبنى مەنسۇر قەشقەرگە قېچىپ كەلدى، ئوغۇلچاق ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاتۇشتا مەسچىت سېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇتۇق ئىبنى ناسىرنىڭ باردى - كەلدىسى قويۇقلاشتى، سۇتۇق ئىسلامغا كىردى، شۇنىڭ ئىبنى تاغىسى ئىبنى بولغان زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.

كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى خانى مودى زامانىنىڭ جېنمىڭ 1 - يىلى (915 - يىلى)

سۇتۇق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈردى، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ، «بۇغراخان» دەپ جاكارلىدى. سۇتۇق خان بولغاندىن كېيىن خانلىقتا ئىسلام دىنىنى كۈچەپ يولغا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى خانى مىڭزۇڭ زامانىنىڭ تيەنچېڭ 5 - يىلى (930 - يىلى)

سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، سامانىيلار خانلىقىدىن كونا پايتەختى تالاسنى تارتىۋالدى. كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ساچىيە» (نۇرلۇق) مەدرىسەسىنى سالدۇرۇپ، مۇدەررىس، تالىپ ۋە تېۋىپلارنى تەربىيىلىدى.

كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى خانى مىڭزۇڭ زامانىنىڭ چاڭشىن 4 - يىلى (933 - يىلى)

6 - ئايدا سۇتۇق بۇغراخان ئەلچى ئەۋەتىپ قىتان (لياۋ) خانلىقىغا ئولپان تاپشۇردى.

كېيىنكى جىن سۇلالىسى خانى گاۋزۇ زامانىنىڭ تيەنفۇ 5 - يىلى (940 - يىلى)

2 - ئايدا قىتانلار قاراخانىيلار خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۈمىكى قەشقەرگە كېلىپ، ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ دۆلىتىگە قايتتى.

كېيىنكى جىن سۇلالىسى خانى گاۋزۇ زامانىنىڭ تيەنفۇ 7 - يىلى (942 - يىلى)

سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بالاساغۇندىكى ھۆكۈمرانلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بالاساغۇن قاغانى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا تەلىپى ئىشقا ئاشمىدى. سۇتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى ئىگىلىدى.

كېيىنكى جۇ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ شيەندې 2 ، 3 - يىللىرى (955 - ، 956 - يىللىرى)

سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاتۇشقا دەپنە قىلىندى.

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بىننى ئابدۇكېرىم (ئەسلىي ئىسمى بايتاش) خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىدى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوردا تېۋىپى ئىمامىدىن قەشقەرى «شەرھى ئەلقانۇن»نى يېزىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرى

## (مىلادىيە 960 ـ 1368 ـ يىللىغىچە)

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ جيەنلۇڭ 1 ـ يىلى (960 ـ يىلى)

قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. خۇراسانلىق ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى دىندار ئوبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامەتى قەشقەرگە كېلىپ، خانغا ياردەملىشىپ خانلىق تەۋەسىدە دىن تارقاتتى. شۇ يىلىلا 200 مىڭ تۈتۈنلۈك تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئەسلىي دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا كىردى. ئىككىنچى يىلى قەشقەرنىڭ مەركىزىدە تۇنجى خانلىق مەدرىسە ۋە خانلىق قىرائەتخانا قۇرۇلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ كەيباۋ 4 ـ يىلى (971 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا قىتانلار فېڭ ئېنى قاراخانىيلار خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇدۇن لى جەمەتى خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. شۇ يىلى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ راھىبى جىشياڭ ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ سۇڭ ئوردىسىغا بارغاندا، «قەشقەرنى تارمار قىلغاندا ئوسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر پىل قولغا چۈشتى، بۇ پىلنى خانغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىمىز» دېدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ كەيباۋ 6 - يىلى (973 - يىلى)

5 - ئايدا مۇسا ئارسلانخان قىتان ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

مۇسا ئارسلانخان قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئەلى خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 3 - يىلى (978 - يىلى)

5 - ئايدا قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ قىتان ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

شۇ يىلى ئۇدۇن بەگلىكى قاراخانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەلى ئارسلانخان لەشكەر تارتىپ چىقىپ، قەشقەر سېپىلى ئاستىدا دۈشمەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار دېگەن يېرىگىچە قوغلاپ زەربە بەردى. ئىككى تەرەپ يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ قايتىپ كەتتى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ چۈنخۇا 1 - يىلى (990 - يىلى)

6 - ئايدا قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ قىتان ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ چۈنخۇا 2 - يىلى (991 - يىلى)

ئەلى ئارسلانخان قەشقەردىن خانلىقنىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى ھەسەن بۇغراخانمۇ بالاساغۇندىن لەشكەر تارتىپ ماسلىشىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارا ھەمدە داڭلىق شەھەر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ زامانىنىڭ جىداۋ 2 - يىلى (996 - يىلى)

قەشقەردىكى بۇددا مۇرىتلىرى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەرنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئارسلانخان ماۋارائۇننەھردە تۇرۇۋاتقان ئاساسىي كۈچىنى يۆتكەپ توپىلاڭنى تىنچىتتى. بىر قىسىم بۇددا مۇرىتلىرى ئۇدۇنغا قېچىپ كەتتى.

11 - ئايدا ئەلى ئارسلانخان قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوغلى ئۈچۈن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. قىتان خانى يوللىغ لۇڭشۇ قوشۇلمىدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنپىڭ 1 - يىلى (998 - يىلى)

ئۇدۇن بەگلىكى قاراخانىيلار لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇرۇش قىلىۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. كېيىن قاراخانىيلار لەشكەرلىرى شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئىككى تەرەپ بوگۇنكى يېڭىسارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئوردام ئەتراپىدا كەسكىن جەڭ قىلىشتى. ئەلى ئارسلانخان بۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد بىننى ئەلى خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «توغانخان I» دەپ جاكارلىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى قەشقەرنى يەنە ئىگىلىدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنپىڭ 2 - يىلى (999 - يىلى)

قاراخانىيلارنىڭ ئۇرۇنباسار خاقانى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، 140 مىڭ لەشكەر توپلاپ، ئۇدۇنلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ جىڭدېي 1 - يىلى (1004 - يىلى)

يۈسۈپ قادىرخان توغانخان I نى بالاساغۇنغا ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى قەشقەرنى تىزگىنلىۋالدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ جىڭدېي 2 - يىلى (1005 - يىلى)

4 - ئايدا قاراخانىيلار خانلىقى قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. 7 - ئايدا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ جىڭدېي 3 - يىلى (1006 - يىلى)

يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ، جەنۇبقا بېرىپ، ئۇدۇن بەگلىكىنى يوقاتتى. ئىسلام دىنىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغىچە تارقاتتى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 2 - يىلى (1009 - يىلى)

3 - ئايدا ئۇدۇن خانى (قاراخانىيلار خاقانى) بويلاساغۇن قاتارلىقلارنى سۇڭ سۇلالىسىگە تارتۇق قىلىشقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەم سۇڭ سۇلالىسىدىن ئۇدۇنغا ئەلچى ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇننىڭ نامىدا ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ تيەنشىڭ 3 - يىلى (1025 - يىلى)

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لومىيەنگەندو، ئورۇنباسار ئەلچى ئەندۇ، باش نازىر جاۋدولارنى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، قاشتېشى ئېگەر، قايچا، تاۋار - دۇردۇن، ئېپار، نۇشۇدۇر، نارتۇگە قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى قاراخانىيلار خانلىقىغا جەڭ كىيىمى، ئالتۇن كەمەر، 100 سەر كۈمۈش، 200 قۇر كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلدى. لومىيەنگەندوغا ئالتۇن كەمەر ھەدىيە قىلدى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ تيەنشېڭ 7 - يىلى 1029 - يىلى)

يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، توغان خاقان IIنى مەغلۇپ قىلىپ بالاساغۇننى ئىگىلەپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى بولدى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ مىڭداۋ 1 - يىلى (1032 - يىلى)

قىشتا يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى، چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىننى يۈسۈپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىدى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ كاڭدىڭ 1 - يىلىدىن چىڭلى 1 - يىلىغىچە (1040 - ، 1041 - يىللىرى)

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئامۇ دەرياسى رايونىدىكى ھۆكۈمرانى ئىبراھىم ئىبنى ناسىر شەرقىي قىسمىدىكى خاقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى «تابغاچ بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىبراھىم لەشكەر چىقىرىپ بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنى شەكىللەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي خانلىق ۋە غەربىي خانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي

خانلىق قەشقەرنى مەركەز قىلدى. خانلىقتا ھەسەن جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قەشقەر، تالاس، ئىسپىجاپ، تاشقورغان، فەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى، يەتتەسۇ ۋادىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالدى. غەربىي قاراخانىيلارغا ئەلى جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بۇخارانى پايتەخت قىلىپ، ئامۇ دەرياسى رايونى ۋە فەرغانىنىڭ غەربىي قىسىملىرىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ چىڭلى 3 - يىلى (1043 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىدىن سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەردە كېڭەش چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەر ۋە بالاساغۇن رايونىغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئىنىسى ياغان تېكىنىنىڭ تالاس ۋە ئىسپىجاپ شەھىرىنى، ئۇچىنچى ئىنىسى ئارسلان ئىلكىنىڭ پامىرنىڭ غەربىي رايونلىرىنى، تاغىسىنىڭ فەرغانە رايونىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

شۇ يىلى تەخمىنەن 10 مىڭ چېدىرلىق قىتان قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار پات - پات كېچىدە قەشقەر ۋە بالاساغۇن رايونلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ چىڭلى 5 - يىلى (1045 - يىلى)

11 - ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ خۇاڭيۇ 4 - يىلى (1052 - يىلى)

11 - ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، داڭلىق ئات، يىلپىز سوۋغا قىلدى. كېيىنكى يىلى 2 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايدا قوشنا ئەللەر تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن، ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جىيايۇ 2 - يىلى (1057 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. سۇلايمان يېڭىلىپ ئەسىرگە ئېلىندى. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ قەشقەردە تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتىدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جىيايۇ 3 - يىلى (1058 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇغراخانى مۇھەممەد تەختنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. خوتۇنى كىچىك ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى نۇرغۇن ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. ھۈسەيىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرگەردان بولۇپ يۈردى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جىيايۇ 4 -، 5 - يىللىرى (1059 -، 1060 - يىللىرى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئىبراھىم ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بارسخان قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ قەلئەنىڭ ھۆكۈمرانى ئىنال تېكىن ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىبراھىمنىڭ ئۈچىنچى تاغىسى مەھمۇد بىننى يۇسۇپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «توغرۇل قاراخان» دەپ ئاتىدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جىيايۇ 8 ـ يىلى (1063 ـ يىلى)

8 ـ ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى بويلاساغۇننى ئەلچى قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى.

11 ـ ئايدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى توغرۇل قاراخان مەھمۇدقا «سادىق، ئىتائەتمەن قاراخان» دەپ نام بەردى. ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئايدا بويلاساغۇن ئېلىگە قايتىش چېغىدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 1 ـ يىلى (1068 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئىبراھىم تابغاچ بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭ ئوغلى ناسىر بىننى ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى توغرۇل قاراخان مەھمۇد ناسىر خانغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجەنتنى پاسىل قىلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 2 ـ يىلى (1069 ـ يىلى)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ، ئۇنى خانلىقنىڭ ئورۇنباسار خانى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلدى. خان ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» مەرتىۋىسىنى بەردى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى جەمئىي 85 باب، 13 مىڭ 290 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، بەختكە ئىنتىلىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەقىل - پاراسەتلىك، قانائەتچان تۈت پېرسوناژنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى بايان قىلىنغان. ئۇ پەلسەپە، لوگىكا، ئەخلاق، ئېستېتىكا، سىياسىي، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 4 - يىلى (1071 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ نامىدا باش سەردار چۇجىننى ئەلچى قىلىپ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، ئۈنچە - مەرۋايىت، پىل چىشى، مەستىكى رۇمى، مارجان، گۇللۇك رەخت، نۈشۈدۈر، تۇز، دورا ماتېرىياللىرى، تۆمۈر ساۋۇت - دۇبۇلغا، ئات قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 5 - يىلى (1072 - يىلى)

قىشتا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچى 44 مىڭ تىزىق قىممىتىدىكى 31 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك مەستىكى رۇمىنى ئېلىپ بېرىپ، 3000 تىزىق تۆۋەنلىتىپ دۆلەت خەزىنىسىگە سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا تەلىپى ئورۇندالدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 5 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە (1072 - 1074 - يىلىغىچە)

مەھمۇد كاشغەرىي باغدادتا ئەرەب تىلىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىقىپ، ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇقتەدىگە تەقدىم قىلدى. «دىۋان»دا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى ۋە شېۋىلىرى

خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ 200 نەچچە كۆپلىيت قەدىمىي شېئىر - قوشىقى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قامۇس خاراكتېرىدىكى ئەسەردۇر.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 6 - يىلى (1073 - يىلى)

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قاشتېشى، تاۋار - دۇردۇن، مەستىكى رۇمى، قۇستە، دېڭىز ئىتى چىۋىسى، گۈللۈك رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 7 - يىلى (1074 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ئاتان ئىنان سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ، قاشتېشى، مەستىكى رۇمى، سىماب، تۇز، ئىسرىق، نۆشۈدۈر، كەھرىۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى.

شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ توغرۇل قاراخانى مەھمۇد ئالەمدىن ئۆلتى، ئوغلى توغرۇل تېكىن ئۆمەر بىننى مەھمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلغىنىغا ئىككى ئاي بولغاندا، ئورۇنباسار قاغان ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخان ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «تابغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە مىسلىسىز گۈللەندى.

شۇ يىلى شەرقىي، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن فەرغانىنىڭ شەرقى قاراخانىيلار خانلىقىغا قارايدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ 10 - يىلى (1077 - يىلى)

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى بويلاسىغنان ساغۇننى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، قاشتېشى، تاۋار - دۇردۇن، ئېگەر - جابدۇق، ئات، مەستىكى رۇمى، قۇستە، مەرۋايىت، ئىسرىق، تۇز، مامىرانچىن قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ شىنىڭ يىللىرى (1068 — 1077 - يىلىغىچە)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئاز بولغاندا بىر - ئىككى يىلدا، كۆپ بولغاندا بىر يىلدا بىرقانچە نۆۋەت سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى. تاپشۇرغان نەرسىلىرى قاشتېشى، مەرۋايىت، مارجان، پىل چىشى، مەستىكى رۇمى، قۇستە، گۈللۈك رەخت، كىمخاب، نۆشۇدۇر، تۇز، ئات، دېڭىز ئىتى چىۋىسى، سىماب قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەنلەر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يارلىقى بويىچە كەلگەنلەر بولمىسىمۇ، سۇڭ ئوردىسى ئۇلارغا ئالتۇن كەمەر، پۇل، يىپەك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلاتتى. ئولپان تاپشۇرغىلى بارغانلار بۇلاردىن سىرت مەستىكى رۇمى قاتارلىقلاردىن كۆپلەپ ئالغاچ بېرىپ، ئىچكىرىدىكى سودىگەرلەرگە ساتاتتى ياكى ھۆكۈمەتكە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆپ نەپ ئالغىلى بولغاچقا، «ئولپان تاپشۇرغۇچىلار» بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى.

### شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 1 - يىلى (1078 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شېنزۇڭ خان چاي باشقۇرۇش مەھكىمىسىگە: «ئۇدۇن (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى) دىن

ئەلچىلىككە كەلگەنلەر چاي سېتىۋالسا باجنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باج پۇلى يىلللىق پۇلدىن چىقىرىۋېلىنسا بولىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 2 - يىلى (1079 - يىلى)

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «دەريا - يوللار تەپسىراتى» دا قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇدۇن (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى)دىن ئېلىپ كېلىنگەن ئولپانلاردا خانلىقنىڭ مۆھۈرى بېسىلمىغان بولسا قوبۇل قىلماي، يارلىق بىلەن ئەلچىلەردىن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئەگەر خانلىق جەزمەن ئولپان تاپشۇراتتۇق دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا يول قويساق بولىدۇ.»

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (1081 - يىلى)

1 - ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى.

7 - ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخان قەبىلە سەردارى ئاسىمدىن سۇڭ سۇلالىسىگە خەت ئەۋەتتى، خەت مۇنداق باشلانغان: «جانابلىرىنىڭ كەمىنىنى بەخت - سائادەتلىك، قۇدرەتلىك، بىلىملىك قاراخان دەپ ئاتىغانلىقلىرى ئۈچۈن بەختلىكمەن. بۇ خەتنى كۈنچىقىشتىكى دۇنيانىڭ ئۇلۇغ خوجىسى خەنزۇ ئاغا ئۆزلىرىگە يازدىم». خەتتە ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ رىشتىمىز چوڭقۇر باغلانغان، ئىلگىرى ئۈچ قېتىم سۇلالىرىگە ئەلچى ئەۋەتكەن بولساقمۇ ئەلچى قايتىپ كەلمىدى، دېيىلگەن. شېنزۇڭ خان بۇ ھەقتە يارلىق چۈشۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈپ، كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئىنئاملارنى ئېلىپ ئۆز ئەلىگە قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. يەنە ئاسمىدىن يول ئازلىقى، قانچە كۈن كېتىدىغانلىقى، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى يوللارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 5 - يىلى (1082 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىدىكى داڭلىق ئەدىب ئابدۇل غاپپار بىننى ھۇسەيىن قەشقەرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ «ئۇستازلار ماكانى» ۋە «تاۋارىخى كاشغەر» دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. «تاۋارىخى كاشغەر» يوقىلىپ كېتىپ بىرقانچە ئابزاسلا جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخىغا ئائىت بەزى ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 6 - يىلى (1083 - يىلى)

تاڭغۇتلار لەنجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ياللىۋالغان شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوت - چۆپ، ئاشلىق توشۇيدىغان ئادەملىرى بىلەن تۆگىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شېنزۇڭ خان بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغۇچىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

5 - ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق ئوردا تېۋىپى مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاقكېسەل، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن تونۇلغانىدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفېڭ 7 ـ يىلى (1084 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلدى. شېنزۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ، 1 مىليون 200 مىڭ تىزىق پۇل ئىنئام قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى قاراخانىيلار خانلىقى تەقدىم قىلغان شىر ئۈچۈن كۈمۈش، شايى ـ دۇردۇن ئىنئام قىلدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنيۇ 2 ـ يىلى (1087 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جېنزۇڭ خان مۇنداق يارلىق چۈشۈردى: قاراخان (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى) تاپشۇرغان ئولپان ئۈچۈن، بۇرۇنقى قائىدە بويىچە ئىنئام بېرىلىدۇ، مەيلى سوۋغا تەقدىم قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، ئوخشاشلا 300 مىڭ تىزىق پۇل ئىنئام قىلىنىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جېنزۇڭ خان شەرقىي قاراخانىيلار خاقانىغا ماددىي بۇيۇم ئىنئام قىلىش توغرىسىدىكى چارىنى بېكىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جېنزۇڭ خان: شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر خانلىقىنىڭ دەستىكى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە يىل ئاتلاپ بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرسا بولىدۇ، قالغان ۋاقىتلاردا شىجۇ، چىنجۇ ئايماقلىرىدا ئەركىن سودا قىلسا بولىدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنيۇ 4 ـ يىلى (1089 ـ يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى. سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە تۇرىدىغان ۋاقتىنىڭ 100 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىدى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنيۇ 7 - يىلى (1092 - يىلى)**

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىككى تۇركۇم ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ شىجۇ، چىنجۇ ئايماقلىرىدا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ شاۋشېڭ 3 - يىلى (1096 - يىلى)**

ئۇدۇن (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى) ئۇلپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچى لوخۇرۇلىنىمەي شاھزادە ئابدۇل مىجىتنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ باردى. مەكتۇپتا بەلگىلىمە بويىچە ئۇلپان تاپشۇرۇش ۋاقتى بولمىغان بولسىمۇ، ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتتىم، دېيىلگەن. سۇڭ ئوردىسى لوخۇرۇلىنىمەي قاتارلىقلارنىڭ پايتەختكە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى، ئۇلار بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئادەم ۋە ئۇلاغنىڭ سانىغا چەك قويمىدى. ئۇلپان تاپشۇرغۇچى بىلەن بىرگە كەلگەنلەرنىڭ ئوردىغا كىرمەي، شىجۇ ئايمىقىدا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇدۇن (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى) خانلىقىنىڭ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم خانىنىڭ مەكتۇپى بىلەن ئۇلپان تاپشۇرۇشقا كېلىشىنى، ئەگەر شىجۇ، چىنجۇ ئايماقلىرىدىلا سودا بىلەن شۇغۇللانسا، ۋاقتىنى چەكلىمەيدىغانلىقىنى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىشىنى، سۇڭ سۇلالىسى بەلگىلىمە بويىچە ئۇلپان

تاپشۇرغىلى كەلگەن ئەلچىلەرگە قايتىشىدا يارلىق چۈشۈرۈپ جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ شاۋشېڭ 4 ـ يىلى (1097 ـ يىلى)

ئۇدۇن شاھزادىسى ئابدۇل مىجىت سۇڭ ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، تاڭغۇتلار تەۋەسىدىكى كەنجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىغا ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سۇڭ خانى قوللايدىغانلىقىنى، ناۋادا ئۈچ قەلئەنى ئالالايدىغان بولسا، ئۇنى ئالاھىدە تارتۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ يىلى سۇڭ سۇلالىسى ئۇدۇن (شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى)، ئەرەب، فەرەڭ ئەللىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە يىل ئاتلاپ ئولپان تاپشۇرۇشنى بىكار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى جېنزۇڭ زامانىنىڭ يۈەنفۇ 1 ـ يىلى (1098 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى خۈيزۇڭ زامانىنىڭ چۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1103 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خاقانى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخان قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى ئەھمەد ھەسەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىدى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ داگۇەن 1 - يىلى (1107 - يىلى)**

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىدىن سۇڭ ئوردىسىغا تەبرىكلەشكە ماڭغان ئەلچىلەر فېڭشياڭ مەھكىمىسى تەۋەسىدىن ئۆتكەندە، ۋالىي ۋاڭ جيۇ ئەتراپلىق كۆتمىگەن. خان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ۋاڭ جيۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

2 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ جېڭخې 7 - يىلى (1117 - يىلى)**

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاراخانىيلار خانلىقى تارتۇقچى ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ جېڭخې 8 - يىلى (1118 - يىلى)**

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى. كېيىنكى يىلىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ شۈەنخې 6 - يىلى (1124 - يىلى)**

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ جيەنيەن 2 - يىلى (1128 - يىلى)

قىتان ئاقسۆڭەكى يۇللىغ تاشىن سانغۇنى ئەل ئاۋار (يەكچەشمە)نى قىتان قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى بىرقانچە كۈنلۈك جايدا قىتان قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئەل ئاۋارنى ئەسىرگە ئالدى.

شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئەھمەد ھەسەن ئارسلانخان قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى، ئوغلى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شاۋشىڭ 4 - يىلى (1134 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئىبراھىم قارلۇق، قاڭقىل قەبىلىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، قىتانلاردىن ياردەم سورىدى. گۇرخان يۇللىغ تاشىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالدى. شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئۇنىڭغا بېقىندى. يۇللىغ تاشىن ئىبراھىمنىڭ قاغان دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «تۈركمەن ئىلىكخان» (تۈركمەن قاغان) دېگەن ئاتاقنى بەردى. ئىبراھىم خان يەنىلا قەشقەردە قېلىپ، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىپ، قىتانلار ئۈچۈن باج يىغىشقا مەسئۇل بولدى. قىتانلار قەشقەرگە كەنجى باسقاق ۋە چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتتى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ شاۋشىڭ 28 - يىلى (1158 - يىلى)

غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى چاغرىخان ئەلى قارلۇقلارنىڭ سەردارىغا ھۇجۇم قىلغاندا، خارەزىم بەگلىكى قوشۇن چىقىرىپ قارلۇقلارغا ياردەم بەردى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈركمەن ئىلىكخانى ئىبراھىم قوشۇن چىقىرىپ غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىغا ياردەم قىلدى. كېيىن ئىككى تەرەپ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشتى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىبراھىم قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى ئەھمەد بىننى ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. قىتانلار ئۇنىڭغا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەسلىي قاغانلىق نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى خانى شاۋزۇڭ زامانىنىڭ لۇڭشىن 1 - يىلىدىن چيەنداۋ 4 - يىلىغىچە (1163 - 1168 - يىلىغىچە)

غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى قىتانلارنىڭ پەرمانى بويىچە سەمەرقەند رايونىدىكى قارلۇقلارنى قەشقەرگە بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغاندا، قارلۇقلارنىڭ قوراللىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. كېيىن قارلۇقلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى باستۇرۇلدى.

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

ئەما شائىر ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى ئەينى چاغدىكى قەشقەر تىلى بىلەن دىداكتىك داستان «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى يېزىپ چىقتى.

چىڭگىزخان زامانىنىڭ 1 - يىلى (1206 - يىلى)

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ قوشۇنلىرى بىلەن قىتانلارغا قارشى چىقتى. قىتان خانى گۇرخان مۇھەممەد خاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنى بالاساغۇنغا ئېلىپ بېرىپ نەزەربەند قىلدى.

چىڭگىزخان زامانىنىڭ 6 - يىلى (1211 - يىلى)

نايمان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۈچلۈك قىتان خانى

چۈرۈقىنى بالاساغۇندا «شاھىنشاھ» لىققا كۆتۈرۈپ، قىتانلار ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. كۈچلۈك مۇھەممەد بىنىنى يۈسۈپنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ھەمدە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ قەشقەرگىچە ئاپىرىپ قويدى. مۇھەممەد بىنىنى يۈسۈپ شەھەرگە كىرىش ۋاقتىدا شەھەردىكى ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن شەھەر قوۋۇقىدا ئۆلتۈرۈلدى، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى شۇنىڭ بىلەن يوقالدى.

### چىڭگىزخان زامانىنىڭ 8 - يىلى (1213 - يىلى)

كۈزدە كۈچلۈك شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى خاقانى مۇھەممەد ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى.

### چىڭگىزخان زامانىنىڭ 10 - يىلى (1215 - يىلى)

كۈزدە كۈچلۈك زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قەشقەر شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئېتىقادى ۋە كىيىنىشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى ھەم قەشقەردىن لەشكەر باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى.

### چىڭگىزخان زامانىنىڭ 12 - يىلى (1218 - يىلى)

چىڭگىزخان سانغۇنى جەبۇنويانىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالار قوۋۇقنى ئېچىپ قارشى ئالدى. كۈچلۈك ئۇرۇش قىلمايلا قېچىپ كېتىپ، ئاخىرىدا ۋاخان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تالاس تېغى جىلغىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. چىڭگىزخان قەشقەرگە بىر داروغاچ ئەۋەتتى. قەشقەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. كېيىن چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆرگەنچ شەھىرىدىكى كاتتا سودىگەر مەھمۇد يالۋاچنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخان زامانىنىڭ 20 - يىلىدىن يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جۇڭتۇڭ يىللىرىغىچە (1225 - 1264 - يىلىغىچە)

نېستورى مەزھەپىدىكى خرىستىئان دىندارلىرى غەربتە ئەرمىنىيە، پېرسىيە قولتۇقىدىن، شەرقتە خانبالىق (بېيجىڭ) قىچە بولغان رايونلاردا دىن تارقاتتى. قەشقەر بۇ دىنىنىڭ 19 - رايونى قىلىندى. شەھەردە باش دىندار ۋە چېركاۋلار بولدى.

ئۆگەدايخان زامانىنىڭ 1 - يىلى (1229 - يىلى)

ئۆگەدايخان يوللىغ چۇسايىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدا ئادەم بېشىغا باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەربىر ئادەمدىن يىلىغا ئىككى دەندىن ئاشلىق يىغدۇردى.

ئۆگەدايخان زامانىنىڭ 6 - يىلى (1234 - يىلى)

قەشقەر قاتارلىق جايلار مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

كۈيۈكخان زامانىنىڭ 1 - يىلى (1246 - يىلى)

كۈيۈكخان موڭغۇل خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى، مەسئۇدنىڭ قەشقەردىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى ئوخشاش ئېتىراپ قىلىندى. شۇ يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە مەسئۇد قەشقەردە مەسئۇدىيە مەدرىسەسىنى تەسىس قىلدى، تالىپى 1000 غا يەتتى.

مۆڭكۈخان زامانىنىڭ 1 - يىلى (1251 - يىلى)

6 - ئايدا موڭغۇل خانلىقى بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، مەسئۇد قاتارلىقلارنى دىۋان ۋازارىتىدە ۋەزىپىگە قويدى. شەرقتە ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ جايلار ھەمدە قەشقەر ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مۆڭكوخان زامانىنىڭ 5 ـ يىلى (1255 ـ يىلى)

مەسئۇد دىۋان ۋازارىتىنى سەمەرقەندكە يۆتكەپ كەتتى. قەشقەر ئۇنىڭ 3 ـ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جۇڭتۇڭ 1 ـ يىلى (1260 ـ يىلى)

چاغاتاي خانىنىڭ نەۋرىسى ئارغۇ تەختتە ئولتۇردى. ئارغۇ قەشقەردە 150 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قاراھىلاكۇنىڭ خوتۇنى ئۆرەگىنەنى قوغلاپ چىقاردى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جۇڭتۇڭ 4 ـ يىلى (1262 ـ يىلى)

5 ـ ئايلاردا ئارىغ بۇقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئارغۇنىڭ تەۋەلىكىدىن قوشۇنغا لازىملىق ماددىي ئەشيالارنى يىغىپ يۆتكىدى. ئارىغ بۇقا ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالدى. ئىككى تەرەپ جەڭ قىلدى. ئارغۇ كېيىن غەلىبە قىلدى. ئارىغ بۇقا زور قوشۇن بىلەن ئارغۇنىڭ ئىلىدىكى تۇرالغۇسىنى تارتىۋالدى. ئىككىنچى يىلىنىڭ باشلىرىدا ئارغۇ قەشقەرگە چېكىنىپ كەلدى. 4 ـ ئايلاردا ئارىغ بۇقا قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئارغۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ خوتەنگە چېكىنىپ كەتتى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جۇڭتۇڭ 6 ـ يىلى (1264 ـ يىلى)

قىشتا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جەتە قوۋمى قەشقەرگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاھالىنى ئۆلتۈرۈپ، 5000 دەك بالىنى ۋە بارلىق تىرىلغۇ كالىلىرىنى بۇلاپ كېتىپ، شەھەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 6 ـ يىلى (1269 ـ يىلى)

ئوگىداي خانلىقىدىن قايدۇ باشچىلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسىگە ئاسىي كۈچلەر تالاستا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قۇبلايغا قارشى ئىتتىپاق قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاسىيلار قوشۇنى غەربىي يۇرتتىكى خاقانىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونغا ھۇجۇم قىلدى، قەشقەر قاتارلىق جايلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 8 ـ يىلى (1271 ـ يىلى) دىن كېيىن

يۈەن سۇلالىسى قەشقەر قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مو بېشىغا قاراپ باج ئېلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، ھەر مو يەر ئۈچۈن ئۈچ شىڭ ئاشلىق يىغدى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 11 ـ يىلى (1274 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا يۈەن سۇلالىسى خوتەندىن ياركەنتكىچە 13 ئۆتەڭ تەسىس قىلدى.

4 ـ ئايدا قۇبلايخانىنىڭ پەرمانى بويىچە خوتەن، ياركەنت، قەشقەرلەر تىنچلاندۇرۇلدى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 12 ـ يىلى (1275 ـ يىلى)

ئىتالىيىنىڭ ۋېنتسىيە شەھىرىدىن كەلگەن ساياھەتچى ماركوپولو تاغىسى بىلەن جەنۇبىي يىپەك يولى ئارقىلىق قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، يۈەن سۇلالىسى پايتەختى بېيجىڭغا باردى. ماركوپولونىڭ داڭلىق ئەسىرى «شەرقتە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» (ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى)دە «قەشقەردە كىشىلەر سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق

قىلىدىكەن، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ئىنتايىن راۋاجلانغانىكەن. ئۇلاردا گۈزەل گۈللۈك باغ ۋە ئۈزۈمزارلىق بار ئىكەن، پاختا ـ كەندىر مەھسۇلاتىمۇ ناھايىتى مول ئىكەن، بۇلارنى دۆلەت ئىچىدىكى سودىگەرلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكەپ ساتىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

**يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى)**

يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدىكى ئۇيغۇر نېستورى مۇرىتى رابان سائۇما بىلەن ماركوس ئېرۇسالىمغا ماڭغاندا قەشقەردىن ئۆتتى.

**يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاي زامانىنىڭ جىيۈەن 25 ـ يىلى (1288 ـ يىلى)**

**11** ـ ئايدا گەنسۇ ـ شەنشى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش داروغاچى خوتەن، قەشقەرلەردە 50 ئائىلىلىك ئۇستىكارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىلدى.

**يۈەن سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ يەنيۇ 5 ـ يىلى (1318 ـ يىلى)**

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قاغانى ئېسەن بۇقا پايتەختىنى ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) قا يۆتكەپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇلەكنى قەشقەرگە بەگ قىلىپ ئەۋەتتى. خوتەندىن بەدەخشانغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭغا قارىدى. تۇلەكنىڭ ئىنىسى ئاقسۇ ۋە ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى باشقۇردى. دوغلاتنىڭ بەگ بوۋىسى ئورتۇپ چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇرۇش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە يەتتە خىل ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلىنغانىدى. تۇلەك ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ بۇنىڭدىن ئوخشاشلا بەھرىمەن بولۇۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈەن سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ جىجى 1 - يىلى (1321 - يىلى)

چاغاتاي خانلىقىدىن دۇۋانىڭ ئوغلى ئېسەن بۇقاغا «قەشقەر، ياركەنت، ئاقسۇ، شۇنداقلا موغۇلىستاننىڭ خانى» دەپ نام بېرىلدى.

يۈەن سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ جىجېڭ 6 - يىلى (1346 - يىلى)

چاغاتاي خانلىقىدىن غازان خاننى بارلاس ئەمىرى قاسانخان ئۆلتۈرۈۋەتتى. دوغلات ئەمىرى بۇلاجى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئاقسۇدا خانلىققا كۆتۈردى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى بۇلاجى ئۆلدى. ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى خۇدايداد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ تاغىسى تۇلەك ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ باقتى.

يۈەن سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ جىجېڭ 9 - يىلى (1349 - يىلى)

قەشقەردە تۇرۇۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى تۇلەك ئىسلامغا كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈر خان ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن خانلىقتىكى 160 مىڭ موڭغۇل ئىسلام دىنىغا كىردى.

يۈەن سۇلالىسى خانى خۇيزۇڭ زامانىنىڭ جىجېڭ 23 - يىلى (1363 - يىلى)

تۇغلۇق تۆمۈر خان ئۆلدى، ئۇنىڭ تەۋەلىكى قالايمىقانلاشتى. ئوردىدىكىلەر بىلەن ئاداۋىتى بولغان دوغلات ئەمىرى قەمەرىدىن قوشۇنلىرى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر كېچىدىلا تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتىدى. تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىلا ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئانىسىنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇپ قويۇشى بىلەن زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

## مىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## (مىلادىيە 1368 _ 1644 - يىللىغىچە)

مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ خوڭۋۇ 8 - يىلى (1375 - يىلى)

دوغلات ئەمىرى خۇدايداد ئىشەنچلىك ئادىمىدىن 21 كىشىنى ئەۋەتىپ، 12 ياشلىق خىزىر خوجىنى قەشقەردىن باشقا جايغا مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ، زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قالدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ خوڭۋۇ 8 - يىلىدىن 12 - يىلىغىچە (1375 _ 1379 - يىللىغىچە)

قەمىرىدىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلاس ئەمىرى تۆمۈرلەڭ ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، قەمىرىدىنگە قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلىپ قايتا - قايتا يېڭىلدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۆمۈرلەڭ بىۋاسىتە شىمالىي سەپ قوشۇننى باشلاپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى جاھانگىر جەنۇبىي سەپ قوشۇننى باشلاپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قەمىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى، كېيىن ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى بىرمەھەل تۆمۈرلەڭنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى.

www.uyghurkitap.com

### مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ خوڭۋۇ 21 - يىلى (1388 - يىلى)

دوغلات ئەمىرى خۇدايداد باشقا جايدىن خىزىر خوجىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى. خۇدايداد خانىنى ھىمايە قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭغا 11 تۈرلۈك ئىمتىياز بېرىلدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ خوڭۋۇ 22 - يىلى (1389 - يىلى)

خۇدايداد خىزىر خوجا خان بىلەن بىرگە بېشبالىققا بېرىپ، خانلىقنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سەيىد ئەھمەد قەشقەردە نازارەتچى بەگ بولدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ زامانىنىڭ خوڭۋۇ 25 - يىلى (1392 - يىلى)

قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى، كاتتا ئاقسۆڭەك خوجا مۇھەممەد شېرىپ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرلەڭنىڭ نەۋرىسى، سەمەرقەندنىڭ سەردارى مىرزا ئۇلۇغبەگ نازارەتچى ئەۋەتىپ، قەشقەرنى بىرلىكتە باشقۇردى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى چېڭزۇ زامانىنىڭ يۇڭلې 1 - يىلى (1403 - يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى خىزىر خوجا ئۆلدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى تەخت تالاشتى، ئوغلى شەمشى جاھان تەختكە چىقتى، تۆمۈرلەڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەۋرىسى — فەرغانىنىڭ نازارەتچى بېگى ئىسكەندەرنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ قەشقەرگە كىرىشكە ۋە ياركەنت بىلەن ئاقسۇنى تالان - تاراج قىلىشقا ئەۋەتتى.

مىڭ سۇلالىسى خانى چېڭزۇ زامانىنىڭ يۇڭلې 6 - يىلى (1408 - يىلى)

چېڭزۇ خان ئىچكى ئىشلار ئەمەلدارى ماتەي، لى دا قاتارلىقلارنى بەدەخشان، قەشقەرلەرگە يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنىڭ، سودا - سايាهەتچىلەرنىڭ بېرىپ كېلىشىگە قۇلايلىق يارىتىلدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى چېڭزۇ زامانىنىڭ يۇڭلې 11 - يىلى (1413 - يىلى)

يازدا قەشقەر ئەلچىسى قوچۇ بۇيۇرغىسى بەگ ئالچىتاي بىلەن بىرگە مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

كۈزدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگ فەرغانە ھۆكۈمرانى ئەھمەدنى مەغلۇپ قىلدى. ئەھمەد قەشقەرگە چېكىنىپ كەلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىرات ۋە خوراسانىنىڭ ۋالىيسى — ئۇلۇغبەگنىڭ دادىسى شاھرۇخ ئەھمەدنى قەشقەردىن ھىراتقا ئالداپ ئېلىپ چىقىپ قاماپ قويدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى چېڭزۇ زامانىنىڭ يۇڭلې 14 - يىلى (1416 - يىلى)

ئەھمەد قاماپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەشقەردىكى نازارەتچى بېگى شاھ توغاي سەمەرقەندكە ئۇلۇغبەگ بىلەن سۆھبەتلەشكىلى بارغاندا، ئۇلۇغبەگ تەرىپىدىن قاماپ قويۇلدى. ئۇلۇغبەگ ئۆزىنىڭ يېقىنى سىدىق بىلەن ئەلى ئىككىسىنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى.

مىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ شۈەندې 4 - يىلى (1429 - يىلى)

چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى ساتۇقخان ئۇلۇغبەگنىڭ قوللىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇۋەيسخاننى ئۆلتۈردى. خانلىقتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر بۇنىڭغا قايىل بولمىدى. ساتۇقخان نائىلاج قەشقەرگە چېكىنىپ كەلگەندە، خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلۇغبەگ قوشۇن چىقىرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى ئەسىرگە ئېلىپ، سەمەرقەندكە ئېلىپ بېرىپ بېلىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇ يىلى ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى يۇنۇس بىلەن ئېسەن بۇقا II خانلىق تالاشتى، يۇنۇس ئۇلۇغبەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئېسەن بۇقا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولدى. خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى سەيىد ئەھمەدنىڭ ئوغلى سەيىد ئەلىنى ئاقسۇ تەرەپنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ شۈەندې 8 - يىلى (1433 - يىلى)

كۈزدە سەيىد ئەلى دوغلات قەبىلىسىنىڭ قەدىمىي ماكانى قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئېسەن بۇقانىڭ قوللىشى بىلەن ئاقسۇدىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، قەشقەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغبەگ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە يەنە ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قايتىپ كەتتى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ شۈەندې 10 - يىلى (1435 - يىلى)

كۈزدە سەيىد ئەلى ئاقسۇدىن قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلدى. قەشقەر يەنە دوغلات قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ جېڭتۇڭ 7 - يىلى (1442 - يىلى)

سەيىد ئەلىنىڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ نازارەتچى بېگى سانسىز

مىرزا قەشقەردە مەسچىت سالدۇردى (بۈگۈنكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى).

مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ جىڭتەي 7 - يىلى (1456 - يىلى)

يۇنۇس قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، سەيىد ئەلى شەرقىي چاغاتاي خانى ئېسەن بۇقا خان بىلەن بىرگە قوشۇن چىقىرىپ يۇنۇس قوشۇنىنى چېكىندۈردى.

مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ تيەنشۇن 1 - يىلى (1457 - يىلى)

سەيىد ئەلى قەشقەردە ئۆلدى، چوڭ ئوغلى سانىسىز مىرزا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولۇپ، پايتەختنى ياركەنتكە يۆتكەپ، ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى، كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر سانىسىز مىرزا بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاچقا، قەشقەردىن قېچىپ كەتتى.

مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ تيەنشۇن 7 - يىلى (1463 - يىلى)

قەشقەر مىڭ سۇلالىسىگە ۋاقتىدا ئولپان تاپشۇرمىغاچقا، يىڭزۇڭ خان لىيۇفۇ، پۇشيەن قاتارلىقلارنى قەشقەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ھال سورىدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى يىڭزۇڭ زامانىنىڭ تيەنشۇن 8 - يىلى (1464 - يىلى)

دوغلات ئەمىرى سانىسىز مىرزا ئوۋغا چىققاندا بىخەستەلىكتىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى. شەرقىي چاغاتاي خانى دوست مۇھەممەد قەشقەرگە كېلىپ، سانىسىز مىرزىنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى ئابابەكرىنى بىرگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ چېڭخۇا 1 - يىلى (1465 - يىلى)

قەشقەرلىك شائىر لۇتفى (1366 — 1465 - يىللىغىچە) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇراساندا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق ئېپىك داستانى بار. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە «سەنئەت ئۇستازى»، «تىل پادىشاھى» دېگەن ناملىرى بار.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ چېڭخۇا 2 - يىلى (1466 - يىلى)

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاكىسى سانىسىز مىرزىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئۇ دوست مۇھەممەد خان بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي قارشىلىشىپ قېلىپ، غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى يۇنۇس تەرەپكە كەتتى.

قەشقەرلىك ئالىم مۇھەممەد بىننى رەشىد ئەلى ئەرەبىستاندىكى مەككە شەھىرىدە ۋاپات بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئەرەبلەردىكى تۆت چوڭ دانىشمەنىنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزىتىپ، ئەرەب دۇنياسىدا داڭق چىقارغان.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ چېڭخۇا 7 - يىلىدىن 14 - يىلىغىچە (1471 _ 1478 - يىلىغىچە)

سانىسىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قوشۇلدى. كېيىن يەنە ياركەنتكە بېرىۋېلىپ ئۆزى خان بولۇۋالدى. چېڭخۇا 7 - يىلى (1471 - يىلى)دىن باشلاپ ياركەنتتىن قوشۇن تارتىپ يېڭىسارغا يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئابدۇل قۇددۇسنى سەركەردە قىلىپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئېلىشىپ مەغلۇپ بولدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن

باشلاپ، ئابابەكرىگە ھۇجۇم قىلىپ يەنە مەغلۇپ بولۇپ، يۇنۇس خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ چېڭخۇا 15 - يىلى (1479 - يىلى)

يۇنۇس خان بىلەن ھەيدەر مىرزا بىرلىشىپ قوشۇن باشلاپ، ئابابەكرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى ياركەنتكە چېكىنىپ، بىرلەشمە قوشۇننى تارمار قىلدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شيەنزۇڭ زامانىنىڭ چېڭخۇا 16 - يىلى (1480 - يىلى)

كۇزدە يۇنۇس خان بىلەن ھەيدەر مىرزا يەنە بىر قېتىم بىرلەشمە قوشۇن بىلەن ئابابەكرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى بىرلەشمە قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابابەكرى قەشقەردە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئاتىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ، قەشقەر، ياركەنتنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت قۇردى. «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ ھاكىمىيەت «قەشقەر خانلىقى» دېيىلگەن.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شياۋزۇڭ زامانىنىڭ خۇڭجى 13 - يىلى (1500 - يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانى سۇلتان ئەھمەد قوشۇن باشلاپ كېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى ياركەنتتە تۇرۇپ قول ئاستىدىكىلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى، ئەمما يېڭىلدى. ئەھمەد خان قەشقەرنى ئىشغال قىلدى ۋە قەشقەردە قىشلىدى.

### مىڭ سۇلالىسى خانى شياۋزۇڭ زامانىنىڭ خۇڭجى 14 - يىلى (1501 - يىلى)

سۇلتان ئەھمەد قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ ياركەنتكە قورشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلدى، ئابابەكرى ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى شياۋزوڭ زامانىنىڭ خوڭجى 18 - يىلىدىن ۋۇزوڭ خان زامانىنىڭ جېڭدې 6 - يىلىغىچە (1505 — 1511 - يىلىغىچە)

ئابابەكرى كۆمۈپ قويۇلغان «ئالتۇن - كۈمۈش»لەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، خوتەن، ياركەنت ۋە قەشقەر سېپىلى ئىچىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. قەشقەر قورغىنىنى ھازىرقى تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەپ قۇردى. بۇ مەزگىلدە شەھەر ئاھالىسى قاتتىق ئېزىلگەچكە يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئابابەكرى پۇقرالارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن، «بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ كۆچتى» دېگەن جىنايى نام بىلەن 3000 كىشىنىڭ پۇتىنى كېسىپ تاشلىدى، يەنە ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن نەۋرە ئىنىسىنى ئۆلتۈردى.

مىڭ سۇلالىسى خانى ۋۇزوڭ زامانىنىڭ جېڭدې 9 - يىلى (1514 - يىلى)

ئەتىيازدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەھمەدنىڭ ئوغلى سەئىد ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەھەرنى تاشلاپ، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ قەشقەر قانارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئاۋامنىڭ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى بۇيرۇدى، ئاھالىلەرنى ياركەنتكە كۆچۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ تۈمەن دەرياسى بويلىرىغا قورغان ياسىتىپ، 1000 ئەسكەر تۇرغۇزدى، بىرنەچچە يىللىق ئاشلىق، ئوتۇن زاپىسى تەييارلاتتى.

يازدا سەئىد خان 4700 دىن كۆپرەك ئادەمى بىلەن قەشقەرگە كىردى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى دەريا بويىدا كەسكىن جەڭ قىلدى. ئابابەكرى قوشۇنى تەڭ كېلەلمەي، قورغان ئىچىگە چېكىنىپ

مۇداپىئەگە ئۆتتى. سەئىد خان بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ قورغاننى ئالالماي، قوشۇنلىرىنى باشلاپ يېڭىسار شەھىرىنى ئالدى. قەشقەر قورغىنىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىشتى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سەئىد خان قوشۇننى باشلاپ ياركەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تېزلىكتە يىمىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەئىد خان ياركەنت شەھىرىگە كىرىپ، خانلىق تەختىگە چىقىپ ياركەنت خانلىقىنى قۇردى. ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسى خانلىقنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن بولۇپ قالدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى ۋۇزۇڭ زامانىنىڭ جېڭدې 11 - يىلى (1516 - يىلى)

سەئىد خان بىلەن ئاكىسى - شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى مەنسۇر ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى ئاۋاتتا ئۇچراشتى، سەئىد خان مەنسۇر خانغا مايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ يارىشىپ، سودا يوللىرىنى ئېچىشتى.

شۇ يىلى ياركەنت خانلىقى مىس پۇل قۇيدۇردى. مىس يارماق قېلىن، تۆشۈكى يوق، كىچىكرەك ئىدى. ئۇستىگە خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىلى ئويۇلدى. ھەر 50 يارماق بىر تەڭگە ھېسابلاندى. سەئىد خان ياركەنت، قەشقەر ئەتراپىدا 10 يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجى ئالماسلىقنى، قەشقەردىكى بىرقىسىم دېھقانلارنى ئاقسۇدا تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈشنى جاكارلىدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 11 - يىلى (1532 - يىلى)

قەشقەرنىڭ ۋالىيسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تۇرشاۋۇل بولۇپ، ياركەنت خانلىقىنىڭ خانى سەئىد بىلەن بىرگە تىبەتنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لاداخ رايونىغا يۈرۈش قىلدى. ئىككىنچى يىلى كەشمىر رايونىغا يۈرۈش قىلدى.

سەئىد خان لاداخقا ھۇجۇم قىلىپ، قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن بىتاب بولۇپ قالدى ۋە ئىككىنچى يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەپ بىلەن قايتىشىدا، يولدا قازا قىلدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 12 ـ يىلى (1533 ـ يىلى)

سەئىد خاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوردىدىكى مەرتىۋىلىك ۋەزىر سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈردى، بىر تۈركۈم مىراسخور ئاقسۆڭەكلەرنى سۈرگۈن قىلىپ، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ جىيەنى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇننىڭ قېشىغا پاناھ ئىزدەپ باردى، كېيىن كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 13 ـ يىلى (1534 ـ يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى مەنسۇر سەئىد خاننىڭ قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇرەشىد خان قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭنى كۈتتى، مەنسۇر خان يېڭىلمەي قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. ياركەنت خانلىقى غەلىبە قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياركەنت خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلدى.

## مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 20 ـ يىلىدىن 26 ـ يىلىغىچە (1541 ـ 1547 ـ يىلىغىچە)

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى

بىلەن ياركەنت خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داڭلىق ئەسەر «تارىخى رەشىدىي»نى يېزىپ چىقتى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 35 - يىلى (1556 - يىلى)**

ئابدۇرەشىد خاننىڭ خانىشى ئامانىيساخان بىلەن قىدىرخان رەتلىگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» دۇنياغا كەلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئامانىيساخان ئالەمدىن ئۆتتى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ جياجىڭ 38 - ، 39 - يىللىرى (1559 - ، 1560 - يىللىرى)**

ئابدۇرەشىد خان ساياھەت قىلىپ خوتەننىڭ جامەدار دېگەن يېرىگە بارغاندا ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى ئابدۇكېرىم تەختكە ئولتۇردى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ لۇڭچىڭ 4 - يىلى (1570 - يىلى)**

ئابدۇكېرىم خان قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرپاننى بېسىۋېلىپ، ئۇنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋەتتى، ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتاننى تۇرپاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ ۋەنلى يىللىرى (XVI ئەسىرنىڭ 70 - ، 80 - يىللىرى)**

ماۋارائۇننەھردىكى نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىن خوجا ئىسھاق ۋەلى (قارا تاغلىقلارنىڭ بوۋىسى) ياركەنت خانلىقىغا كېلىپ، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت تارقاتتى، ئەمما شۇ يەردىكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ماۋارائۇننەھرگە قايتىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ ۋەنلى 24 ـ يىلى (1596 ـ يىلى)

ياركەنت خانى مۇھەممەد خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يەھيا خوجا (خوجا شادى)نى ياركەنتكە چىللاپ كېلىپ، ئۇنى پىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى جەنۇبىي شىنجاڭدا كۇنسايىن كۈچەيدى.

مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ ۋەنلى 31 ـ يىلى (1603 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پورتۇگالىيە ئەيسا مۇخلىسلىرى جەمئىيىتىدىن دىن تارقاتقۇچى بېنوئىت دېگويس ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياركەنت شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، گەنسۇدىكى سۇجۇ ئايمىقىغا كەتتى. ئۇ ئەينى چاغدىكى ياركەنت شەھىرىنى «سودا ـ سېتىقتا روناق تاپقان، گەز ماللار توپلانغان، كۆزگە كۆرۈنگەن سودا سورۇنى ئىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن.

مىڭ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ زامانىنىڭ ۋەنلى 37 ـ ، 38 ـ يىللىرى (1069 ـ ، 1610 ـ يىللىرى)

ياركەنت خانلىقىنىڭ چالىش (قاراشەھەر ئويمانلىقى) تىكى ھۆكۈمرانى مۇھەممەد قاسىم تۇرپاننىڭ باش ۋالىيسى ئابدۇللاخان بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەھمەدخانغا قارشى تۇردى. ياركەنت خانلىقى شەرقىي، غەربىي خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى.

مىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ تيەنچى يىللىرى (1621 ـ 1627 ـ يىلىغىچە)

ماۋارائۇننەھردىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ (ئاق تاغلىقلار بوۋىسى) ياركەنت خانلىقىغا

كېلىپ تەرىقەت تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دىنىي هوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كۈچىنى يېتىلدۈرۈپ، كەسكىن كۈرەش قىلىشتى.

**مىڭ سۇلالىسى خانى سىزۇڭ زامانىنىڭ چۇڭجېن 11 ـ ، 12 ـ يىللىرى (1638 ـ ، 1639 ـ يىللىرى)**

شەرقىي ياركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە هۇجۇم قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ياركەنتكە كىرىپ خانلىق ئورنىغا ئولتۇردى. ياركەنت خانلىقى بىرلىككە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## (مىلادىيە 1644 ـ 1911 ـ يىللىغىچە)

**چىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇ زامانىنىڭ شۈەنجى 6 ـ يىلى (1649 ـ يىلى)**

گەنسۇنىڭ خېشى رايونىدىكى خۇيزۇلار قومۇل، تۇرپاندىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېگرىنى تاقاپ، ئۇلپاننى توختىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ياركەنت خانلىقى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى توختىتىۋەتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇ زامانىنىڭ شۈەنجى 12 ـ يىلى (1655 ـ يىلى)**

ياركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا قومۇل، تۇرپانلاردا تالان - تاراج قىلىنغان خەنزۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى ھەم قومۇلدىكى باباخاننى قاماپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى بىلەن ياركەنت خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلپان تاپشۇرۇش، سودىلىشىش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى. ئابدۇللا خان ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا مەكتۇپ يوللاپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇ زامانىنىڭ شۈەنجى 13 ـ يىلى (1656 ـ يىلى)**

ئابدۇللا خان پايتەختكە 30 ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلچىلەرنى مول سوۋغا ـ سالام بىلەن قايتۇردى. ئەلچىلەرنىڭ تۆت نار تۆگىسىگە 12 توپ دۇردۇن، 1000 جىڭ قاشتېشىغا 200 توپ دۇردۇن قايتۇردى. ئۇلاردىن باشقا، ئابدۇللا خان ئۇچۇنلا 338 توپ تاۋار، 720 توپ دۇردۇن سوۋغا قىلدى، شۇنداقلا ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرۇش ھەققىدە كېلىشتى، يەنە ئەلچىلەرنىڭ بىرگە ئېلىپ كەلگەن باشقا ماللىرىنى بېيجىڭدىكى «خۇيتۇڭ» سارىيىدا بازارغا سېلىشقا قوشۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 1 ـ يىلى (1662 ـ يىلى)

ياركەنت خانى ئابدۇللا چوڭ ئوغلى يولۋاسنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا قويۇپ، ئۇنى خانلىقنىڭ يادرولۇق ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. يولۋاس ئاق تاغلىق خوجا ھىدايىتۇللانىڭ كۈچىگە تايىنىپ دادىسى بىلەن قارشىلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 6 ـ، 7 ـ يىللىرى (1667 ـ، 1668 ـ يىلى)

يولۋاس جۇڭغارلارنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن دادىسى ئابدۇللا خاننى ياركەنتتىن ئايرىلىپ، ھەج تاۋاپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، يولۋاس ياركەنتتە خانلىققا ئولتۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 9 ـ يىلى (1670 ـ يىلى)

يولۋاس خان جۇڭغار زەڭگىسى ئوردىنى «قوغداش»قا ئەۋەتكەن ئېركەبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىنىسى ئىسمائىل ياركەنتتىكى قاراتاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق ئورنىغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن قاراتاغلىقلار قايتىدىن كۈچىيىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلىدى. ئىسمائىل خان ئاق تاغلىقلار بىلەن خوجا ھىدايىتۇللانى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 16 - يىلى (1677 - يىلى)

ئاق تاغلىقلاردىن خوجا ھىدايىتۇللا تىبەتكە بېرىپ، دالاي لاما V نىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانى غالداننىڭ قېشىغا سالامغا باردى. غالدان ھىدايىتۇللانى يولباشلىغۇچى قىلىپ، ياركەنت خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئاق تاغلىقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن جۇڭغارلار قوشۇنى قەشقەر، ياركەنتلەرنى ئىگىلىدى ھەم ئىسمائىل خاننى تۇتۇۋېلىپ ئىلىغا ئاپىرىۋەتتى، ياركەنت خانلىقى يوقالدى.

غالدان ھىدايىتۇللانى ۋاكالەتچى قىلىپ تەيىنلەپ، مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جۇڭغارلارنى ئاڭجىلىققا تەيىنلەپ، مەخسۇس جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ باج - سېلىقلىرىنى يىغىشقا قويدى. ھىدايىتۇللا ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» ۋە قەشقەر، ياركەنتنىڭ «پادىشاھى» دەپ جاكارلىدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش داۋامىدا، ئۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ نامى بېسىلغان پۇللارنى زور مىقداردا قويدۇرۇپ، ھەر يىلى جۇڭغار خانلىقىغا 200 مىڭ تەڭگە ھېسابىدا پۇل - پۈچەك ۋە مال تاپشۇرۇپ تۇردى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 34 - يىلى (1695 - يىلى)

ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەردە ئۆلدى. ئۇ ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان قوغان كەنتىدە دەپنە قىلىندى، بۇ يەر ئاپاق خوجا مازىرى دېيىلدى. ئۇنىڭ خوتۇنى خانىم پادىشاھ تەخت ۋارىسى بولۇپ، ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيانى ئۆلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 35 - يىلى (1696 - يىلى)

شاھ مەھمۇد جۇراس پارس تىلىدا «ئەنىسەتتالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۇچىلەر دوستى)نى يېزىپ پۈتكۈزدى. بۇ كىتابتا ياركەنت خانلىقىدىكى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانى خاتىرىلەنگەن، ئۇ XVII ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېريال.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 54 - يىلى (1715 - يىلى)

جۇڭغار خانى ئولپان تاپشۇرۇشنى ئۈزۈپ قويدى دېگەننى باھانە قىلىپ، قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەتخان خوجىنى ئائىلىسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى. ئەخمەتخان ئىلىدا ئىككى ئوغۇللۇق بولدى، چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن خوجا، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجا جاھان بولۇپ، ئۇلار تارىختا «چوڭ خوجا ۋە كىچىك خوجا» دەپ ئاتالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 57 - يىلى (1718 - يىلى)

موللامۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى ھىندىستانلىق ھەكىم بېدباي بىراھمىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسىرى «كەلىلە ۋە دەمنە»نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچە (چاغاتايچە) گە تەرجىمە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇ زامانىنىڭ كاڭشى 60 - يىلى (1721 - يىلى)

جۇڭغار خانلىقى ياركەنتتىكى قاراتاغلىق خوجىلاردىن بولغان دانىيال خوجىنى قەشقەر، ياركەنت، ئاقسۇ، خوتەننىڭ پادىشاھلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەيىنلىدى. دانىيالنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يۈسۈپ قەشقەرنىڭ بەگ ۋالىيسى بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىدا نەزەربەند قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شىزۇڭ زامانىنىڭ يۇڭجېڭ 2 - يىلى (1724 - يىلى)

ئۇيغۇر شائىرى خىرقىتى (1634 – 1724) - يىلىغىچە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرىدىن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن ئەسىرى بار.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 15 - يىلى (1750 - يىلى)

قەشقەرلىك ئەدىب ھاجى ئاشۇر خەلىپە XVI ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىك تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچە (چاغاتايچە) گە تەرجىمە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 17 - يىلى (1752 - يىلى)

جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىدا نەزەربەند قىلىنغان قاراتاغلىقلاردىن بولغان قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى يۈسۈپ تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلارنى قايتىدىن سورىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى)

6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئاق تاغلىق خوجا بۇرھانىدىننى

جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ، شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇرھانىدىن خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ياركەنتلەرنى ئىزگىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 21 ـ يىلى (1756 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا خوجا جاھان بۇرھانىدىن خوجىنى بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى. خوجا جاھان ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتاپ، ياركەنتنى ئىگىلەپ، قەشقەرنى بېسىپ ياتقان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن بىرلەشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەردىكى بەگ، ئاخۇنلار بىلەن ئاق تاغلىقلار مۇخلىسلىرىغا ئات ـ ئۇلاغ تەييارلاپ، سېپىل ـ قەلئەلەرنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. خوجا جاھاننىڭ تاغىسى ھۇسەيىن خوجا بىلەن پەرسا خوجا، نەۋرە ئىنىسى تۇردى قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلىشنى خالىماي قىرغىزلار تەۋەسىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى يارخاشەننى «ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى» قىلىپ، 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ، ھادىنى يولباشلىغۇچى قىلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا بۇيرۇدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلارمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قەشقەر، ياركەنتتىن قوشۇن باشلاپ كۇچاغا كەلدى.

8 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچانى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. خوجا جاھان ياركەنتكە، بۇرھانىدىن خوجا قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قورشاپ يوقىتىش تەلتۆكۈس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولماپتۇ دەپ، دوتەي ما دىشىپگىنىڭ كاللىسىنى ئە يارخاشەننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

**10** - ئاينىڭ **6** - كۈنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇر جاۋ خۇي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى باشلاپ، ياركەنت شەھ ئەتراپىدا ئاسىيلار قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى. ئۇ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ قېتىم غەلىبە قىلدى. ئاسىيلا قوشۇنى سېپىل ئىچىگە چېكىنىپ كىرىۋالدى. چوڭ خوجا بۇرھانىدىن قەشقەردىن 5000 كىشىلىك ئاسىيلار قوشۇنىنى باشلاپ ياركەنتكە ياردەمگە كەلدى. جاۋ خۇي شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ياركەنت دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلىشىپ مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ دەريا قاراسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغاچقا، ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان جاۋ خۇي گازارمىسى قاراسۇ گازارمىسى دەپ ئاتالغان. چوڭ - كىچىك خوجىلار قوشۇنى قاراسۇ گازارمىسىغا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. قاراسۇ گازارمىسىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قېتىم ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى (1759 - يىلى) 1 - ئايدا قاراسۇ گازارمىسى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. جاۋ خۇي قوشۇنى بىلەن ياردەمچى قوشۇن قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا چېكىنىپ ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىشقا كىرىشتى. شۇ ئارىلىقتا خوجا جاھانىنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۇردى چىڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ قەشقەردىكى بۇرھانىدىن خوجىغا ھۇجۇم قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)**

**6** - ئايدا جاۋ خۇي ئۇچتۇرپاندىن 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئۇلاغلىرىنى غالجىرلارچە بۇلىغاندىن كېيىن، بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر بىلەن ياركەنتنى ئالدى ھەممە چوڭ - كىچىك خوجىلار قوشۇنىنى بەدەخشان چېگرىسىدىكى يېشىلكۆلگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. ئاسىيلار قوشۇنىدىن 10 نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلدى ياكى تەسلىم بولدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار خوتۇن - بالا - چاقىسى، يېقىنلىرىدىن 300 دەك ئادىمى بىلەن بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بەدەخشان خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانشاھى چوڭ - كىچىك خوجىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بەدەخشاندا «يېشىلكۆل مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش تۆھپە تېشى» تۇرغۇزدى.

8 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدېنى ياركەنتكە ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىر ئاغلاقچى ئامبال، بىر ياردەمچى ئامبال قويۇپ، قەشقەر، يېڭىسارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى)

2 - ئايدا قەشقەردىكى خوجىلار جەمەتىدىن چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن تۇردىنىڭ سىڭلىسى ئىپارخان چيەنلۇڭ ئوردىسىغا تاللاپ ئاپىرىلدى. 6 -

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايدا، ئىپارخانغا «ئىپسىلزادە خانىش» دەپ نام بېرىلدى. ئې
«ساھىبجامال خانىش» دەپ نام بېرىلدى (چىيەنلۇڭ 53 ـ يىلى
ئالەمدىن ئۆتكەندە زۇنخۇادىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرق
قەبرىگاھىغا قويۇلغان).

4 ـ ئايدا گادامەت قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەند
ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە خەير ـ ساخاۋەت سېخى سىلىشنى،
ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قەشقەردىك
ئاپاق خوجا مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى.

8 ـ ئايدا قەشقەر بەشكېرەمدە موللام نىياز ۋەقەسى چىقىپ
چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى ئارگۇن تەرىپىدىن تىنچىتىلدى. يا
نىڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبەگلىكىگە تەيىنلەندى. خەي مى
قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

شۇ يىلدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ھەر يىلى قەشقەردى
3650 جىڭ زاراڭزا، 14 مىڭ 30 جىڭ پاختا غەللە ـ پاراق ئالدى
يەرلىك ئاھالىلەردىن ئولپان ئۈچۈن 10 سەر ئالتۇن ئالدى. 00
جىڭ ئۈزۈمنىڭ ئورنىغا 80 تەڭگە پۇل ئالدى. 405 مىڭ جىڭ
بېدە ئالۋىنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوردىغا ۋەخپ
قىلىنغان 42 باغدىن 33 نى شۇ يەردىكى پۇقرالارغا ئىجارىگ
بېرىپ، ئۆز قەرەلىدە ئىجارە پۇلى يىغدى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى بەگلىك باقىۋەندىلىك تۈزۈمنى
ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا يەنىلا بەگلەرنى ئەۋەتتى
ھەربىر شەھەرگە ھاكىمبەگ قويۇپ، شۇ شەھەرنىڭ ئىشلىرىن
باشقۇردى. ئۇنىڭ ئاستىدا ئاشلىق، ئەدلىيە، سۇچىلىق
ئەمىنلىك، دىن، باغۋەنچىلىك، سودا قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغا
بەگ قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگ
3 ـ دەرىجىدىن 7 ـ دەرىجىگىچە مەنسەپ بېكىتىپ، بىرلىكك
كەلگەن مۆھۆر تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئوردىنىڭ رەسمى

خادىمى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ «پاكلىق پۇلى»، «پاكلىق يېرى»، «يانچى» لىرىنىڭ سانىنى، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا بۇ خىل تەمىناتنىڭ دەرھال توختايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بەگلەرگە ئۇزىنى يانغا ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بەگلەر بىلەن ئاخۇنلارنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پادىشاھ جەمەتىدىن گوڭ رۇسۇڭ قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىكى 6 - دەرىجىدىن يۇقىرى بەگلەرنى باشلاپ بېيجىڭغا بېرىپ، شىنخۇا دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

شۇ ئايدا يۇڭ گۇي سول قول تەپتىش بېگى قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتىلدى.

2 - ئايدا خەي مىڭ ئاقسۇغا، شۇ خېدې قەشقەرگە ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتىلدى.

4 - ئايدا قەشقەرگە خانئامبال قويۇلدى، ئېلتۇ يۇڭ گۇيگە ياردەملىشىشكە بۇيرۇلدى.

شۇ يىلى ياركەنتتە تەڭگە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، ياردەمچى تۇساڭئا، مىڭبېشى دەي پېڭلار پۇل قۇيۇشقا مەسئۇل بولدى. قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن تۆت خەت، ئارقا يۈزىگە ئۇيغۇرچە ۋە مانجۇچە «ياركەنت» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كونا - يېڭى پۇل ئىككىدە بىر ھەسسە ئالماشتۇرۇلدى.

يېڭى پۇل بىلەن كۈمۈش پۇلنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى دەسلەپتە 50 يارماق بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولغان بولسا، كېيىنچە ئۆرلەپ 160 — 170 يارماق بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇر قاتارلىق شەھەرلەردە مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسكەر سانىنى قىسقارتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 27 يىلى (1762 - يىلى)

2 - ئايدا ياركەنت ھاكىمبېگى قاتارلىقلار 130 ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى ئىلىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كۆچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىنئام ئالدى. شۇ يىلى، ياركەنت قاتارلىق شەھەرلەردىن يەنە 14 ئائىلىلىك ئۇيغۇر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىغا كۆچۈرۈلدى.

3 - ئايدا قەشقەردىكى سول قول تەپتىش بېگى يۈك گۈ ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، قەشقەر كونا سېپىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايغا شەھەر ياساپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھكىمىسى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئىجازەت ئالدى. شەھەر قۇرۇلۇشى 4 - ئايدا باشلىنىپ 8 - ئايدا ئاياغلاشتى (1771 - يىلى چيەنلۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا لەيىنىڭ شەھىرى دەپ نام بەردى).

7 - ئايدا قوقەندلىكلەر ئېدىگەي ھاجىبەگ بۇيرۇتىنىڭ ئىلكىدىكى ئوش قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالدى. چىڭ سۇلالىسى يۈك گويغا جازا يۈرۈشى قىلىپ قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەربىي قىسىملارنى ۋە شۇ دائىرىدىكى مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەرگە ياردەمچى ئامبال قويۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەسلىھەتچى ئامبالغا قارىدى.

شۇ يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ ئىلگىرىكى كاتتىۋېشى، قەشقەرلىك ئىسھاق بەگ ئابدۇرېھىم قوقەندلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. چىڭلۇڭ خان بىۋاسىتە يارلىق چۈشۈرۈپ قوقەند دائىرىلىرىنى ئاگاھلاندۇردى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەينى چاغدا قەشقەرنى ئېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن تۇردىغا «نايىپبەگ» دەپ نام بەردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چىيەنلۇڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا ھۇنەر ـ كەسىپ مەھكىمىسىنىڭ ياندىش بېگى ناشتۇڭ مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار يۇرتى (قەشقەر، يېڭىسار، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر) ئىشلىرىنى باشقۇردى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چىيەنلۇڭ باباشىك باشچىلىقىدىكى قوقەند تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى ئارقىلىق قوقەند بېگى ئېردىنىغا يارلىق ئەۋەتىپ: «سىزگە كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتىم، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، خەلقىڭىزنى ياخشى باشقۇرۇڭ، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بارلىق ئىشلاردا قەشقەر، ياركەنتتە تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىڭ» دەپ تەنبىھ بەردى.

3 ـ ئايدا ئۇرۇنباسار باش ئامبال ئېرگۇئا ياركەنتكە ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتىلدى.

7 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ ئىلگىرىكى خانئامبىلى شىنجۇ بەگسالىنى بەدەخشانغا ئۇلار ئىگىلىۋالغان چىترال ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بەگسالى ئاقسۇنىڭ ئىشىكئاغا بېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇ يىلى قارادىۋان تۈزگەن «بەگلەرگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ھەر دەرىجىلىك بەگدىن 289 ى قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق توققۇز شەھەرنىڭ ھاكىمبېگى 3 ـ دەرىجىلىك، يېڭىسار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىق يەتتە شەھەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك بولدى. 5 دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بەگلەرنى جايلار ئالدى بىلەن ئەمەلىي بەگ سانىنىڭ تۆت ھەسسىسى بويىچە نامزات كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خانىنىڭ تاللاپ تەستىقلىشىغا يوللىدى. قالغان ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىلەن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار نامزات ئىسىملىكىنى بېكىتىپ، قارا دىۋانىنىڭ تاللاپ تەستىقلىشىغا يوللىدى.

شۇ يىلى قەشقەردىن 300 ئائىلىلىك، ياركەنت، خوتەندىن 400 ئائىلىلىك ئىلىغا بىنەم ئېچىشقا كۆچۈرۈلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى (1764 ـ يىلى)**

5 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى ھادى ئىلگىرى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا چىقىپ كەتكەن 73 ئائىلىلىكنىڭ ياركەنتكە قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا يوللىغان مەكتۇپ تەستىقلاندى، ئۇلارغا يەر، ئۇرۇق بېرىلدى، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان ئىجارە بېجى كېچىكتۈرۈپ ئېلىنىدىغان بولدى.

6 ـ ئايدا ياركەنتلىك 220 سودىگەر قايتىپ كېلىپ ئۆز سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. خانئامبال ئېرجىڭئا ئىلگىرى بېكىتىلگەن يىلدا تاپشۇرۇلىدىغان 2000 تەڭگىنى 1500 تەڭگىگە ئازايتىش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى.

10 ـ ئايدا بەدەخشان سەردارى سۇلتانشاھ چىڭ سۇلالىسىدىن چىترالنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ تەلىپىگە تەنبىھ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۇلتانشاھ ياركەنت خانئامبىلى ئېرجىڭئاغا ئەلچى ئەۋەتىپ خاتالىقىنى تونۇدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 30 ـ يىلى (1765 ـ يىلى)**

2 ـ ئايدا ئېرجىڭئا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا

تەيىنلەندى.

3 - ئايدا ئۇچتۇرپان خەلقى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ناشتۇڭ، كاتاخەيلەر ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. يۇڭ گۈي قەشقەرنىڭ خانئامباللىقىغا تەيىنلەندى. ئىلى جاڭجۈنى مىڭ رۈي بىلەن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئىرجىڭئا ئۇچتۇرپاننىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، قوشۇن چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇلدى. 9 - ئايدا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى)**

مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال ئۇچتۇرپانغا يۆتكىلىپ مەسلىھەتچى ئامبال بولدى. قەشقەرنى خانئامبال جوكتو باشقۇردى. يېڭىسار ئاغلاقچى خانئامبىلى يەنىلا قەشقەر خانئامبىلىغا قارىدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 32 - يىلى (1767 - يىلى)**

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى چاڭ جۇڭگە ئۆز خىراجىتى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، جوكتوغا ياردەملىشىشنى بۇيرۇدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 33 - يىلى (1768 - يىلى)**

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بىلەن قوقەندنىڭ بېگى ئىردەنبەگ بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىنخۇا دەرۋازىسى سىرتىدا سالام بەردى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر خانئامبىلى ئىلتۇ ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە جاڭجۈنلىككە يۆتكەلدى. چاخار باش بۆگى

ئەنتەي قەشقەرنىڭ خانئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى قەشقەرلىك داڭلىق ئەدىب مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجىگان»نى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئۇنىڭدا XVII ئەسىردىن بۇيان سوپىزم سەركەردىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە «تەزكىرەئى بۇغراخان» دېگەن ئەسىرى بار.

چيەنلۇڭ 35 - يىلى (1770 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ

8 - ئايدا قوقەندتە ناربوتابەگ تەختكە چىقتى. چىڭ ئوردىسى قوقەندكە: «ھەممە ئىشتا قەشقەر، ياركەنت خانئامباللىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش كېرەك» دەپ يەنە بىر قېتىم يارلىق چۈشۈردى.

شۇ يىلى قەشقەرلىك ئەدىب ئاخۇن موللاكالان پارسچە پەلسەپىۋى داستان «رىيازۇل مۇزەككىرىن»نى يېزىپ پۈتكۈزدى. بۇ ئەسەر 1790 - يىلى ياركەنتلىك موللا مۇھەممەد ئەيسا تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.

چيەنلۇڭ 41 - يىلى (1776 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ

10 - ئايدا گاۋ پۇ ياركەنتنىڭ خانئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چيەنلۇڭ 43 - يىلى (1778 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ

3 - ئايدا ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى ھادى كېسەل بىلەن ئۆلدى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى سېتىۋالدى ياركەنتكە بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئوسمان قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى.

9 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى سېتىۋالدى گاۋ پۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قاشتېشى قېزىپ، سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاشتېشىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتقانلىقىنى شىكايەت قىلدى. چىڭ ئوردىسى قەشقەرنىڭ خانئامبىلى يۇڭ گۇينى دەرھال تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە فۇ شىننى ياركەنتنىڭ خانئامباللىقىغا، چىڭ فۇنى بىللە بېرىپ ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتتى.

10 ـ ئايدا يۇڭ گۇي يارلىققا بىنائەن ياركەنتكە بېرىپ، ياركەنتنىڭ خانئامبىلى گاۋ پۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى ياركەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدا قانۇن بويىچە جازالىدى.

11 ـ ئايدا قەشقەرنىڭ خانئامبىلى يۇڭ گۇي چىپان، شىخو قاتارلىق قاشتېشى چىقىدىغان ئورۇنغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، خالىغانچە قاشتېشى كولاشنى قاتتىق مەنئى قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى)

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك خەزىنىچى بېگى ھەيدەرنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ قاتارلىق ئۈچ كىشى بېيجىڭغا سالامغا باردى.

شۇ يىلى بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق خوجا توختى سوپى قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن قەشقەردىكى موللا سەپەر، پەرھاد سوپى، موللا نەزەر قاتارلىق بەش كىشىگە ھەم يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى ئالىملارغا خەت ئەۋەتىپ، قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا قەشقەرنىڭ خانئامبىلى ئاياڭ ياركەنتنىڭ خانئامباللىقىغا يۆتكەلدى. فۇ شىن بېيجىڭغا قايتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 49 - يىلى (1784 - يىلى)

5 - ئايدا قەشقەرنىڭ خانئامبىلى دۇن فۇ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقتىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدى. باۋ چىڭ قەشقەرنىڭ خانئامباللىقىغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانغا بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلەشتى دەپ بوھتان چاپلىدى. قەشقەرنىڭ خانئامبىلى ياركەنتنىڭ خانئامبىلىغا سارىقولدا تۇرۇۋاتقان ھاشىمنىڭ ئىنىسىنى تەكشۈرۈپ تۇتۇشنى بۇيرۇدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمان خانئامبال باۋ چىڭغا سامساقنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ قەشقەردە ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى. چىڭ ئوردىسى ئوسمانغا يارلىق ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئامال قىلىپ سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان سامساقنى ئالداپ قەشقەرگە كەلتۈرۈشنى تاپىلىدى. ئوسمان شۇ بويىچە ئىش قىلغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 50 - يىلى (1785 - يىلى)

1 - ئايدا قەشقەرگە قاراشلىق يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى ئالىم سامساق بىلەن خۇپىيانە ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن قەتلى قىلىنىدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بېگى ھەيدەرگە 3 - دەرىجىلىك پۈپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىنىدى.

11 - ئايدا قەشقەرنىڭ خانئامبىلى دا فۇ ياركەنتنىڭ خانئامباللىقىغا قويۇلدى. ئاياڭ بېيجىڭغا قايتۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 24 كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قەشقەر،

ئۇچتۇرپانلاردا بىرقانچە قېتىم يەر تەۋرىدى. ئاپەت ئانچە ئېغىر بولمىدى، ئۆي، سېپىللارمۇ ئۆرۈلۈپ كەتمىدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە قەشقەردە ۋابا تارقالدى، 240 تىن كۆپرەك ئات ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 52 - يىلى (1787 - يىلى)

2 - ئايدا قەشقەرنىڭ خانئامبىلى يا دېنىڭ فۇجيەندە ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق مەسىلىسى تەكشۈرۈلدى ھەمدە قولغا ئېلىندى.

شۇ يىلى مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، يەنىلا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتالدى. مىڭ لياڭ مەسلىھەتچى ئامباللىققا، يادې قەشقەرنىڭ خانئامباللىقىغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى)

1 - ئايدا قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمان كېسەل بولۇپ ئۆلدى. تۇرپان ئىنانچىخانى ئىسكەندەر يۆتكەپ كېلىندى.

شۇ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى قوقەند دائىرىلىرىگە بىرقانچە رەت نوتا يوللاپ، بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 55 - يىلى (1790 - يىلى)

قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىكى بەگلەر بىرگە بېيجىڭغا بېرىپ، شىنخۇا دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ ئاتۇش كەنتىدىكى مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى 44 بابلىق دىداكتىك، پەلسەپۋى ئەسەر «سىدىقنامە»نى يېزىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 56 - يىلى (1791 - يىلى)

12 - ئايدا ياركەنت خانئامبىلى مىڭ شىن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. قۇمۇل خانئامبىلى لاڭ گەن ياركەنتكە خانئامبال بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 58 - يىلى (1793 - يىلى)

2 - ئايدا چىڭ ئوردىسى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ياردەمچى ئامباللىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈردى.

6 - ئايدا مەسلىھەتچى ئامبال مىڭ شىن ئۇيغۇرلارنى قوقەند قاتارلىق جايلارغا چەت ئەللىكلەرگە چېتىشلىق ئىشلارنى بېجىرىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىۋېتىلدى، يۇڭ باۋ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ زامانىنىڭ چيەنلۇڭ 59 - يىلى (1794 - يىلى)

چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەردىكى سودىگەرلەرنىڭ باشقا ئەللەرگە چىقىش سودا ئېغىزلىرىنى بېكىتىپ بەردى ھەمدە ئۇلارغا سودا ئېغىزىدىن چىقىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازاغا تارتىلدى.

شۇ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ سودا ئېغىزىدىن چىقىپ سودا قىلىش نىزامنامىسىنى بېكىتتى. ئۇنىڭدا قەشقەردىن سودا قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئاۋادا ئەندىگەي، سارباغىش، بۇغۇ، چىلەك قاتارلىق جايلارغا سودىغا بارسا، ئۇلارغا ئېغىزدىن چىقىش گۇۋاھنامىسى بېرىشكە بولىدۇ. يىراقراق

قەبىلىلەر تەرەپكە سودىغا چىقماقچى بولغانلارغا گۇۋاھنامە بېرىلمەيدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار تۇتۇپ كېلىنىپ، باشقا يەرگە پالىنىۋېتىلىدۇ، دېيىلگەن.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يۇڭ باۋ يومىلاقشەھەر دەرۋازىسى سىرتىدا دۇكانلارنى سېلىپ، ئىچكىرىدىن سودىگەرلەرنى يۆتكەپ كېلىپ تىجارەت قىلدۇردى. شۇ يىلى يومىلاقشەھەر ئاھالىسى 10 مىڭغا يەتتى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 1 - يىلى (1796 - يىلى)**

1 - ئايدا قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئامباللارنىڭ ئىشنى ئادىل بېجىرىشى، شۇ جايدىكى پۇقرالارغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشى ھەققىدە يارلىق چۈشتى.

4 - ئايدا چاڭ لىڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر، ياركەنتلەردىن ئوردىغا ئات تاپشۇرۇش توختىتىلدى. ئات چۆچەك، ئىلى، ئالتايلاردىن ئېلىنىدىغان بولدى.

يىل بېشىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ 150 ئېغىز ئۆيى پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلدى، يىللىق ئىجارىسى ۋە ئۆي ئورنى پۇلى بولۇپ 39 مىڭ يارماق يىغىۋېلىندى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى)**

7 - ئايدا قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

8 - ئايدا ساماساق بىلەن ئوبولھەسەن قاراتېكىن قەبىلىسىدىن بولغان تاغلىق بۇيرۇت (قىرغىز) لار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆچرىشىپ، قوشۇن باشلاپ كېلىپ قەشقەرنى پاراكەندە قىلماقچى بولدى.

11 - ئايدا قوقەندلىك ناربوتابەگ قەشقەرنى پاراكەندە قىلغان سامساقنى يوقىتىشقا ياردەملەشكەنلىكتىن، چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا مارجان، دۇردۇن قاتارلىق ماللارنى ئىنئام قىلدى.

شۇ يىلى ئاقسۇغا خانئامبال قويۇلدى، ئۇ قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا قارىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 3 - يىلى (1798 - يىلى)

سامساق قوقەندتىن كاتىپى مەمەت نىياز ئارقىلىق چىڭ ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئالدىنقى يىلى قەشقەرنى پاراكەندە قىلغانلىقىنى ئىزاھلىدى ھەمدە ئوغلىنىڭ بېيجىڭغا سالامغا بېرىشىغا، ئۆزىنىڭمۇ قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشىغا ئىجازەت بېرىشنى سورىدى، چىڭ ئوردىسى ئىجازەت بەرمىدى.

شۇ يىلى يېڭىسارلىق گۇلرەنا پاكىستانغا بېرىش يولىدا قەشقەردە كېسەل بىلەن قازا قىلدى، كىشىلەر ئۇنىڭ سەپەر ئۈچۈن جۇغلىغان ئىنتايىن كۆپ پۇلى بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ قۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 4 - يىلى (1799 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى فۇمىڭئا ئورۇنباسار باش بۇغلۇق سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئايدا چاڭ لىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. فۇ جۇن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاق جىيەكلىك خەنزۇلار

قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بوغى شېن باۋ يېڭىسارنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.
شۇ يىلى قەشقەرلىك قاسىمى ئېپىك داستانى «تەزكىرەئى ئارسلانخان»نى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئۇ جەمئىي 2112 مىسرا بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئارسلانخاننىڭ خوتەن بىلەن جەڭ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.
شۇ يىلى قەشقەر قوغاندىن ئەمىر ھوسەيىن سەبۇرىنىڭ غەزەل مەسنەۋىلەر توپلىمى پۈتكۈزۈلدى، بۇلار ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»غا تېكىست قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 6 - يىلى (1801 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى فۇ جۈن قاتارلىقلار مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ پۇل قىممىتىنى بېكىتىپ بېرىش توغرىسىدا خانغا مەكتۇپ يوللىدى. بىر سەرنى 260 يارماققا سۇندۇرۇشقا بولىدىغان بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 8 - يىلى (1803 - يىلى)

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تو جىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى خې نىڭ قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. خې نىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى رەتلەپ «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن 12 جىلدلىق كىتابنى يازدى. باش ياساۋۇل، ئامبار يانداشبېگى دا چىڭ ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.
12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چيەنچىڭ قوۋۇقىنىڭ ياساۋۇللىقى لۇڭ فۇ قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 9 - يىلى (1804 - يىلى)

1 - ئايدا ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى دا چىڭ خانئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئايدا ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى ناچىتاي ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئورگانىڭ خانئامبىلى ئارتاشىدى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

8 - ئايدا ياركەنتكە قاراشلىق شەرقىي يولدىكى 13 ھەربىي رابات 6 - ئايدىن كېيىن كەلگەن قىيانىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ھەربىي راباتتىن نۇرغۇن ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. خانئامبال بۇ ئىشنى يوقىرىغا يوللاپ راسخوت ئېلىپ رېمونت قىلدۇردى. ياركەنتنىڭ بارچۇق قاتارلىق كەنتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىدىن ئېلىنىدىغان زاكات كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى سىرتىدا ئۆزى ئۈچۈن چوڭ گۈمبەزلىك قەبرە ياساشقا كىرىشتى (ھازىرقى ئاق مازار)، بۇ قەبرە 1809 - يىلى پۈتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 11 - يىلى (1806 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەرنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى، دولو ئىناچخانى ئىسكەندەر قاتارلىق تۆت كىشى بىرگە بېيجىڭغا بېرىپ، شۈەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خې نىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. ئۇچتۇرپاننىڭ خانئامبىلى جىن چاڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەنزۇ قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى جالخانبۇ يېڭىسارنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 12 ـ يىلى (1807 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك بېگى قاتارلىق 16 كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىنۇۋمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ خانئامبىلى ئەيشىڭئا تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ئېن مىڭ قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى جىن چاڭ ئۇلاستايغا جاڭجۈن بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇچتۇرپاننىڭ خانئامبىلى فەن جيەنفېڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولدى. ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۈرۈمچىنى قوغداشقا ئەۋەتىلگەن ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى چېڭ لىن قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 13 ـ يىلى (1808 ـ يىلى)

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى فەن جيەنفېڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقتىن، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ سۈرگۈن قىلىندى. جى ناكەن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 14 ـ يىلى (1809 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا جى ناكەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى، سۇڭ جۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

1 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇللۇق مەنسىپى بىلەن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سۇڭ جۇن شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش ۋالىيلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ياركەنتنىڭ خانئامبىلى نايەنچېڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراشەھەرنىڭ خانئامبىلى خافېڭئا قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 15 ـ يىلى (1810 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ خانئامبىلى يىكېڭئا نايەنچېڭنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

8 ـ ئايدا يىكېڭئا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. تيې باۋ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 16 ـ يىلى (1811 ـ يىلى)

9 ـ ئايدا تيې باۋ سامساق بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىشقان قەشقەر ئاق تاغلىقلار مۇرىتى نەزەر قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئورۇنباسار باش بۇغلۇق مەنسىپى بېرىلدى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىناچىخان يۇنۇسقا 7 ـ دەرىجىلىك بەگلىك مەنسىپى بېرىلدى ھەمدە ئىككى يېرىم توپ تاۋار ـ دۇردۇن، ئىككى توپ يىپەك ئىنئام قىلىندى. مىڭبېگى ئابدۇللاغا 5 ـ دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تيې باۋ جېجياڭغا باش مۇپەتتىش بولۇپ يۆتكەلدى. ئاقسۇنىڭ خانئامبىلى فەن جيەنفېڭ يەنە قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى

ئامبىلى خافىڭئا ئىلىنىڭ باش بوغى قىلىپ يۆتكەلدى. گوچۇڭنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى چىڭ گې قەشقەرنىڭ يارده‌مچى نازارەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار مەھەللىلىرىدە يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. قەشقەرنىڭ ئەسلىدىكى ھاكىمبېگى ئىنانچىخان ئىسكەندەر ئۆلگەندە ئەسلىي يۇرتى تۇرپاننىڭ لۈكچۈنگە ئېلىپ كېلىنىپ قويۇلدى. ئوغلى يۇنۇس ئىنانچىخان بولۇپ، قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 17 - يىلى (1812 - يىلى)

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چىڭ گې بېۋاستە قاراشلىق تەپتىش قىلىپ يۆتكەلدى. 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇل لىڭ باۋ قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئايدا فەن جيەنفېڭ بەزى ئىشلار تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئېن چاڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى لىڭ باۋ ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىپ يۆتكەپ كېتىلدى. قۇمۇلنىڭ خانئامبىلى يۇ فۇ قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى)

قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇس ئىنانچىخان قوقەندنىڭ خانى ئۆمەرخان بىلەن مەخپىي ئالاقىلەشتى، ئۆمەرخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە قوقەندنىڭ قازى بېگى — سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى قويۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنى قاتتىق چەكلىدى. يۇنۇس يەنە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاشلىقىنى بېسىۋېلىپ يۇقىرى باھادا سېتىشىغا يول قويدى. ئۇلار زورلۇق -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زومبۇلۇق، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، تۆت ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇيغۇر پۇقرالار بۇنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە قەرز ھېسابىدا ئۇرۇق تارقىتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 19 ـ يىلى (1814 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى يۇ فۇ سېرىق خوشۇندىكى موڭغۇللارغا ئورۇنباسار باش بوغ بولدى.

شۇ ئايدا قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى، ئىنانچىخان يۇنۇس ئالدىنقى يىلى موللاسوپى، نىيازسوپى قاتارلىق تۆت كىشىگە سامساق بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئۇۋال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى يۇنۇسنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ مەڭگۈلۈك رىجىمغا ئالدى(بوۋىسىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلدى). خېيلۇڭجياڭغا سۈرگۈن قىلىنغان، تۆھمەت قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن تۆت كىشىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىندى. قەشقەرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبېگى ئىسھاق ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ جۈن بىلەن بىرگە بۇ دېلونى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەچكە، ئالاھىدە بىر توپ تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى ئۇرچىڭئا قاراشەھەرگە خانئامبال قىلىپ يۆتكەلدى. قاراشەھەر خانئامبىلى يۇڭ چىڭ قەشقەرگە ياردەمچى نازارەتچى قىلىپ تەيىنلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىن چاڭنىڭ بېيجىڭغا قايتىشىغا بۇيرۇق بېرىلدى. قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى،

ئورونباسار باش بوغ چىڭ نىڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزوڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 20 ـ يىلى (1815 ـ يىلى)

9 ـ ئايدا قەشقەر تاشمىلىق كەنتىدىكى زىياۋۇدۇن بىلەن تاغلىق قىرغىزلارنىڭ سەردارى تۇردى ئادەم باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاتخانىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ياردەمچى نازارەتچى ئامبال يۇڭ چىڭ قوشۇن چىقىرىپ بېسىقتۇردى، زىياۋۇدۇننى ئۆلتۈرۈۋەتتى، تۇردىنى پارچىلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى سۇڭ فۇ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. خوتەننىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى گوڭچۇبوزاق قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى، چىڭ نىڭ يارلىقىقا ئاساسەن بېيجىڭغا قايتتى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى زىياۋۇدۇننىڭ توپىلىڭىنى سېزەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەسلىدە ۋاسساللار مەھكىمىسىگە ئۇڭ قول ياندىش بەگلىككە ئۆستۈرۈلمەكچى بولغان چىڭ نىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇللۇقىقا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇچتۇرپانغا ئامبال قىلىندى. يۇڭ چىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇللۇقىقا چۈشۈرۈلۈپ، قاراشەھەرنىڭ خانئامباللىقىغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزوڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 21 ـ يىلى (1816 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى زىياۋۇدۇن توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشتا كۆچ چىقارغان قەشقەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك بېگى باباق، 5 ـ دەرىجىلىك بېگى پولات بىلەن ئىبراھىملارغا پۆپۈكلۈك بۆك، باباققا كۆك پۆپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىندى ھەمدە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنسىپى ئۆستۈرۈلدى.

شۇ ئايدا ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ جۈن قەشقەردىكى زىياۋۇدۇن توپىلىڭىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشتا يۇقىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي، تۇردى بىلەن زىياۋۇدۇننى ئۆلتۈرگەچكە، ۋەلىئەھدى مۇشاۋىرلىق مەنسىپى ئېلىپ تاشلىنىپ، بىرتەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى گوڭچۇبوزاققا 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇللۇق ئىنئام قىلىنىپ، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. لەشكىرىي پىرقىنىڭ ئاقساقىلى سۇناغا 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇللۇق ئىنئام قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 23 - يىلى (1818 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۇڭ فۇ يارلىق بويىچە بېيجىڭغا قايتتى. 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇل، ياركەنتنىڭ خانئامبىلى بىن جىڭ قەشقەرگە مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جياچىڭ 24 - يىلى (1819 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىن جىڭ سېرىق قوشۇن موڭغۇللىرىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىن جىڭ قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇسنىڭ بېغىدا قوقەندلىك سودىگەر سالىجاننىڭ قىزىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنى يامۇلغا ئېلىپ كېتىپ نومۇسىغا تەگدى. سالىجان غەزەپلەنگەنلىكىدىن قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى بىن جىڭنىڭ يامۇلى قورۇسىغا

تاشلاپ ھەيۋە قىلدى. ئىلى جاڭجۈنى چىڭ شىياڭ يارلىققا بىنائەن تەكشۈرۈشكە كەلدى. مەسئۇلىيەتنى بىن جىڭنىڭ قول ئاستىدىكى جاڭ دېفۇ، شۇ شەنلەرگە دۆڭگەپ، بىن جىڭنى ئاقلىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭ زامانىنىڭ جىياچىڭ 25 ـ يىلى (1820 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى سۇناغا باش ياساۋۇللۇق، شىنىڭنىڭ خانئامباللىقى بېرىلدى. 3 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل سېپۇجىڭئا قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

8 ـ ئايدا بۇرھانىددىننىڭ نەۋرىسى سامساق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جاھانگىر خوجا 300 ئادەمنى توپلاپ تۈنجى قېتىم قوقەندتىن كىرىپ مالىمانچىلىق تۇغدۇردى. سېپۇجىڭئا قوشۇن باشلاپ بېرىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاسىي قوشۇنىنى توسۇپ كۆپىنچىسىنى يوقاتتى. جاھانگىر خوجا قالغان 20 — 30 ئادىمىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئىلى جاڭجۈنى چىڭ شىياڭ شۇئان قەشقەرگە كېلىپ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈردى ۋە ئاۋامنى تىنچلاندۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى فۇجيەننىڭ تەيۋەن قورغىنىدا ھەربىي باش بۆغ بولغان ۋۇلۇڭئاغا ئورۇنباسار باش بۇغلۇق مەنسىپى بېرىلىپ، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. 3 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇلبەگ، قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى شىيۇ كۇن قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا چىڭ شىياڭ بىن جىڭ، شۇ شەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قىلمىشى دۇرۇس ئەمەس، دەپ مەلۇمات بەردى. چىڭ ھۆكۈمىتى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، قاتتىق سوراق قىلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ يىلدىن باشلاپ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىق قولىنى شىنجاڭغا ئۇزاتتى. كەشمىر، بەدەخشان، ھىندىستان، قوقەند قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن شىنجاڭغا زور مىقداردا ئەپيۇن كىرگۈزدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 1 - يىلى (1821 - يىلى)

3 - ئايدا قەشقەرنىڭ ئىلگىرىكى مەسلىھەتچى ئامبىلى بىن جىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىنى تەكشۈرمىگەنلىكى، قىلمىشىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ؛ خېيلۇڭجياڭغا سۈرگۈن قىلىندى. جاڭ جىڭ، سۈي شەنلەرنىڭ قىلمىشى ئىنتايىن قەبىھ بولغاچقا بىر يىل تاقاق سېلىنىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەرگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ مەمەت سىيىتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كۆچۈرۈشكە كۈمۈش ئىنئام قىلىندى.

12 - ئايدا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، سودا قىلىشقا ئىجازەت بېرىشىنى سورىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەر، ياركەنتلەرنى مۇھىم چېگرا جاي دەپ قاراپ، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋۇلۇڭئاغا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، يۇقىرىغا ئەينەن يوللاشنى بۇيرۇدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 2 - يىلى (1822 - يىلى)

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋۇلۇڭئا شىنىڭنىڭ خانئامباللىقىغا يۆتكەلدى. قەشقەرنىڭ يادەمچى نازارەتچى ئامبىلى شيۇ كۈنگە 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇلبەگلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ

مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. ئۆچتۇرپاننىڭ خانئامبىلى شۇ كۈن قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 3 - يىلى (1823 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شۇ كۈن خوتەننىڭ خانئامباللىقىغا يۆتكەلدى، ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى بۇيەنتەيگە باش ياساۋۇللۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇيەنتەي قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا چۈشۈرۈلدى. قاراشەھەر خانئامبىلى يۈڭ چىن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. ئىلگىرىكى ياردەمچى نازارەتچى ئامبال شۇ كۈن قاراشەھەرنىڭ خانئامباللىقىغا يۆتكەلدى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەرنىڭ 6 - دەرىجىلىك مىڭبېگى قاتارلىق 16 كىشى بىرگە بېيجىڭغا بېرىپ، شىنۇۋمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇيەنتەينىڭ بېيجىڭغا قايتىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى، سېرىق جىيەكلىك قوشۇننىڭ مۇھاپىزەتچى چېرىكچىسى بايەنباتۇر قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 4 - يىلى (1824 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەرنىڭ مىرابېگى بۇبا قاتارلىق ئىككى كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىنۇۋمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

9 - ئايدا بايەنباتۇر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن 300 نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەشكەرنى باشلاپ، جاھانگىر خوجا باندىتلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ پامىرغا باردى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بايەنباتۇر بۇيرۇتلار جاھانگىر خوجىنى يوشۇرۇپ قويىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، قوشۇنلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ 100 دىن كۆپرەك ئايال ۋە بالىلىرىنى ئۆلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 5 - يىلى (1825 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يۇڭ چىنغا «سېرىق جىيەكلىك خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ باش بۇغى» دېگەن مەنسەپ بېرىلدى.

9 - ئايدا ئالدىنقى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجىنى يوقىتىشقا بارغاندا بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرگەنلىكتىن، بۇيرۇتلارنىڭ سەركەردىسى تىلەك قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ، بايەنباتۇرنى قەشقەردە قورشىۋالدى. ئىلى جاڭجۈنى چىڭ شياڭ ئاغلاقچى ئامبال مۇكېدىڭبۇنى قوشۇن باشلاپ ياردەمگە بېرىشقا بۇيرۇدى.

10 - ئايدا يۇڭ چىن ئۆلدى.

11 - ئايدا چىڭ شياڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەپ تۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ شياڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا، قوشۇمچە سېرىق جىيەكلىك خەنزۇ قوشۇنىنىڭ باش بۇغلۇقىغا قويۇلدى. ئۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغۇچە قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىنى مۇكېدىڭبۇ ۋاكالىتەن ئۆتەپ تۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك سودا بېگى پولات قاتارلىق بەش كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىنۇۋمېن

دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ 500 ئەمەلدار چېرىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 500 ئات بىلەن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چىڭ شىياڭنىڭ ئىلتىجاسىغا ئاساسەن، ئاقسۇنىڭ بەيسى ھاكىمبېگى مەھمۇد ھادى، 5 ـ دەرىجىلىك خەزىنىچىبەگ سىدىق ۋە ياركەنتنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بېگى مۇھەممەد شېرىپ، خوتەن يۇرۇڭقاشنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئابدۇللانىڭ قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىشىگە رۇخسەت قىلىندى.

6 ـ ئايدا جاھانگىر خوجا قوقەندلىكلەر ۋە قىرغىزلاردىن بولۇپ 500 قوراللىق كىشىنى توپلاپ، ئۈچىنچى قېتىم چېگرىدىن كىرىپ، قەشقەرگە 80 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئاتۇش كەنتىدە تۇنجى تايانچ بازىسىنى قۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭ شىياڭ 1000 كىشىلىك قوشۇننى قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتتى. جاھانگىر خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكتىن پايدىلىنىپ، ئاق تاغلىقلار مۇرتلىرىدىن 10 مىڭدەك ئادەمنى قوترىتىپ ۋە مەجبۇرلاپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى چىڭ بولغاچقا، ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىر خوجا قوقەندتىن ياردەم سورىدى ھەمدە «ئەگەر قەشقەر كونىشەھەرنى ئالىدىغان بولسام، سېنىڭ ھىممىتىڭنى ساھىبجامال، قاشتېشى، تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، قەشقەرنى سىلەرگە ئايرىپ بېرىش ئارقىلىق قايتۇرىمەن» دەپ ۋەدە بەردى. قوقەندلىك مەدەلىخان 300 ئادەمنى باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ جاھانگىر خوجىغا ياردەم بەردى، لېكىن ئۇزاققىچە ئالالمىدى. مەدەلىخان چېكىنىدىغان چاغدا جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوشۇۋېلىپ، 3000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

7 - ئايدا جاھانگىر خوجا قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ھاكىمبەگ مۇھەممەد سىيىت بىلەن قايتىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىنانچىخان يۇنۇس جەڭدە تەڭ ئۆلدى، يۇنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇردىن ئەسىرگە ئېلىندى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جاھانگىر خوجىنىڭ باندىت قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. مەسلىھەتچى ئامبال چىڭ شياڭ، يارەدەمچى نازارەتچى ئامبال شۇرخاشەنلەر ئۆلدى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى «سەيىد جاھانگىر خوجا سۇلتان» دەپ ئاتىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، يېڭىسار، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە 20 نەچچە جاسۇسنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، جاھانگىر خوجىغا مەسلىھەتچى قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈپ، ياردەم قىلدى.

شۇ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى جاڭجۈنى چاڭ يىڭغا «سۈر - ھەيۋەتلىك سانغۇن» دەپ نام بېرىپ، ئالدىنقى سەپتە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ يۈچۈن شەندۇڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇلۇڭئالارنى مەسلىھەتچى قىلىپ، چىڭ قوشۇنىدىن 36 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى توپلاپ، ئاقسۇ ئەتراپىغا يىغىپ، جاھانگىر خوجىنى قورشاپ يوقىتىش جېڭىنى باشلىدى.

10 - ئايدا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭ شياڭغا «ۋەلىئەھدى مۇشاۋىرى» لىق مەرتىۋىسى بېرىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شۋەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى)**

2 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ 22 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەمدىن شەكىللەنگەن غوللۇق كۈچى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ مارالبېشىنى ئىگىلىدى.

**3** - ئاينىڭ **22** - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرنىڭ شەرقىگە 150 چاقىرىم كېلىدىغان شاپتۇلدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى تارمار قىلىپ، قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى.

**3** - ئاينىڭ **26** - كۈنى كەچتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قەشقەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ئارقا - ئارقىدىن ئىگىلەندى. جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن نەچچە 10 ئادەم قېچىپ كەتتى. قەشقەر ئۇرۇشى غەلىبىسىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، يېڭىسار، ياركەنتلەرنى ئالدى.

**4** - ئاينىڭ **24** - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوتەنگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىندى. جاھانگىر خوجا پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغلار ئارىسىغا قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانى چاڭ لىڭ قاتارلىقلارغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇپ، كېيىنكى ئاپەتنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

**5** - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنىڭ يېڭى - كونا سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى.

**9** - ئاينىڭ **11** - كۈنى شەندۇڭلۇق باش مۇپەتتىش ۋۇلۇڭئا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. چىڭ رۇي، سۇچىڭئالار قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. كۇچا بەيسىبېگى ھادىنىڭ نەۋرىسى ئىسھاق جاھانگىر خوجىنى يوقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلدى ۋە ۋاقىتىنچە قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامباللىقىغا قويۇلدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە نامراتلارنى يىغىپ قەشقەر دەرياسى بويىدا بىنەم ئۆزلەشتۇردى، قىزىل دەريا كۆۋرۈكى قەلئەسىنى ياساتتى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كۇچا خانئامبىلى نايەنباۋ ئورۇنباسار باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بىلەن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى (ۋەزىپىگە ئولتۇرمىدى).

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى)

يىل بېشىدا جاھانگىر خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چاغاندا مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇپ قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە 500 دىن كۆپرەك ئادەمنى توپلاپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ قارا تېكە تېغىغىچە چېكىندۇردى. كەسكىن جەڭ قىلىشقاندىن كېيىن، ئورۇنباسار سانغۇن خۇ چاۋ، باش دىۋان دۇەن يۇڭفۇلار ئۇنى تىرىك تۇتتى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ كاللىسى ئېلىندى. يالاپ ئېلىپ بارغان ئەمەلدارلار ئىچىدىن 4 ـ دەرىجىلىك تاج كىيگەن كۇچالىق 5 ـ دەرىجىلىك سودا بېگى سىدىقتا 3 ـ دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك بۆك، بەش پۆپۈكلۈك تاج تاقىغان قەشقەرنىڭ 6 ـ دەرىجىلىك مىرابېگى مامۇتقا 4 ـ دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىشتىكى 40 تۆھپىكارنىڭ سۈرىتىنى جۇڭنەنخەيدىكى زىگۇاڭگې زالىغا سىزىش بۇيرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى سۇچىڭئا موڭغۇل كۆك خوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۇمىلاقشەھەر ئالدىنقى يىلى ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى، سۇر - ھەيۋەتلىك جاڭجۈن چاڭ لىڭ قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا خەنزۇ شەھىرى (ھازىرقى يېڭىشەھەر) سېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. بۇ شەھەر پۈتكەندىن كېيىن. داۋگۇاڭ خان «恢武» دېگەن نامنى بېرىپ، مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا ئېلان قىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر، ياركەنت. يېڭىسار، خوتەن شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق مۇداپىئە سانغۇنى، چارلىغۇچى، باش دىۋان، بەگلەرگە سەپەر خەرىتىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى بىۋاستە قاراشلىق باش ۋالىي، قەشقەردە تۇرۇشلۇق خان مۇپەتتىشى نايەنچېڭ قەشقەر، ياركەنت. ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئامبال يامۇلىدا خەزىنە تەسىس قىلىشنى تەستىقلاتتى.

شۇ يىلى نايەنچېڭ تەستىق ئارقىلىق قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقىنىغا 10 يىل ياكى 10 يىلدىن ئارتۇق بولغان، چاي، رەۋەن بېسىۋالغان قوقەندلىك مۇھاجىرلار ئائىلىسىدىن 289 نى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، قوغلاپ چىقىرىلمىغانلىرىنىڭ سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 9 - يىلى (1829 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياركەنتنىڭ خانئامبىلى جالۇڭئاغا ئورۇنباسار باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى. ئۇچتۇرپاننىڭ خانئامبىلى بۇيەنتەي قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش بۇغلۇقىغا يۆتكەلدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسھاق چىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپىلاڭنى تىنچىتىشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئىنانچىخان، تەرتىپ ئامبىلى، قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى، تەدبىرلىك باتۇر» دېگەن مەرتىۋىلەر بېرىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئەھمەد چىيەنچېگىمېن ياساۋۇللۇقىغا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۇيەنتەي كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى، يېڭىسارنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى دولۇڭۇۋ قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش بۇغلۇقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جالۇڭئا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەنزۇ سېرىق خوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى جالۇڭئا موڭغۇل قىزىل خوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكى قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەنلىكتىن، ھاكىمبەگ، ئىنانچىخان ئىسھاقىقا تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلىندى.

شۇ يىلى قەشقەردە باج ئىدارىسىنىڭ چاي بېجى يىغىشىنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى. توختىتىلغان كۈنگە قەدەر قەشقەر باج ئىدارىسى چاي بېجى ئۈچۈن جەمئىي 6315 سەر كۈمۈش يىغىۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى)

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى تاسقا قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئەسلىدىكى ياردەمچى نازارەتچى ئامبال ئېرگولۇن ئىلىنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى.

**7** - ئايدا قوقەند مەدەلىخان قوشۇنىدىكىلەر جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۈسۈپنى ئۈنىمىغىنىغا قارىماي ئېلىپ كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

**9** - ئايدا قوقەند قوشۇنى قەشقەر، يېڭىسار شەھەرلىرىنى قورشىۋالدى، 10 - ئايدا قەشقەر ۋە يېڭىسارنى ئىگىلىۋالدى. قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى تاسقا جەڭدە ئۆلدى. قوقەند قوشۇنلىرى بۆلۈنۈپ ياركەنتكە ھۇجۇم قىلدى.

**10** - ئاينىڭ **11** - كۈنى قوقەند قوشۇنىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يەركەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە ياركەنت شەھىرىنى قورشىۋېلىپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ياركەنتنىڭ خانئامبىلى بى چاڭ 1200 دىن كۆپرەك چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، شەھەرنى قوغداپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى بىرقانچە قېتىم بەربات قىلدى.

**11** - ئاينىڭ **4** - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ ياساۋۇلبېگى خافېڭئا، ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى شياۋ شۇندەي 3500 نەپەر چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرىنى باشلاپ ياركەنتكە قاراپ ئاتلاندى، ئۇلار شەھەرنىڭ جەنۇبىغا 40 چاقىرىم كېلىدىغان دەريا كۆۋرۈكىدە دۈشمەن بىلەن تۇتۇشتى، دۈشمەنلەردىن نەچچە ئوننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ياركەنتنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇردى.

**12** - ئايدا خان مۇپەتتىشى چاڭ لىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن 40 مىڭ ئادەمنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا كەلدى. قوقەند قوشۇنى ئالدىراپ - تېنەپ يېڭىسار ۋە قەشقەرنى تاشلاپ قاچتى. قاچقان چاغدا يول بويى تالان - تاراج قىلىپ، 12 مىڭ ئادەمنى قوقەندكە بۇلاپ كەتتى، سوغۇق، ئاچلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشى ئۆلدى. يېڭىسارنىڭ ئۈجمەچاغرا كەنتىدىن 69 ئۇيغۇر دېھقان باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. يۈسۈپ قوقەندكە قېچىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 11 - يىلى (1831 - يىلى)

2 - ئايدا جالۇڭئا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. خالىڭئا، ياڭ فاڭلار قەشقەرنى قوغدىغۇچى مەسلىھەتچى ئامباللىققا، ۋۇ جېنتەي قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياركەنتنىڭ خانئامبىلى بى چاڭ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. باش ياساۋۇل، ئورۇنباسار باش بۇغ شۇلىڭئاغا قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقى بېرىلدى.

6 - ئايدا چاڭ لىڭ قەشقەرگە بېرىپ باندىتلارنى تازىلاش ۋە كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇلدى.

7 - ئايدا جالۇڭئا قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىنانچىخان ئىسھاقنى ئاسىيلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ تۆھمەت قىلغانلىقتىن، جالۇڭئانىڭ كاللىسى ئېلىندى. مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەردىن ياركەنتكە كۆچۈرۈلدى، ئۇ «ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى» دەپ ئاتالدى.

10 - ئايدا قەشقەرنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى ئاغلاقچى ئامباللىققا ئۆزگەرتىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلى ئېرگولۇن قەشقەرگە ئاغلاقچى ئامباللىققا، گەنسۇ لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ياردەمچى ئورۇنباسار سانغۇنى جۇ يۆشىڭ باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بىلەن قەشقەرنىڭ چېگرا مۇھاپىزەت مۇۋەققەت باش بۇغلۇقىغا قويۇلدى. يۈنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇردىن قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى.

يىل ئاخىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى قوقەندلىكلەرنىڭ قەشقەردە سودا قىلىشىغا يول قويدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى)

6 - ئايدا قوقەند خانلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى. ئالدىنقى يىلى بۇلاپ كەتكەن قەشقەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالارنى قايتۇرۇپ بەردى ھەم 100 نەچچە كىشىلىك سودا قوشۇنىنى قەشقەردە سودا قىلىشقا ئەۋەتتى.

چىڭ ھۆكۈمىتى سودا بىجىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. قەشقەر، ياركەنتنىڭ سىرتىدىكى قەبىلىلەردىن ياكى بۇيرۇتلاردىن شەھەرگە كىرىپ سودا قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلاردىن باج ئېلىش بىردەك كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى بارچۇق قەلئەسى سېلىندى، ئاشلىق ساقلىغۇچى قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 13 - يىلى (1833 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ياركەنتنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ۋۇ جېنتەي قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىلىنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى شىلاڭئا قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

4 - ئايدا قەشقەر، ياركەنتلەرنىڭ داۋگۇاڭ 11 - ، 12 - يىللىرىدىكى ئۇلپانلىرى كەچۈرۈم قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ يۈچۈن 78 مىڭ 913 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ داۋگۇاڭ 14 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلىدى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوقەند خانلىقىنىڭ قەشقەردە ئاقساقال (سودىگەرلەر باشلىقى) تۇرغۇزۇپ، ئەنجان سودىگەرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ماقۇل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 14 - يىلى (1834 - يىلى)

2 - ئايدا بارچۇقنىڭ مۇداپىئە باش بوغى ئورۇنباسار سانغونلۇققا ئۆزگەرتىلدى.

3 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭ چىڭ ئورۇمچىنىڭ باش بوغلۇقىغا تەيىنلەندى، ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى سىن دېغا ئورۇنباسار ياساۋۇلبېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

6 - ئايدا ياركەنت قاتارلىق ئۈچ شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇشى كەچۈرۈم قىلىندى ياكى كېچىكتۈرۈلدى.

7 - ئايدا سۇچېڭئا بارچۇق ۋە قەشقەرلەرنىڭ بىنەم ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلدى.

شۇ يىلى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ يۈچۈن 10 مىڭ 300 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قەشقەر، يېڭىسار شەھەرلىرىنىڭ داۋگۇاڭ 15 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 15 - يىلى (1835 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك سودا بېگى مىرقاسىم قاتارلىق ئىككى كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شيۆەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇسۇڭئا 85 مىڭ 903 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قەشقەر، يېڭىسار شەھەرلىرىنىڭ داۋگۇاڭ 16 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلىدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىلاڭئا بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كېتىلدى. ئىلىنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى شۇ چاڭ قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

شۇ يىلى قەشقەرلىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ تارىخى

داستانى «رابىيە - سەئىدىن» يېزىپ پۈتكۈزۈلدى.
شۇ يىلى ئۇيغۇر تېۋىپ سىيىت مۇختەر بولاق قەشقەردە «داۋالاش ۋە كۈتۈش» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ تۈگەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 16 - يىلى (1836 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەرنىڭ 5 - دەرىجىلىك هاكىمبېگى هەبىبۇللا قاتارلىق ئىككى كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىيۈەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.
11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شۇ چاغ بىلەن مۇداپىئە باش بوغى لىيۇ يۇنجۇڭ سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. گەنسۇ قورغىنىنىڭ باش بوغى فۇشىڭئاغا موڭغۇل كۆك خوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار باش بوغلۇق مەرتىۋىسى ئېلىپ بېرىلىپ، قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا قويۇلدى. ئىلىنىڭ مۇداپىئە باش بوغى قەشقەرنىڭ مۇداپىئە باش بوغلۇقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 17 - يىلى (1837 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ياركەنتنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ۋۇجىنتەي قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى. گەنسۇدىكى جىنتاسى بارگاھىنىڭ ئورۇنباسار سانغۇنى خالجىيېخۇ قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش بوغى بولدى.
1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر تاشمىلىقنىڭ 5 - دەرىجىلىك هاكىمبېگى ئابدۇرەشىد قاتارلىق ئىككى كىشى بېيجىڭغا بېرىپ شىيۈەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.
1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئابدۇرەشىدكە 4 - دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىندى.
2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گەنسۇ سۇجۇ قورغىنىنىڭ باش بوغى دۇ دې قەشقەرنىڭ مۇداپىئە باش بوغلۇقىغا يۆتكەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5 - ئايدا ئاشلىق توشۇغۇچى باش ۋالىي ئىنتىخىگىئاغا باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۈ دې كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى. شەنشى خېجۇ قورغىنىنىڭ باش بۇغى شۇ خۋاچىڭ قەشقەرنىڭ مۇداپىئە باش بۇغلۇقىغا قويۇلدى.

شۇ يىلى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئىنتىخىگىئا ئىلان چىقىرىپ، ئەپيۇن ئىلىپ ساتقان، چەككەنلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئېغىر جازالىغاچقا ئەپيۇن چەكلەش دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بەردى. ياركەنتنىڭ تەسىرى بىلەن كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەردىمۇ ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 18 - يىلى (1838 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك بېگى مەمەت رېھىم قاتارلىق تۆت كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىيۈەنمېن دەرۋازىسى سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇسۇڭگىئا 81 مىڭ 800 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ داۋگۇاڭ 19 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلىدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇردىن قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى يولاقشەھەرنى كېڭەيتتى، شەھەر ئىچىنى ئوڭلاپ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 19 - يىلى (1839 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك سودا

بېگى ياقۇپ قاتارلىق توت كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، شىيۇەنمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى، 2 - دەرىجىلىك تەيجى زوھۇرىدىن بوز يەر ئېچىپ يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، مۇسۇلمانلار شەھىرىنى رېمونت قىلىشتا كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، تەرتىپ ئامبىلى مەرتىۋىسى بېرىلدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇسۇڭئا 95 مىڭ 116 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قەشقەر، يېڭىسارنىڭ داۋگۇاڭ 20 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلىدى.

قىش قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى فۇشىڭئا ئەپيۇنكەشلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تۇتۇپ بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەپيۇن چېكىش دېلوسىدىن يەتتىسى پاش قىلىندى، 400 سەردىن كۆپرەك ئەپيۇن، ئالتە چىلىمدان قولغا چۈشۈرۈلدى ھەممە جامائەت ئالدىدا كۆيدۈرۈلدى، ئەپيۇنكەشلەر جازالاندى. بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، 870 سەردىن كۆپرەك ئەپيۇننى تاپشۇردى. فۇشىڭئا بىر تەرەپتىن ھاكىمبەگنى چېگرا سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك سودا ئورۇنلىرى بىلەن كەسكىن سۆزلىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرا ئىچىدىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، بىر بۆلەك چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ 2666 سەر ئەپيۇننى تاپشۇرغۇزدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 20 - يىلى (1840 - يىلى)**

ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېنتېخىڭئا چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ: «‹چۈەن تەيشياڭ›، ‹چۈەن خېشياڭ› دەيدىغان سودا نامى بار ما دېگۈي، فېڭ يۈسەي قاتارلىق ئەپيۇنكەشلەرنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قولغا چۈشۈردۇق، ئۇلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەپيۇنكەشلىك قىلىپ يۈرگەن رۇڭ جىشياڭ، فېڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشيۇلارنى پاش قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قانتىق سوتلاۋاتىمىز. چەت ئەللىك ئەپيۇنكەشلەر خۇپىيانە ساقلاۋاتقان 263 مىڭ 839 سەر ئەپيۇننى تاپشۇردى» دېدى. ئىنتېخبۇنا يەنە ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى ئىسمائىلغا ياركەنتنىڭ ئەپيۇن چەكلەش ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭغا خۇدايداد (چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ كاتتىۋېشى) قا ئەگەر يەنە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ كىرىدىغان بولسا، ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ نازارەت قىلىشتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى دەپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئىنتېخبۇنا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى شەھەرلەردىن يىغىۋېلىنغان 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئەپيۇننىڭ ھەممىسىنى ياركەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە يىغىلغان جامائەتكە قارىتىپ تۇرۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەپيۇن ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيدى. تارىختا بۇ «ياركەنتتە ئەپيۇن كۆيدۈرۈش» دەپ ئاتالدى.

شۇ ئاردا قەشقەردە ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرىدىن تەكشۈرۈپ ئېلىنغان 2260 سەر ئەپيۇن يوقىرىغا تاپشۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى ئىسمائىل قەبىلىلەردە تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەپيۇنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چەت ئەللىك سودىگەرلەر، جۈملىدىن ئەنگلىيىلىك، رۇسىيىلىك ئەپيۇنكەشلەرنىڭ 100 مىڭ سەر ئەپيۇننى تاپشۇرغۇزۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە ئۇلارنى توۋا قىلدۇردى.

1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە قەشقەردە 268 مىڭ 900 سەر ئەپيۇن كۆيدۈرۈلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەردە يىغىۋېلىنغان ئەپيۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ياركەنتكە ئېلىپ بېرىشنى، ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ ئۇنى

كۆيدۇرۇشكە نازارەتچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى فۇشەنگئا ئىلىنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا ئۆستۈرۈلدى. تاربىغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى خۋا شەنتەي قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇسۇڭئا ياركەنت، بارچۇقلارغا 64 مىڭ 900 سەر، قەشقەر، يېڭىسارلارغا 73 مىڭ سەر كۆمۈش ئاجرىتىپ، داۋگۇاڭ 21 - يىللىق خىراجىتىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گەنسۇ سۈمۇ قورغىنىنىڭ باش بۇغى جۇ كېدېڭ قەشقەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

12 - ئايدا ياركەنتنىڭ باش دىۋانبېگى لۇ جېنخۇڭ، مىڭبېشى جۇ گۇاڭسەيلەر قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئەپيون ئىلىپ - سېتىش، چېكىش ئىشىنى تەكشۈرۈشتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېنتېخېڭئا شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسىغا قارىدى. ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى تۇمىڭئاغا ياساۋۇلبېگى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەندى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 21 - يىلى (1841 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەرنىڭ 5 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئابدۇسېيىت قاتارلىق ئىككى كىشى بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭجېڭدىيەن سارىيىدا خانغا سالام بەردى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا خانلىقىدىن نەسرۇللا بەگ ئىبراھىم، پەرسا خوجا قاتارلىق ئىككى ئەلچىدىن قەشقەرگە خەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قوقەند خانلىقىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ياركەنتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتچى ئامبىلى تۇمىڭئا ئەلچىلەرگە زىياپەت بەردى ۋە سوۋغا - سالام يوللىدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇخارا خانلىقىنىڭ ئىككى ئەلچىسى قەشقەردىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتتى.

## 23 - چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ يىلى (1843 - يىلى)

3 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى تۇمىڭئا بۇيرۇق بويىچە بېيجىڭغا قايتىپ كەتتى. قاراشەھەرنىڭ خانئامبىلى لىيەن شۇن ئورۇنباسار باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئايدا كەيمىڭئا خۇا شەنتەيىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى لىيەن شۇن بىلەن خوتەننىڭ خانئامبىلى دامىڭئا بىر - بىرى ئۈستىدىن مەلۇمات يوللىدى. بۇ ئىش ئىلى جاڭجۈنى يەن تەيىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ياركەنت ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى يى جىڭغا 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇللۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

## 24 - چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ يىلى (1844 - يىلى)

10 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يى جىڭ ئىلىنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دۇۋانبېگى لىن كۈيگە 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇللۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

12 - ئايدا لىن زېشۈ بۇيرۇقىقا ئاساسەن قەشقەر، ياركەنتكە كېلىپ، بوز يەر ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بېگى ئابدۇخالىق قاتارلىقلار پايتەختكە بېرىپ، جۇڭجېڭدىيەن سارىيىدا خانغا سالام بەردى. ئەتىسى جۇڭخۇاگۇڭ سارىيىدا ئۇلارغا تاماق بېرىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە لىن زېشۇ قەشقەرگە كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەكشۈردى. شۇ يەردىكى ئاخۇن ھاموت قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، باشقا ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىگىلىدى. لىن زېشۇ خاتىرىسىگە: «قەشقەر قەلئەسى كېسەكتىن سوقۇلغان بولسىمۇ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىكەن، مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن» دەپ يازغان.

5 - ئايدا ياركەنتلىك قوۋان دېگەن كىشى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزۇرۇكخانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قەشقەرلىك تۆمۈرچى ھاۋاز بىلەن بىرلىكتە چېگرا سىرتىدىكى بۇيرۇت (قىرغىز) لار بىلەن بىرلىشىپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. يېڭىسار بېگى ئۇيغۇر سەرۋازلىرىنى باشلاپ چىقىپ ئۇلارنى چېكىندۇردى. قوۋان ئەسىرگە چۈشتى، ھاۋازغا ئوق تېگىپ ئۆلدى.

12 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى لىن كۇي كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى، ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى سەيشىيالتەي مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى)

7 - ئايدا قوۋان دېلوسى ئەينەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىدى. قوۋاننىڭ ئەسلىي ئىسمى شەمشىدىن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«بۇزرۇكخان» ئەمەس، ھەتتا قارشىلىشىش قىلمىشمۇ بولمىغان پەقەت ھاراق ـ شاراب ئىچىش، قىمار ئويناش، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش، ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە تېگىش، ئالداپ ئېلىپ كېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەنلا شۇغۇللانغان دەپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىلگەن.

شۇ ئايدا قوقەندنىڭ نائىب خانى مۇسۇلمانقۇل چىڭ ھۆكۈمىتىدىن تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەر ۋە بەدەخشان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان باجغا خودايدادنىڭ ئىگە بولۇشىنى، سېرىقيارىدا باج يىغىش ئۈچۈن قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى، خودايداد چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سېرىقيارغا ئادەم ئەۋەتىپ قاراۋۇلخانا قۇردى ھەمدە بۇيرۇتلار ئاقساقاللىرىنى چىڭ سۇلالىسى ئىنئام قىلغان پوپوكلۇك بۆكنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى. ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى سەيشىيالىتەي ئۇنى قايىل قىلىپ قاتتىق سۆكتى. خودايداد قايىل بولۇپ، ئۆز ئالدىغا قۇرۇۋالغان باج يىغىش قاراۋۇلخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 27 ـ يىلى (1847 ـ يىلى)

ئەتىيازدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ ۋە باھاۋۇدۇنلارنىڭ يەتتە ئوغلى ئۆزلىرىنى «يەتتە خوجا» دەپ ئاتاشتى. يۈسۈپنىڭ چوڭ ئوغلى مەمەتئىمىن (كاتتا تۆرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) باش بولۇپ، باھاۋۇدۇننىڭ چوڭ ئوغلى تەۋەككۇل بىلەن ئىككىنچى ئوغلى ۋەلىخان ئورۇنباسار بولۇپ، نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن قوقەند چېگرىسىغا كېلىپ، قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىشكە پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاسساللار مەھكىمىسى چاررۇسىيىنىڭ تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەرلەر بىلەن

بولغان سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى.

8 - ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى سەيشىيالىتەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، يى شەنگە ياساۋۇلبەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا يەتتە خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى قەشقەر كونىشەھەرنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالدى. قەشقەر يېڭىشەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا ياركەنت، يېڭىسارلارغا ھۇجۇم قىلدى.

9 - ئايدا توپىلاڭچى قوشۇن لايلىق، مانات، ھالانگىر قاتارلىق ئۆتەڭلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۆتەڭدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتلارنى بۇلاپ كەتتى، خەت - ئالاقە بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى.

10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بارچۇقنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆتەڭلەردە قاچقۇن دۈشمەننى قورشاپ يوقىتىپ، يولنى راۋانلاشتۇردى. ياركەنتتىن بارچۇققا بارىدىغان يولمۇ راۋانلاشتى.

شۇ ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يى شەن يېڭىساردىن يۈرۈش قىلىپ كۆكراباتقىچە بېرىپ، توپىلاڭچى قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەتتە خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلدى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە قانۇنسىز ھالدا تاشقورغاندا قورغان سالدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى شۆەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 28 - يىلى (1848 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قوقەند خانلىقىدىن مىڭبېشى مۇسۇلمانقۇل قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەكتۇپىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ئايدا قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرلۇك سېلىقلىرى كەچۈرۈم قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يى شەن ئىلىنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى جى مىڭ مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى قوقەندلىكلەرنىڭ سودا بېجىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش كەچۈرۈم قىلىشنى، خۇدايدادنى قويۇپ بېرىشنى تەستىقلىدى. يى شەننى ئىلىغا يۆتكىدى. جى مىڭنى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قوقەندلىكلەرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارى 19 كىشىنى باشلاپ مال ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى ھەمدە ئالدىنقى يىلى قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن تەھدىت سېلىپ ئېلىپ كەتكەن 18 مىڭ 280 ئادەمنى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇپ بەردى.

شۇ يىلى قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ بارلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى ئۇيغۇر شائىرى، قەشقەر بۇلاقبېشىلىق ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1848 ـ يىلىغىچە) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ 33 مىڭ مىسرالىق «مۇھەببەت داستانلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «رابىيە ـ سەئىدىن» دېگەن ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 29 ـ يىلى (1849 ـ يىلى)

2 ـ، 3 ـ ئايلاردا قوقەندكە مەكتۇپ ئېلىپ بارغان قەشقەرلىك بەگ قوقەندنىڭ ئوش شەھىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن قەشقەر، يېڭىسارلىق 1000 دىن ئارتۇق پۇقرانى قايتۇرۇپ كەلدى. 226 قوقەندلىك سودىگەر 647 ئات، 870 توپ مال ئېلىپ سودا قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

4 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى دې لىڭ

مەسلىھەتچى ئامبال بولدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دې لىڭ ياساۋۇلبېگى مەرتىۋىسى بىلەن ياركەنتتىنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى شۈەنزۇڭ زامانىنىڭ داۋگۇاڭ 30 - يىلى (1850 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى چاررۇسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتايلاردا سودا قىلىشىنى تەستىقلىدى، قەشقەردە سودا قىلىشىغا قوشۇلمىدى.

شۇ يىلى تېكېشكىئا شرابۇنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى بولدى. لىن زېشۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن تارتىپ شۇ چاغقىچە قەشقەردە 83 مىڭ 298 مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 1 - يىلى (1851 - يىلى)

5 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە سودا ئېغىزى ئېچىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 2 - يىلى (1852 - يىلى)

7 - ئايدا ياركەنت ھاكىمبېگى ئىنانچخان ئەھمەد شۇ يىلى بېيجىڭغا باردىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، يول راسخوتى ئۈچۈن ھەرقايسى كەنتلەردىن 1000 يامبۇ، 2000 دانە قوزا تېرىسىنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقتىن، ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى باھاۋۇدۇننىڭ چوڭ ئوغلى تەۋەككۇل بىلەن ئىككىنچى ئوغلى ۋەلىخان قاتارلىقلار 100 گە يېقىن ئادەمنى باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم قەشقەر، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراۋۇلخانا ۋە كەنتلەرنى بۇلاپ، ئاممىنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن ئۇلار چېگرا سىرتىغا قېچىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 3 - يىلى (1853 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى دې لىڭ، ياردەمچى نازارەتچى ئامبال ۋېي رېنفېڭلار ئەھمەدنىڭ سېلىق چېچىش، پارا ئېلىش ئىشىدىن خەۋەر تېپىپمۇ سۈرۈشتە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، جازا پىرقىسىنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى فېڭ شېن ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىلىنىڭ ھەربىي قوشۇنى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. قەشقەردىكى كونا قىسىملارنىڭ يازغىچە قەشقەردىن ئايرىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى.

10 - ئايدا تېكېشىڭگا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، چاڭ چىڭ قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 4 - يىلى (1854 - يىلى)

1 - ئايدا قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى چاڭ چىڭ ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. جالىپىنتاي قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي مۇداپىئە تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولدى. ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مۇداپىئە قىسمىدىن 1062 ئەسكەر قىسقارتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن چىققان بوشلۇقنى قىسقارتىلغانلار ۋە قېلىشنى خالايدىغانلار ئىچىدىن تولۇقلىدى، بىر قىسمىنى شۇ

يەردىن قوبۇل قىلدى.

3 - ئايدا ياركەنت، قەشقەرلەرنىڭ داۋگۇاڭ 27 - يىللىق ئۇلپىنى كەچۈرۈم قىلىندى.

8 - ئايدا قەشقەر خانئىرىقلىق شاھمۇمىن ئۆزىنى جاھانگىر خوجىنىڭ ئەۋلادى دېيىلىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىچىتقۇ دېگەن يەردىكى ھەربىي راباتنى، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئەسكەرلەرنى ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. مەسلىھەتچى ئامبال چاڭ چىڭ قەشقەرنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى مامۇت بىلەن ياركەنتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئاقلايدۇلارنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 5 - يىلى (1855 - يىلى)

2 - ، 3 - ئايلاردا قەشقەردە 100 يارماقلىق، 50 يارماقلىق، 10 يارماقلىق پۇللار قۇيۇلدى. 100 يارماقلىق پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 6.5 مىسقال، 50 يارماقلىق پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 4.2 مىسقال، 10 يارماقلىق پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 1.5 مىسقال ئىدى. بۇ پۇللار شيەنفېڭ 9 - يىلى (1859 - يىلى) غىچە ئىشلىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ياركەنت تەۋەسىدە ۋە ئۇچتۇرپان، قەشقەرلەردە مىس كان بايقالدى. كانلارنى ئېچىپ، ھەرخىل داچەن پۇللارنى قۇيۇپ، نىسبەت بويىچە ھەربىي تەمىناتقا ئىشلىتىپ، كۈمۈشنىڭ قىسلىقىنى تولۇقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جاھانگىر خوجىنىڭ ئەۋلادىدىن ھۇسەن خوجا ئىشان قاتارلىق 13 كىشى قەشقەرنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش دېگەن يېرىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك توغدۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭشى ھېزىمبەگ ئۇلارنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، يالاپ قەشقەرگە ئاپىرىپ بەردى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋەلىخان 50 — 60 ئادەمنى باشلاپ، نۆشۆكتاش ئارقىلىق ئۇستۇن ئاتۇشقا كەلگەندە، ئەسكەرلەر توسۇپ زەربە بەرگەچكە نۆشۆكتاشقا قېچىپ كەتتى. ئەتىسى تەۋەككۇل 400

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ئوپالئارتتىكى قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلىدى. قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ۋېيشىنخۇيبۇ زاپاس قىسىمدىكى تېي شاۋئېنىنى 400 ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەرنىڭ باش بۇغى مۇتئېنتاي ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ بەيساق، سەيلىئاتا دېگەن جايلىرىدا ۋەلىخان ۋە تەۋەككۇلنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، شۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزدى.

10 - ئايدا ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭ چىڭ ئىلىنىڭ جاڭجۇنلۇقىگە قويۇلدى. قۇمۇلنىڭ خانئامبىلى چىڭ يىڭگە ياساۋۇلبېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋېيشىنخۇيبۇ ئۇرۇمچىنىڭ باش بۇغلۇقىغا يۆتكەلدى. چيەن خىڭ قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 12 - ئايدا يۆتكەپ كېتىلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋېن يۈەن ئۆتكۈزۈۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 6 - يىلى (1856 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شيەنفېڭ خان ھەربىي ۋەزىر قاتارلىقلارغا: «ئەگەر قوقەند خانى خۇدايارخان ۋەلىخان قاتارلىقلارنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇلار كەچلىككە ئېرىشىدۇ ھەم ئالدىنقى يىلى قەشقەردە پاراكەندىچىلىك قىلىپ قولغا چۈشكەن ھەسەن خوجا ئىشان قاتارلىقلار قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

12 - ئايدا يۈ رۇي ۋېن يۈەندىن قەشقەرنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 7 - يىلى (1857 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك سودا

بېگى يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد رېھىم پايتەختكە بېرىپ، ۋۇمپىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا خانغا سالام بەردى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋەلىخان قوقەندلىك تۆت - بەش مىڭ سودىگەرنىڭ ياردىمى بىلەن قوقەندتىن قەشقەرگە كىردى، ئىككىنچى كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ رۇي بىلەن باش بوغ يىجىنئا قەشقەر يېڭىشەھەرگە چېكىندى؛ باندىتلار قەشقەر يېڭىشەھەرنى سوغا باستۇرۇۋەتتى ۋە ھۇجۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يەنە بۆلۈنۈپ بارچۇق (مارالبېشى)قا ھۇجۇم قىلدى. جەنۇبتا ياركەنتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ۋەلىخان قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن كۈنىگە بىگۇناھ پۇقرادىن نەچچە ئوننى ئۆلتۈردى.

9 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئىلى، ئۈرۈمچىدىن 8600 ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، خوجىلارنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەشقەرنى ئىگىلىدى. ۋەلىخان 18 مىڭدەك ئادەم، 1000 تۆگە ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قوقەندكە قېچىپ كەتتى.

10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوقەند خانى خۇدايارخانغا ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ۋەلىخان قاتارلىق كىشىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. باخاشەن، يىجىنئا قاتارلىق ئەمەلدارلار قەشقەر شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. قەشقەردە سودا - سېتىق قىلىۋاتقان قوقەندلىك سودىگەرلەرنىڭ قەشقەردە سودا قىلىۋېرىشىگە، باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، قەشقەر كونىشەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا 2 - 3 چاقىرىم كېلىدىغان جايلاردىن ئۆيلۈك يەر تاللاپ، ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمبېگى ئىناپچىخان ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئەھمەد قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولغان مەزگىلىدە ۋەلىخاننىڭ قىسمىلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشتە

يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمبەگلىك دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئاقسۇغا مۇۋەققەت ھاكىمبەگ قىلىپ يۆتكەلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 8 - يىلى (1858 - يىلى)

1 - ئايدا قوقەند خانلىقى نەجمىدىننى قەشقەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ۋەلىخاننى شەرىئەت بويىچە جازالاشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ياركەنت، قەشقەر، يېڭىسار، ئۈچتۇرپان شەھەرلىرىنى مانجۇ - خەنزۇ ئەسكەرلەر بىرلىكتە قوغدايدىغان بولدى. ھەربىي خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئالتە يىلدا ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى خافۇلى ئوتتۇرىغا قويغان مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئالتە ماددىلىق نىزامغا قوشۇلدى: (1) قەشقەر ئاغلاقچى ئامبىلىنى خانئامبال قىلىش؛ (2) بەگلەرنى تاللاشتا ئېھتىياتچان بولۇش، قاتتىق تەكشۈرۈش؛ (3) ئەتمىياز ۋە كۈزدە ئەمەلدارلارنى ئاجرىتىپ، قەشقەر ۋە يېڭىسارغا تەۋە چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى تەكشۈرۈش؛ (4) شۇ جايدىن 700 مىللىي ئەسكەر ئەۋەتىپ، قەشقەر كونىشەھەرنى مۇداپىئە قىلىش؛ (5) ئاتۇشتىكى مىس كانىنى مەڭگۈلۈك پېچەتلىۋېتىش؛ (6) ماتا بېجى ئارقىلىق مىس بېجىنى تولۇقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەردە ئالدىنقى يىلدىن بۇيان يىغىۋالىمىغان كونا - يېڭى باج - سېلىق ۋە ئاشلىق، ئوت - چۆپلەرنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش.

7 - ئايدا قەشقەر باندىتلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان مەزگىلدە يەرلىكتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ تاپشۇرۇپ بولالمىغان كونا - يېڭى بېجى ۋە ئاشلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

8 ـ ئايدا قوقەند خانلىقى ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە قەشقەردىن قوقەندكە قېچىپ كەتكەن 500 دىن ئارتۇق مۇساپىرنى قەشقەرگە ئەكېلىپ قويۇپ، دوستانە سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى قوقەندلىكلەر بىلەن سودا قىلىشقا قوشۇلدى. چاررۇسىيىلىك چوقان ۋەلىخانوف سودا كارۋانلىرى بىلەن قەشقەرگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ ئاخبارات توپلىدى.

شۇ ئايدا ياركەنتتىكى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان جايلاردىن ماتا بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ خانئامبىلى يۈ رۇيگە ئۇرۇنباسار باش بۇغلۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا قويۇلدى. گۇ چىڭ قەشقەرنىڭ خانئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

باش قىشتا قەشقەردە يېڭىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن دېھقانلار ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، توپىلىشىپ ماجرا تۇغدۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 9 ـ يىلى (1859 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەردە چاي، مىلىچماللارغا باج ئېلىش ئەستىقلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چاررۇسىيە ئەلچىسى ئىگناتىيېف «جۇڭگو ـ چاررۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» نىڭ ماددىلىرىنى چۆشەندۈرۈپ، قەشقەردە چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 ـ ئايدا كۈي يىڭ گۇ چىڭنىڭ خانئامباللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

كۈزدە قەشقەردە داچەن پۇل ئىشلىتىش توختىتىلدى.

12 ـ ئايدا ياركەنتنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى يىڭ يۈن مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەندى. شۇ ئايدا، خانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان يى چىلى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 10 - يىلى (1860 - يىلى)

11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى چارروسىيە بىلەن «جۇڭگو - چارروسىيە - بېيجىڭ شەرتنامىسى» (داۋامى) نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭدا چارروسىيە قەشقەردە سودا بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

شۇ يىلى ياركەنتكە تەۋە توققۇز ئۆي يۇرتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئاشلىق بېجى تاپشۇرۇشقا قارشى چىقتى.

شۇ يىلى ياركەنتنىڭ ھاكىمبېگى قاتارلىقلار سېلىق چاچقانلىقتىن، ئابدۇساتتار قاتارلىق كىشىلەر ئادەم توپلاپ قارشى تۇرغاچقا، ئېغىر ۋەقە كۆرۈلدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىنىڭ شيەنفېڭ 11 - يىلى (1861 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يىڭ يۈن بۇيرۇققا بىنائەن قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەرنىڭ خانئامبىلى كۈي يىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو - چارروسىيە سودا ئىشلىرىنى بېجىردى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەردە جۇڭگو - چارروسىيە سودىسى باشلاندى.

6 - ئايدا باندىتلار قەشقەرنى پاراكەندە قىلدى. ئىلىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى جىڭ لىيەنگە ئاقسۇغا بېرىپ ھۆجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

8 - ئايدا جىڭ لىيەنگە ياركەنتكە بېرىپ، ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يىڭ يۈننىڭ پۇلنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقى چۈشتى.

شۇ يىلى قەشقەرلىك مۇسۇلمانلار ئىئانە توپلاپ قاراخانىيلار

خانلىقى دەۋرىدىكى ئارسلانخانىنىڭ قەبرىسىنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 1 - يىلى
(1862 - يىلى)

3 - ئايدا چاررۇسسىيە سودىگەرلىرى قەشقەرنى تىنچ ئەمەسكەن دەپ قاراپ، چاررۇسسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئىلى جاڭجۈنى چاڭ چىڭغا قەشقەردە سودا قىلىشنى ئاقسۇغا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇلمىدى.

4 - ئايدا ياركەنت ھاكىمبېگى ئاقلايدۇ ئۆز ئالدىغا سېلىق سېلىپ، پۇقرالارنى قىينىدى ھەمدە يىڭ يۈن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خىيانەتچىلىك قىلدى. يىڭ يۈن جازالاندى. ئاقلايدۇنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى. جىڭ لىەن ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوقەندكە يوشۇرۇنۇۋالغان ۋەلىخان نەچچە 10 كىشىنى باشلاپ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ سىرتىدا ئاتلارنى بۇلاپ كەتتى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى قۇتلۇق قوشۇن تارتىپ زەربە بەردى. ئەتىسى ۋەلىخان 100 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى سەمەنگە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئەسكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، قاراڭغۇلۇق قاراۋۇلخانىسى بىلەن مىڭيول قاراۋۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى. 12 - كۈنى ۋەلىخان 500 – 600 دەك ئەسكەر توپلاپ، قەشقەر كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش بۇغى فۇجۇلىڭئا قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىدە ۋەلىخاننىڭ ئاتلىق قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلدى. قۇتلۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرنى قوغدىدى. ۋەلىخان قالدۇق قىسىملىرى بىلەن چېگرا سىرتىغا قېچىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قوقەند خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى باش خۇدايدادى يېڭىسارنىڭ ياركەنتتە نەزەربەند قىلىپ قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدىكى خۇدايدادىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ئايدا خانئامبال كۆپ يىلىك قەشقەردىكى بەزى بەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلىپ پارا ئالغانلىقى، يۇقىرىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا مەلۇمات يوللىدى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قۇتلۇق باندىتلارنى تازىلاشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك قوش پۆپۈكلۈك بۆك ئىنئام قىلىندى ھەم تەرتىپ ئامبىلى مەرتىۋىسى بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈندىن 10 - كۈنىگىچە ۋەلىخان 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يەنە بىر قېتىم قەشقەرگە پاراكەندىچىلىك سالدى. ۋەلىخاننىڭ 526 ئادىمى ئۆلدى، ۋەلىخان قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ شېرىكى ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەمەل سېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئىنكار قىلماستىن، «مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئىنئام قىلىش، مۇكاپاتلاش بەلگىلىمىسى» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەللەرنىڭ باھاسىنى بېكىتتى، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلار تېخىمۇ چىرىكلىشىشكە، ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسى تېخىمۇ تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئوردا ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار چېگرا رايونلارنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىدىن قورقۇپ، ۋاقتىدا ۋەزىپىسىگە ئولتۇرمىغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن بارىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتى ۋە ئاخىرقى چېكىنى بېكىتىشكە مەجبۇر بولدى. مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ رۇخسەت سوراش ئىشلىرىغا ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى مەسئۇل بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 2 - يىلى (1863 - يىلى)

2 - ئايدا ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى جىڭ ليەنىنىڭ

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ بارچۇقتا ئالۋان - ياساقنى ئاشۇرۇپ ئېلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ياركەنتنىڭ ئارتۇق قوشۇۋالغان بېجىمۇ ئازايتىلدى ھەمدە ئەمەلدار ئەۋەتىپ تەپسىلىي نىزامنامە بېكىتىلدى.

10 - ئايدا ياركەنت قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىنئام بېرىلىپ، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغان جاساق ئىنانچىخان ئاقلايدۇغا مۇكاپات تەرىقىسىدە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى)

5 - ئايدا قوقەند خانى موللائالىم قۇلىخان مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەخپىيەتلىكى ۋە ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يۇنۇسنى قەشقەرگە زىيارەتكە ئەۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئاممىسى ياركەنتكە يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى ئىگىلىدى. ياركەنتنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى كۈي دوڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. 5 - دەرىجىلىك بەگ ناسىر، ئەۋلادمۇئەۋلاد دىنىي ھوقۇق تۇتۇپ كەلگەن ئەلەم ئاخۇن ئەمەتشاھ قاتارلىقلارمۇ ئۆلدى.

شۇ ئايدا كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن كۇچا شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭ دولقۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تۇتىشىپ، بەش قوزغىلاڭ مەركىزىنى شەكىللەندۇردى، قەشقەرمۇ شۇلارنىڭ بىرى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېڭىساردىكى يېشىل تۇغلۇق خوشۇندىكى لەن چۇنفا، قەشقەردىكى يۈزبېشى ۋاڭ دېچۈن قاتارلىقلار شۇ جايدىكى مۇسۇلمان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلەشتى. قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلاردىن توختى مامۇت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

«خان» دەپ ئېلان قىلدى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئىگىلىدى.
يازدا قەشقەر پەيزاۋاتلىق خويزۇ مۇشتۇمزور جىن شياڭيىن ما يۇەن ئاخۇن بىلەن شېرىكلىشىپ ئاقتۇغا بېرىپ، قىرغىزلارنىڭ بېگى سىدىقنى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. سىدىق جىن شياڭيىن، ما يۇەن ئىككىسى بىلەن ناھايىتى تېزلا قوشۇن تەشكىللەپ، قەشقەرنىڭ خانئامبىلى كۆيىڭ قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتكەن قوشۇننى بىتچىت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كىردى، جىن شياڭيىن بىلەن ما يۇەنلەر ئۆزلىرىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىشىپ، سىدىقنى «قەشقەر خانى» قىلىپ تىكلىدى. يېرىم يىلدىن كېيىن، سىدىق خەلقنىڭ مايىل ئەمەسلىكىنى، تەختنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، قوقەندتە تۇرۇپ قالغان جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزۇرۇكنى تەكلىپ قىلىپ، «خوجىلار ئەۋلادى» دېگەن نام بىلەن ئۇنى قورچاق قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شياڭيىن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوقەندكە ئەۋەتىپ، قوقەندتىن بۇزۇرۇكنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. موللا ئالىم قۇلىخان بۇنى قەشقەرنى ئېلىش، كۈچنى كېڭەيتىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلدى ۋە بۇزۇرۇكنى تېزگىنلەش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى سەركەردىسى ياقۇپبەگنى 50 ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئۇن نەچچە مۇلكىي ئەمەلدارنى بۇزۇرۇككە ھەمراھ قىلىپ، جىن شياڭيىن بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئەۋەتتى.
9 - ئايدا «جوڭگو - چارروسىيە غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كېلىشىمنىڭ 3 - ماددىسىدا: جوڭگو - چارروسىيە چېگرىسى «كۆكئارتتىن قوقەند چېگرىسىغىچە تۇتىشىدۇ» دېيىلىپ، پامىر جوڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئايرىلغانىدى.
11 - ئايدا كۇچا قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى راشىدىن خوجا

بۇرھانىدىن قاتارلىقلارنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى، شۇ ئارىدا كۇچا قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، سىدىق بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۆتىنچى 4 - يىلى (1865 - يىلى)

1 - ئايدا ياقۇپبەگ جىن شياڭىنىنىڭ يولباشلىشى بىلەن بۇزرۇكنى زورمۇزور ئېلىپ مېڭىپ، يول بويى ھەرخىل ئادەملەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننى كېڭەيتتى. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قوشۇنى خېلى چوڭ كۆلەمگە ئىگە بولدى. ياقۇپبەگ قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرى ۋە ئەتراپىتىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى «باش قوماندان» دەپ ئاتىدى، بۇزرۇكنى قورچاق قىلدى. قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچىنى 6000 دىن ئاشۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.

ئەتىيازدا راشىدىننىڭ چوڭ ئوغلى شەيخ نەزەر 7000 كىشىلىك كۇچا قوشۇننى باشلاپ ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى.

5 - ئايدا ياقۇپبەگ قوشۇن باشلاپ بېرىپ، ياركەنتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ياركەنتتىكى ئارمىيە - خەلق «ئەنجانلىقلارنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ شوئار توۋلاپ، قانلىق كۈرەش قىلدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، لېكىن چېكىنىپ يېڭىسارغا بارغاندا، بۇ شەھەرنى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلىۋالدى. ياركەنت خەلقى ياقۇپبەگنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، قوقەندلىك ئەسىرلەر ۋە جەڭ ئولجىلىرىنى كۇچالىق راشىدىن ھاكىمىيىتىگە تاپشۇرۇپ، راشىدىندىن ياقۇپبەگكە قىستاپ زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كۇچانىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خانئېرىقتا بىر مەيدان جىددىي جەڭ قىلىپ، ياقۇپبەگ قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياقۇپبەگ ئېغىر يارىلاندى. لېكىن، قوماندانلىقتا سەۋەنلىك كۆرۈلگەچكە، يەنە كېلىپ كۇچا ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلەلمىگەچكە ياقۇپبەگ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قورشاپ هۇجۇم قىلدى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ باشلىقى خې بويۇن تەسلىم بولدى. قەشقەرنىڭ خانئامبىلى كۈي يىڭ، ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى فۇجۇلىڭئا ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى. ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ يەتتە كۈن تالان - تاراج قىلدى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە قوقەندنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، قوقەندنىڭ 7000 دىن ئارتۇق قالدۇق ئەسكىرى قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ ياقۇپبەگكە قوشۇلدى.

يىل ئاخىرىدا ياقۇپبەگ ياركەنتكە ئىككىنچى قېتىم هۇجۇم قىلدى، ياركەنت ئارمىيە - خەلقى ياقۇپبەگنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

قىشتا ياقۇپبەگ قىسمىدىكى قىرغىزلار بۇزرۇكنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ، ياقۇپبەگدىن يۈز ئۆرۈشىنى هىمايە قىلدى. ياقۇپبەگ ياركەنتتىن قايتىپ كېلىپ 41 كۈن جەڭ قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلدى، بۇزرۇكنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋەلىخاننى ئۆلتۈردى ھەمدە بۇزرۇكنى يېڭىساردا نەزەربەند قىلىپ قويدى.

### چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 5 - يىلى (1866 - يىلى)

6 - ئايدا ياقۇپبەگ قوشۇن باشلاپ بېرىپ، ياركەنتكە ئۈچىنچى قېتىم هۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا ئىسهاق باشچىلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى ياركەنتتە ئاللىبۇرۇن مۇداپىئەدە تۇرغان، مۇسۇلمانلار شەھىرى بىلەن خەنزۇ شەھىرىدە 20 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن جەڭگە تەييارلانغانىدى. خەنزۇ

شەھىردىكى مۇسۇلمانلار قوغدىنىش قوشۇنى كوچا قوشۇنىدىكى نىياز قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، كېچىدە دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئويلىمىغان يەردىن نىياز ئادەم ئەۋەتىپ ياقۇپبەگكە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى. بىرلەشمە قوشۇن پىستىرمىغا ئۇچراپ ئېغىر تالاپەت تارتتى. ئىسھاق بىلەن خەنزۇ شەھىردىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ كاتتىۋېشى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ ياركەنتنى ئىگىلەپ ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى.

شۇ يىلى بۇزرۇك ياقۇپبەگنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ، ياقۇپبەگدىن قۇتۇلماقچى بولدى، بىراق ئۇنى ياقۇپبەگ قوقەندكە قوغلىۋەتتى. ياقۇپبەگ ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى دېگەن دەستەكتىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىش ئۈچۈن، قوقەندتىن جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مەمەتئىمىننى قورچاق قىلىۋالدى. مەمەتئىمىن ياقۇپبەگنىڭ رايىغا باقمىغانلىقتىن، تەختكە چىقىپ تۆت ئاي بولار - بولمايلا ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ياقۇپبەگ ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى كەشمىرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ قورال - ياراغلىرىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى تەرەپ سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەسلىھەتلەشتى.

شۇ يىلى چارروسىيە قوشۇنى چېگرىغا يېقىن جايدىكى نارىنغا يېتىپ كېلىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە چارروسىيىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئاستىرتتىن ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىتىگە ياقۇپبەگ چارروسىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قوشۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇغچى 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا ياقۇپبەگ «خوجا ئەۋلادى» دېگەننى چۆرۈپ تاشلاپ، قەشقەردە ئۆزىنى «ئاتالىق غازى بەدۆلەت» دەپ ئاتاپ، «يەتتە شەھەر» قورچاق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى.

5 ـ ئايدا ياقۇپبەگ قەشقەردىن زور قوشۇن بىلەن چىقىپ، ئاقسۇ، باي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، كۇچا راشىدىن ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇغچى 7 ـ يىلى (1868 ـ يىلى)

باش يازدا ياقۇپبەگ مۇھەممەد نەزەرنى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ پەنجاپقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپبەگ روبېرت شاۋنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ئايال پادىشاھلىقىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روبېرت شاۋ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق ئەسەرنى يازدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان ئەمەلدارى خوۋورد، قەشقەر، ياركەنتلەردە پائالىيەت ئېلىپ باردى. شۇ جەرياندا ياركەنت دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇردى، قۇياشقا قاراپ مېرىدىئاننى ئۆلچەم قىلىپ، قەشقەر ۋە ياركەنت شەھىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتتى.

شۇ يىلى چاررۇسىيىلىك كرودوف، رېينتال قاتارلىقلار قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى. بۇ ئارىلىقتا رېينتال كىلىماتقا قاراپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن قانچىلىك ئېگىز ئىكەنلىكىنى بېكىتتى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 8 - يىلى (1869 - يىلى)

شۇ يىلى ياقۇپبەگ مىرزاشادىنى ھىندىستانغا بېرىپ، ئەنگلىيە بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتى. ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى ئۇنى قوبۇل قىلدى ھەمدە قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە قورال - ياراغلارنى رېمونت قىلىش - ياساش ئۇسكۇنىلىرىنى بەردى، يەنە ئۇنىڭ ئۇستىلارنى قەشقەرگە ئاپىرىپ، قەشقەردە قورال - ياراغ زاۋۇتى قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى قىزىل دەرياغا كەلكۈن كەلدى، كەلكۈننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 1060 كۇب مېتىر بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى)

شۇ يىلى ياقۇپبەگ تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئىگىلىدى.

شۇ يىلى ياقۇپبەگ نۇرغۇن ئۇستا - ھۈنەرۋەنلەرنى يۆتكەپ، نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ، ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئاپاق خوجا مازىرىنى رېمونت قىلدۇردى. ھېيتگاھ جامەسى 1872 - يىلى رېمونت قىلىنىپ بولدى. ئاپاق خوجا مازىرى 1874 - يىلى رېمونت قىلىنىپ ھازىرقى ھالىتى شەكىللەندى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك گراف فورسىس روبېرت شاۋنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ تۇرپاندا جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئىككىسى قەشقەردە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ، 9 - ئايدا ھىندىستانغا قايتىپ كەتتى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە قوقەندنىڭ ئەسلىدىكى خانى خۇدايارخانغا قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگنى چاررۇسىيىگە ئەل بولۇشقا كۈندۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 10 - يىلى (1871 - يىلى)

7 - ئايدا چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىپ، جىيەنى شادى مىرزىدىن ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان ۋالىيسى ۋە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغا خەت ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىدىن ياردەم سورىدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تۇڭجى 11 - يىلى (1872 - يىلى)

5 - ئايدا چارروسىيە باش شتاب ستارىشى لېيتىنانتى كولبارس بارون باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە زىيارەتكە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ بەس - مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق، چارروسىيە «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نىڭ قانۇنىيلىقى ۋە ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەرنىڭ خانى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى؛ ئۇنىڭ بەدىلىگە ياقۇپبەگ چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا سودا قىلىشىغا، ئۆتەڭ - ساراي، سودا بانكىسى قۇرۇشىغا قوشۇلدى؛ چارروسىيە سودىگەر-لىرىنىڭ چېگرا بېجى %2.5 قىلىپ بېكىتىلدى. ئىككى تەرەپ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «چارروسىيە - قەشقەر شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپبەگنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى سەيد ياقۇپخان چارروسىيىدە زىيارەتتە بولدى. سەيد ياقۇپخان چارروسىيىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن كونستانتىنپولغا باردى. مەخپىي سۆزلىشىش ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى: ياقۇپبەگ «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇ، سۇلتان ئوسمان ياقۇپبەگكە «ئەمىر» دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە ئەلچىلەر ئۆمىكىگە 200 دانە مىلتىق ۋە ئۈچ دانە توپ بېرىدۇ. يەنە 10 نەچچە تورك ھەربىي ئەمەلدارنى قەشقەرگە بېرىپ

ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە، زامانبەگنى ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىگە ئەۋەتىدۇ. ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئاسىدۇ، سۇلتاننىڭ باش سۈرىتى ۋە ئىسمى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى تارقىتىدۇ.

سەيىد ياقۇپخان قايتىش سەپىرىدە ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ياقۇپبەگنى قوللىشىنى، «يەتتە شەھەر» نى ئۆز ھامىيلىقىدىكى دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تونجى 12 ـ يىلى (1873 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەنگلىيىلىك فورسىس 350 نەپەرچە كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە كەلدى. ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئايدا ھىندىستانغا قايتتى. شۇ ئۆمەك بىلەن قەشقەرگە كەلگەن گېدىن ئۆلچەش ئەترىتى تورغات پورتى قاتارلىق جايلارنى ئۆلچەپ چىقتى. فورسىسنىڭ «قومغا كۆمۈلگەن شەھەر» دېگەن دوكلاتىدا، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئېغىزى ھەربىي قىسىملارنىڭ خوتەن، ياركەنتلەرگە بېرىشىدىكى چوڭ توسالغۇ ئەمەس دېيىلگەن. ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرى يەنە قەشقەر ئەتراپىنىڭ ئەھۋالى ھەمدە قورغان ـ قەلئە، قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈردى. ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي دوختۇرى بېللېۋ قەشقەر ئەتراپىدىكى دولانلىقلار ئۈستىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى ۋېنگرىيىلىك بولو قەشقەرگە زىيارەتكە كەلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى مۇزۇڭ زامانىنىڭ تونجى 13 ـ يىلى (1874 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياقۇپبەگ ئەنگلىيە ئەلچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوگلاس فورسىس بىلەن «ئەنگلىيە ـ قەشقەر شەرتنامىسى» (جەمئىي 12 ماددا) ئىمزالىدى. شەرتنامىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنىڭ تەۋرتىپغىنىنىڭ جەنۇبىنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئەنگلىيىنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ بېقىندى دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى تەۋرتىپغىنىڭ جەنۇبىدا ئەركىن سودا قىلسا، ئولتۇراقلاشسا بولىدۇ؛ ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ تاموژنا بېجى %2.5 تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەۋرتىپغىنىنىڭ جەنۇبىدا يەر، ئۆي، سارايلارنى سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ؛ ئەنگلىيە تەۋرتىپغىنىنىڭ جەنۇبىدا باش ئەلچى دەرىجىلىك ۋەكىل ۋە كونسۇل دەرىجىلىك سودا ۋاكالەتچىسى تۇرغۇزسا بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

5 ـ ئايدا ئەنگلىيە روبېرت شاۋنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۇنجى دائىمىي ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى. ۋەكىلنىڭ ياقۇپبەگكە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللانى تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشى ھەمدە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىشى بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنگلىيىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى قەشقەرگە ئەۋەتىلىپ تۇردى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە پولكوۋنىك رېينتال باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، «ئەنگلىيە ـ قەشقەر شەرتنامىسى»نى باھانە قىلىپ، رېينتالنى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ بىرقانچە قېتىم سۆھبەتلىشىپمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. چاررۇسىيە ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ياقۇپبەگنى باش ئەگدۈرمەكچى بولدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چاررۇسىيە نارىن دەرياسى بويىغا 20 مىڭدىن ئارتۇقراق ئەسكەر توپلاپ ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلاندى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا قوقەندلىكلەر چاررۇسىيىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە 20 مىڭ كىشىلىك چاررۇسىيە قوشۇنى قوقەندكە بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 1 - يىلى (1875 - يىلى)

2 - ئايدا قەشقەرلىك سودىگەر بەختى قاتارلىقلار تەڭرىتېغىدىكى داۋانلاردىن ئۆتۈپ چۆچەككە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇۋەققەت ئىلى جاڭجۈنى رۇڭ چۈەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە «قەشقەر مۇسۇلمان بەگلىرى» نىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىدىن قوشۇن چىقىرىپ، ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 2 - يىلى (1876 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چاررۇسىيىنىڭ تۈركىستان ۋالىيسى فون كائۇفمان مايور كوروپاتكىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوش شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، تېرەك داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئاتلىق 18 كۈندە، 400 كىلومېتىرچە يول بېسىپ قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بەگقۇلىبەگ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار قەشقەردە بىر ئاي تۇرۇپ، 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قەشقەردىن كورلىغا ماڭدى. شۇ مەزگىلدە كوروپاتكىن قەشقەر كونىشەھەر بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ مۇداپىئەسى، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇقتىلىق تەكشۈردى ھەمدە 1897 - يىلى چاررۇسىيىدە «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى)

يىل بېشىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى گو سۇڭتاۋ ئارقىلىق چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشىنى توختىتىشىنى، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى «بېقىندى دۆلەت قىلىپ خەرىتىگىلا كىرگۈزۈشنى، ئۇلپان تاپشۇرغۇزماسلىق» نى تەلەپ قىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنى قاتتىق رەت قىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭنى 13 يىلدىن كۆپرەك ئاياغ ئاستى قىلغان ياقۇپبەگ كورلىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆلدى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياقۇپبەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەققۇلبەگ ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى كورلىدىن قەشقەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئەتىسى ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق قىسىملىرى كورلىدا بۇزۇرۇكنىڭ جىيەنى ھېكىمخان تۆرىنى خان قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەققۇلبەگ ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئەكەلگەندە ئىنىسى بەگقۇلىبەگ قارشى ئېلىشقا چىقارغان پانسات مۇھەممەد زىيا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بەگقۇلىبەگ قەشقەردىن ئاقسۇغا ئەسكەر تارتىپ، ھېكىمخان تۆرىنى مەغلۇپ قىلىپ ئاقسۇنى ئالدى. ھېكىمخان تۆرە چاررۇسىيىگە قېچىپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەگقۇلىبەگ ئاقسۇدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى گو سۇڭتاۋ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا نوتا تاپشۇرۇپ، روبېرتنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش توغرىسىدىكى قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە ياقۇپبەگنىڭ جوڭگونى پارچىلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكى، دەپ كۆرسەتتى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق

ھاكىمبېگى نىياز «ھەقىقەتكە قايتقانلىقى» نى جاكارلىدى. بەگقۇلىبەگ ئەسكەر تارتىپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى.

11 ـ ئايدا يېشىل تۇغلۇق خوشۇننىڭ سەردارى خې بۇيۇن بەگقۇلىبەگنىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ، «ھەقىقەتكە قايتقانلىقى» نى جاكارلىدى. ياقۇپبەگنىڭ كونا سەركەردىسى دەرھال قەشقەر كونىشەھەرنى قوغداپ قالدى ھەمدە ياقۇپبەگكە تەسلىم بولغان بەي يەنخۇ قىسمىدىكى يۈ شياۋخۇلار بىلەن كېلىشىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. خې بۇيۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، لىيۇ جىنتاڭغا خەت يېزىپ ياردەم سورىدى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بەگقۇلىبەگ بىلەن بەي يەنخۇ بىرلىشىپ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى خې بۇيۇن قىسىملىرىغا قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما شەھەرنى ئالالمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن يۇ خۇئېن، خۇاڭ ۋەنپىڭ قىسىملىرى قەشقەر كونىشەھەرنى ئېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى. ئەتىسى يۇ خۇئېن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، بەگقۇلىبەگنى ھەم يۈ شياۋخۇلارنى قوغلىدى. خۇاڭ ۋەنپىڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بەي يەنخۇ قىسىملىرىنى قوغلىدى. 19 ـ كۈنى يۇ خۇئېن مىڭيولدا يۈ شياۋخۇنى تىرىك تۇتتى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن لىيۇ جىنتاڭ قىسىملىرى ياركەنتنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى. 26 ـ كۈنى لىيۇ جىنتاڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، جىن شياڭيىن ئاتا ـ بالا، يۈ شياۋخۇ ۋە قورچاق سەركەردە ما يۈەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەشقەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئەنگلىيە، ھىندىستان، تۈركىيىلەرنىڭ ياقۇپبەگ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدارى ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى قولغا ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 4 - يىلى (1878 - يىلى)

2 - ئايدا لىيۇ جىنتاڭ قەشقەردە چاررۇسىيىنىڭ تاشكەنت باش ۋالىيسى كائۇفمان بىلەن يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى كولپاكوۋسكىغا نوتا تاپشۇرۇپ، بەي يەنخۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە يېشىل تۇغلۇق خوشۇننىڭ سەردارى خې بۇيۇن قاتارلىق 16 كىشىدە ئىلگىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش ھەركىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇيرۇق بىلەن ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. كېيىن ھەقىقەتكە قايتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھى كەچۈرۈم قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى لىيۇ جىنتاڭ قەشقەردە كولپاكوۋسكىنىڭ نوتىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا بەي يەنخۇ قاتارلىقلار «مۇساپىر» ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ، جۇڭگو كۆمۈش تۆلىشى كېرەك، دېيىلگەن.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بەگقۇلىبەگنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن ئالداش 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجاندىن يولغا چىقىپ، قەشقەرنىڭ تاشمىلىق كەنتىگە ھۇجۇم قىلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئالداشنىڭ قىسىملىرى ئوپالغا كېلىپ، مازاردا قۇرئان - تىلاۋەت قىلىشقا تۇتۇنۇۋاتقاندا، ياقۇپبەگ قىسىملىرىنىڭ ئايىغى تەگكەن يەرلەردىن باج - سېلىق ئېلىنمايدۇ، دەپ جار سالدى. لىيۇ جىنتاڭ مەھكىمە ئەزاسى لو چاڭيۇ، ياساۋۇلبېگى جاڭ جۈن قاتارلىقلارنى باشلاپ ئالداشقا زەربە بەردى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قىرغىزلارنىڭ نايمان قەبىلىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ، ئالداشنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ياركەنت، قەشقەر، يېڭىسارلاردا

قالدى ئىشلار ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، مارالبېشىدا قالدى ئىشلار شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. قەشقەردە قالدى ئىشلار باش ئىدارىسىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلار شەھەرىنىڭ قالدى ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلىدى. قالدى ئىشلار ئىدارىلىرى يەنە باغ - جىياغا ئايرىش، غەللە - پاراق ئېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. جامائەتنى چاقىرتىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 5 - يىلى (1879 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چاررۇسىيىگە ئەل بولغان بۇزرۇكنىڭ جىيەنى ھېكىمخان 1000 غا يېقىن ئادەمنى باشلاپ، ئەنجاندىن يولغا چىقىپ ئۇلۇغچات قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئاھالىلەرنى بۇلاپ كەتتى، يەنە ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ مىڭيول، بوستانتېرەكلەرگە كەلدى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ھېكىمخان 1000 دەك ئادەمنى باشلاپ بەلتوقايغا كەلدى. 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ليۇ جىنتاڭ ياساۋۇلبېگى تەن شىنىدىيەن، فاڭ يۇشىڭلارنى ئەۋەتىپ زەربە بەردى. 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ليۇ جىنتاڭ 1860 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىن بوستانتېرەككە ھۇجۇم قىلدى. ھېكىمخان چاررۇسىيىگە قېچىپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھېكىمخان قاتارلىقلار «چاررۇسىيىنىڭ ‹بۇ قېتىم چوقۇم قەشقەرنى ئېلىش كېرەك، بولمىسا چاررۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرمىسۇن›، دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىمىز ھەم چاررۇسىيىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەشقەر، يېڭىسار شەھەرلىرىنى ئالىمىز» دەپ داۋراڭ سېلىشتى. ھېكىمخاننىڭ قىسىملىرىدا چاررۇسىيە تارقاتقان يول خېتى بار ئىدى. ئۇلار ئۇلۇغچاتقىچە كەلدى، كېيىن تاشقورغانغا تاجاۋۇز قىلدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ليۇ جىنتاڭ 2000 دىن ئارتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ تاشقورغانغا يۈرۈش قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە ھېكىمخانىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق قالدۇق قوشۇنىنى يوقاتتى. دۈشمەن كاتتىۋاشلىرىدىن 63 كىشىنى تۇتۇۋالدى. قورال ـ ياراغ، تۇغ ـ ئەلەملەردىن 1000 نەچچىنى، ئات، كالا، قويدىن نەچچە مىڭنى ئولجا ئالدى.

شۇ يىلى خې بۇيۈن قەشقەر يېڭىشەھەر شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ياساتقان مەسچىت ئۇرۇشتا بۇزۇلۇپ كەتتى. قوشۇندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ليۇ جىنتاڭ جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چوڭ مەسچىت سېلىشنى بۇيرۇدى.

## چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن دۆلەتكە ئار ـ نومۇس كەلتۈردىغان «ئىلى شەرتنامىسى»، «قۇرۇقلۇقتىكى سودا يوللىرىنى ئۆزگەرتىش نىزامنامىسى» ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرىنى تۈزدى. «ئىلى شەرتنامىسى» جەمئىي 20 ماددا بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى يەر بۆلۈپ بېرىش، سودا ئىشلىرىغا يول قويۇش، كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، تۆلەم بېرىشتىن ئىبارەت. «يەر بۆلۈپ بېرىش» دېگەن ماددىسىدا، قەشقەر رايونى چاررۇسىيىنىڭ دېگىنى بويىچە «ھازىرقى چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ» دېيىلگەن. بۇ چاررۇسىيىنىڭ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان ئەھۋالدا، يەنە تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشى ئۈچۈن تۇرغۇزغان دەستىكى؛ «سودا ئىشلىرىغا يول قويۇش» دېگەن ماددىسىدا، چاررۇسىيە سودىگەرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا سودا قىلغاندا باج ئېلىنمايدۇ، چاررۇسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگوغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى 35 قاراۋۇلخانىدىن كىرىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېيىلگەن. «كونسۇلخانا تەسىس قىلىش» دېگەن

ماددىسىدا، كونا كېلىشىم بويىچە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا «ئۆز ئالدىغا كونسۇلخانا قۇرۇش» قا بولىدۇ، دېيىلگەن.

4 ـ ئايدا چاررۇسىيە قەشقەر كونىشەھەر يارباغ دەرۋازىسىدا كونسۇلخانا قۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەت كونسۇل تۇرغۇزماقچى بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەرگە دوتەي قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تۇنجى كونسۇلى پېتروۋىسكىي قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى)

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «جوڭگو ـ چاررۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ قوشۇمچىسى ـ «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمدە، چاررۇسىيە سىزىپ چىققان چېگرا خەرىتىسى بويىچە، جوڭگو بىلەن چاررۇسىيىنىڭ پامىردىكى چېگرىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئالدىنقى پامىرنىڭ شىمالىدىكى ئالاي چوققىسىدىن شەرقىي شىمالدىكى ئۆزبەلتاغ ئېغىزىغا يۆتكەلگەن، بۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيە جوڭگونىڭ ئىلگىرىكى چېگرىسى ئىچىدىكى ئالاي جىلغىسى بىلەن قوش قورۇق پامىرنى ئىگىلىۋالدى. ئۆزبەلتاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرا كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، چاررۇسىيىنىڭ چېگرىسى شۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا قايرىلغان، جوڭگونىڭ چېگرىسى دەل جەنۇبقا سوزۇلغان. مۇشۇنداق بولغاندا، ئىككى چېگرا ئوتتۇرىسىدا 45° لۇق «كېلىشىپ بولالمىغان رايون» شەكىللەنگەنىدى. بۇ رايون «جوڭگو باشقۇرۇۋاتقان چېگرا ئىچىدە» بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇنى قاراۋۇلخانا قورۇپ قوغدىدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەكتۇپ يوللىشى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ياساۋۇلبېگى قەشقەرگە يۆتكەلدى، قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش بۇغى ئاقسۇغا يۆتكەلدى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، بىر باش مۇپەتتىش، بىر پەرمانبەردار قويدى. جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى باش بۇغ مەسلىھەتچى ئامبال، خانئامبال، ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىق ئەمەللەرنى بىكار قىلدى. هاكىمبەگ، ئىشىكئاغا بەگلەرنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، قالغان بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلدى. قەشقەردە ۋىلايەت تەسىس قىلدى، ئۇنىڭغا سۇلى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى (ئايماق مەركىزى قەشقەر خەنزۇ شەھىرى، يەنى ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر بولدى)، كونىشەھەر ناھىيىسى (ناھىيە مەركىزى قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرى، يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدە بولدى) قارىدى. ياركەنت بىۋاستە قاراشلىق ئايماق قىلىندى، ئۇنىڭغا قاغىلىق ناھىيىسى قارىدى؛ يېڭىسار، مارالبېشى بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەت قىلىندى؛ خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايماق قىلىنىپ، ئىككى ناھىيىنى باشقۇردى. قەشقەر دوتەي يامۇلى قەشقەر كونىشەھەردە ئىدى.

شۇ يىلى قەشقەردە پىلىچىلىك ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن 100 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى يۆتكەپ كېلىندى، يىپەك تارتىش، توقۇش ئۇستىلىرى قەشقەرگە كېلىپ، پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش، بوياش ھۈنەرلىرىنى ئۆگەتتى، كېيىن قەشقەردە يىپەك تارتىش ماشىنىسى ياسالدى، چەت ئەلدىن توقۇش ماشىنىسى كىرگۈزۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزوڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 11 - يىلى (1885 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خۇاڭ گۇاڭدا قەشقەرگە دوتەيلىككە

تەيىنلەندى، بىراق ئۇ كەلمىدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەنگلىيىلىك ئىلىياس جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو - ھىندىستان سودا كېلىشىمى ئىمزالاش، سودا ۋەكىلى ئەۋەتىپ قەشقەردە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئۈچىنچى قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلدى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي 10 - ئايدا قايتىپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەردە يېتىراپ يۈرگەن جاڭ دافا، يىراقنى تىنچىتقۇچى سول تۇغلۇق قوشۇندىن گۇ دېشەن قاتارلىق 10 كىشى يۇرتىغا قايتىش راسخوتى تويلاش ئۈچۈن، سودا دۇكانلىرىنى بۇلىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار باشچىلىقىدىكى 16 كىشى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

شۇ يىلى 10.3% بويىچە سودا بېجى ئېلىش باشلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتەڭ - راباتلار قۇرۇلدى.

شۇ يىلى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىي چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا قۇرۇمتاغدىكى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. چاررۇسىيىلىك گرومبوچېۋىسكىي بۇيرۇقىغا بىنائەن فەرغانە ئۆلكىسى بىلەن قەشقەرنىڭ چېگرىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن كېلىپ، قەشقەردىن لاداخقىچە، فەرغانىدىن كەشمىرنىڭ شىمالىي چېگرىسىغىچە بولغان يوللارنى ئۆلچىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياساۋۇلبېگى دۇڭ فۇشياڭ ئاقسۇغا يۆتكىلىپ، مۇۋەققەت باش بۇغ بولدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇرۇمچىنىڭ ياساۋۇلبېگى تەن شاڭلىيەن قەشقەرنىڭ تۇنجى ياساۋۇلبېگى بولدى. ئۇ قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوتىيى بىلەن بىرلىكتە غەربتىكى تۆت شەھەر ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

7 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ياڭخازبەند (رۇڭ خېپېڭ) قەشقەرگە كېلىپ، چاررۇسىيە كونسۇلى پېتروۋىسكىي ۋە بېلگىيىلىك مىسسىئونېر ھېنرىك بىلەن كۆرۈشتى ھەم 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ياركەنتكە باردى.

شۇ يىلى چاررۇسىيىلىك گروم - گىمرژىمايلو ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھايۋانلارنى تەكشۈردى.

شۇ يىلى باۋۇدۇنھاجى ئاتۇشتا يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى ۋە ئىسلام ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق 10نەچچە كىشىنى چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى قەشقەردە ۋابا كېسىلى تارقالدى. چاررۇسىيە ۋابا كېسىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتەسۇ ۋادىسىغا ۋە فەرغانىگە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زىلاندىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. زىلاند ئالمۇتىدىن يولغا چىقىپ، نارىن ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭ «قەشقەر ۋە تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى تاغ ئېغىزلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۋاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى)

5 - ئايدا يۈن ياۋلىڭ قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە تەيىنلەندى.

8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى لىيۇ جىنتاڭنىڭ شىنجاڭدا تاماملانغان شەھەر مەھكىمە قۇرۇلۇشىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى مەكتۇپىدا، ياركەنت قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مەھكىمە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، دېيىلگەن.

شۇ يىلى «شىنجاڭدا بىنەم ئېچىپ، يەر ئۆزلەشتۈرۈش نىزامنامىسى» تۈزۈلدى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە ئوفىتسېرى گرومبوچىۋسكىي قوشۇن

باشلاپ كېلىپ پامىرغا سوقۇنۇپ كىردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 14 - يىلى (1888 - يىلى)

يېڭى ياۋلىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قەشقەردە ھۆكۈمەت پۇلى ئىدارىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئادەم ئەۋەتىش، خۇاپياۋنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش، خەزىنە زاپىسىدىن 5000 سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ تۇرۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى. قىش كىرگەندە، پۇل قۇيۇشقا ئادەم ئەۋەتىش، بىر تەرىپىدە «光绪通宝» دېگەن خەت، يەنە بىر تەرىپىدە خەنزۇچە «喀什»، ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دېگەن خەت بولغان پۇل قېلىپىنى ياساپ چىقىش توغرىسىدا يەنە مەكتۇپ يوللىدى. پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 1.3 مىسقال بولدى، 500 داچەن بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ كېلەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گەنسۇ شىنىڭ قورغىنىنىڭ باش بۆغى تەن شاڭلىيەنگە قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى.

7 - ئايدا چاررۇسىيىلىك پولكوۋنىك پېۋسوف تەكشۈرۈش ئەترىتى گرومبوچېۋسكىينى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوشتىن چىقىپ، پامىر ئارقىلىق قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ «تەكشۈرۈش» كە ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياساۋۇلبېگى تەن شاڭلىيەن قەشقەردە كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئاقسۇ قورغىنىنىڭ باش بۆغى دۇڭ فۇشياڭ قەشقەرگە ياساۋۇلبېگى بولۇپ كەلدى. قەشقەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توت شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ياردەمچى ئورۇنباسار سانغونى خۇاڭ ۋەنپىڭ ئاقسۇ قورغىنىنىڭ باش بوغى بولدى.

يازدا ئالچور ئەنگلىيە قورچاق قوشۇننى پامىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يېشىلنۇر كۆلى ئەتراپىغا تاجاۋۇز قىلدۇرۇپ، «بۇ جايلار ئەنگلىيىنىڭ زېمىنى» دېۋالدى ھەمدە قوراللىق كۈچ بىلەن جۇڭگونىڭ سومانتاش قاراۋۇلخانىسىنى ئىگىلىۋالدى.

8 ـ ئايدا ئەنگلىيە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ـ ئافغانىستاننىڭ پامىردىكى چېگرىسىنى ئايرىش ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنى سومانتاش رايونىنى بۆلۈپ بېرىشكە قىستاپ، ئەنگلىيە كۈچلىرىنى جۇڭگو چېگرىسىغا ئېلىپ كېلىش غەرىزىگە يەتمەكچى بولدى. چىڭ ھۆكۈمىتى «پامىر جۇڭگونىڭ زېمىنى» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇلار بىلەن چېگرا ئايرىش مەسىلىسى ئۈستىدە قايتا سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلدى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ قورچاق قوشۇنىنىڭ سومانتاش رايونىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئايدا شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ـ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوش رايونىدىن قەشقەرگە كېلىپ، ياڭىخازبەند بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 17 ـ يىلى (1891 ـ يىلى)

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوتەي شياڭ باڭجوغا نوتا تاپشۇرۇپ، تاشكەنتنىڭ باش ۋالىيسى چېگرا تەكشۈرۈپ پامىرغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شياڭ باڭجو كونسۇلغا نوتا تاپشۇرۇپ، چوڭ ـ كىچىك پامىرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو زېمىنى، باش ۋالىي پەقەت چېگرالانغان جايغىچە بارسا بولىدۇ، دېدى.

7 ـ ئايدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 120 كىشىلىك

رازۋېدكا ئەترىتى پولكوۋنىك يانوفنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۇ ئۇۋلاشنى باھانە قىلىپ پامىرغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار يول بويى جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ توسۇشىغا پىسەنت قىلماي، زورلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، پامىر رايونىدىكى يوللار ھەمدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدى، شۇنداقلا سومانتاشتىكى چيەنلۇڭ خان تۇھپە خاتىرە تېشىنى ئوغرىلاپ كەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

8 - ئايدا چاررۇسىيە تۈركىستان باش ۋالىيسى فېلىۋسكىي ئاشكارا ھالدا «جۇڭگو - چاررۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» دىكى پامىرنىڭ چېگرىسىنى بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاررۇسىيە سارىقول بويلىرىدىن مۇزتاغقىچە بولغان ئارىلىقنى چېگرا قىلىدۇ، پۈتكۈل پامىرنى ئىگىلەيدۇ، دەپ جار سالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گەنسۇ - شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭتاۋنىڭ قەشقەردە سودا ئىدارىسى قۇرۇش ھەمدە چېگرىدا قاراۋۇلخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى تەستىقلاندى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى يانوف ئالاھىدە قوشۇننى باشلاپ پامىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» دە بەلگىلەنگەن «كېلىشىپ بولالمىغان رايون» نى ھەمدە كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن جۇڭگوغا تەۋە پامىرنى ئىگىلىۋالدى. 10 - ئايغىچە چاررۇسىيە قوشۇنى سارىقولنىڭ غەربىدىكى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو پامىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى پامىر چېگرىسىنى ئايرىش ئۈچۈن، پامىردا تۇرۇشلۇق ئاتلىق قوشۇن ۋە ئۈچ گازارما، قاراۋۇلخانىلارنى ۋاقتىنچە سارىقولنىڭ شەرقىگە چېكىندۈردى.

11 - ئايدا ياركەنت سۇ ئايپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىۋاسىتە قاراشلىق باش ۋالىي لى خۇڭجاڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە تېلېگراف سىمى تارتىشقا باشلىدى، بۇ لىنىيە گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895 - يىلى) 4 - ئايدا تۇتاشتۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا ياركەنت، قاغىلىقلاردىكى ئۇششۇك، مۆلدۈر، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەرلەردىن غەللە - پاراق ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچى لەنسدىل قەشقەرگە كەلدى، ئۇنىڭ «جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا - كىچىك شىزاڭغا سەپەر» دېگەن كىتابى بار. شۋېتسىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دىن تارقىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ياركەنت، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ھەتتا ئۈرۈمچىگىچە دىن تارقاتتى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە ئوفىتسېرى يانوف يەنە پامىرغا تاجاۋۇز قىلىپ، جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىنى ئىگىلىۋالدى. جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيە پامىر چېگرىسى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزوڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 19 - يىلى (1893 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە تۇرۇشلۇق ياردەمچى سول تۇغلۇق ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى بۆلۈنگۈلگە يۆتكەلدى. 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەنە قەشقەر كونىشەھەرنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى سۇباشقا يۆتكەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى قوغداپ تۇرغان بىر توپچى قىسىم سارىقولغا بېرىپ ئورۇنلاشتى؛ 24 ـ كۈنى، پىيادىلەر قىسمى كونىشەھەردىن گەز قاراۋۇلخانىسىغا يۆتكەلدى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەردىن يۆتكەلگەن سول تۇغلۇق ئاتلىق قوشۇن چارلۇڭغا ئورۇنلاشتى.

قەشقەردە كانچىلىق ـ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ (1895 ـ يىلى كانچىلىق ئىدارىسى بىلەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ئايرىلدى)، بەش مىسقاللىق، تۆت مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، بىر مىسقاللىق پۇللار قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

يىل ئاخىرىدا ياركەنت قاتارلىق ئايماق، ناھىيىلەردە كەلكۈن ئاپىتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ، ئىجارە ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدى ھەمدە ئۇرۇقلۇق بېرىپ تۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى)

شۇ يىلى خۇاڭ ۋەنپىڭ قەشقەرگە مۇۋەققەت ياساۋۇلبېگى بولدى.

شۇ يىلى چارروسىيىنىڭ توسالغۇلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، پامىر چېگرىسىنى ئايرىش سۆھبىتى داۋاملىشالمىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى چارروسىيە تەرەپكە نوتا تاپشۇرۇپ، «1884 ـ يىلىدىكى كېلىشىمدىكى ھوقۇقىمىزنى تا رازى بولغۇدەك چۈشەنچە ھاسىل قىلغۇچە ساقلاپ قالىمىز» دېدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 21 ـ يىلى (1895 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى تاۋ موننىڭ ئەستىقلىشى بىلەن ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان قەشقەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋالغان قۇللارنى قايتۇرۇۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4 - ئايدا جاڭ جۈن قەشقەرگە مۇۋەققەت ياساۋۇلبېگى بولدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەنگلىيە سودا مۇخبىرى بېگۇم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سەيلە - ساياھەت ئىشلىرى ئەمەلدارى ماكارتنىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ «غەربىي ئاسىياغا زىيارەت» دېگەن ئەسىرى بار.

شۇ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ تېلېگراف لىنىيىسى تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەرلەرگە تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشقا ئىككى يىل ۋاقىت، 140 مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىندى.

7 - ئايدا سىملىق تېلېگراف لىنىيىسى قەشقەردىن جۇڭگو - چاررۇسىيە چېگرىسىدىكى ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تېلېگراف لىنىيىسىگە ئۇلاندى.

8 - ئايدا سارىقولدا يەر تەۋرىدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو چاررۇسىيە سودا باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشقۇردى. قەشقەردىمۇ جۇڭگو - چاررۇسىيە شۆبە سودا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇردى. بۇلار شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە، ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ئالاقە ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي، ئۆز ئالدىغىلا جۇڭگوغا تەۋە پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋالدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 22 - يىلى**
**(1896 - يىلى)**

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گەز قاراۋۇلخانىسىغا ئەۋەتىلگەن قەشقەر پىيادىلەر قىسمىنىڭ بىر تارمىقى لوپنۇرغا يۆتكەلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قەشقەردىن سارىقولغا ئەۋەتىلگەن توپچى قىسىم قەشقەر كونىشەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە يەر تەۋرىدى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى كەنت ـ مەھەللىلەردە يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن 73 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەتتە ئادەم ئۆلدى، بەش ئادەم يارىلاندى.

شۇ يىلى چاررۇسىيە سودىگەرلىرى قەشقەردىكى قاراۋۇلخانىلاردىن 420 مىڭ 220 سەر كۈمۈش قىممىتىدە مال كىرگۈزدى، 530 مىڭ 185 سەر كۈمۈش قىممىتىدە مال يۆتكەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ يىلى جۇڭگو ـ چاررۇسىيە داۋشېڭ بانكىسى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەرلەردە شۆبە بانكا قۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى لوپنۇردا تۇرۇشلۇق پىيادىلەر قىسمىنىڭ بىر تارمىقى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 18 ـ 21 ـ كۈنلىرى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بىرمۇنچە ئەسكەرنى باشلاپ، سودىگەر ماسلىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، 24 بولاق نەشىنى تېپىپ ئېلىپ كەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ شەرقىدە كەلكۈن كېلىپ، كۆۋرۈك ۋە ئۆتەڭلەرنى ئېقىتىپ كەتتى. ئىچكىرىگە باندىتلارنى تازىلاشقا ياردەمگە كەتكەن قەشقەرنىڭ مۇداپىئە ئاتلىق قىسمىنىڭ بىر تارمىقى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

10 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك دىش قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ يەرلەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆلچەپ چىقتى. شۇ يىلى ئەنگلىيە تاشقورغاندا پوچتا پونكىتى تەسىس قىلدى. بۇ پونكىت ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ۋە تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ۋاكالەت باشقارمىسىغا تەۋە ئاپپارات ئىدى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قەشقەردىكى ياردەمچى ئورۇنباسار سانغۇنى ياڭ دېجۇن كونىشەھەرنىڭ قۇمدەرۋازا سىرتىدىكى ئەسلىدىكى گۈلباغ شەھىرىنىڭ ئورنىغا يۇمىلاقشەھەرنى ياساتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار شەھىرى (كونىشەھەر) سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 12.7 چاقىرىمغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر بولدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 24 - يىلى (1898 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جاڭ جۇن قەشقەردىن يۆتكىلىپ كەتتى، جاڭ زۇڭبىن مۇۋەققەت ياساۋۇلبېگى بولدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە قەشقەردە ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاتلىق قىسىملار پاراتتىن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ماھارىتى، قارىغا ئېتىش مەشىقلىرى كۆزدىن كەچۈرۈلدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە قاتتىق يەر تەۋرىدى، 425 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 47 ئادەم ئۆلدى، 85 ئادەم يارىلاندى. ئىككىنچى كۈنى يەنە يەر تەۋرەپ 34 ئادەم ئۆلدى، يەر تەۋرىگەن رايوندىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى.

10 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەردە يەر تەۋرەش، مۆلدۈر ئاپىتى كۆرۈلدى.

شۇ يىلى ياركەنت شەھىرى كېڭەيتىپ ياسالدى، تۆت بۇلۇڭغا راۋاق سېلىندى، ئىككى دەرۋازا ياسالدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى)

4 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى قەشقەردە قاتتىق بوران چىقىپ، 80 دىن ئارتۇق سىتولبىنى ئۆرۈۋەتتى.

7 ـ 9 ـ ئايلاردا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش، ئارغۇ قاتارلىق جايلاردا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3392 مو يەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 254 نامرات ئائىلىلىك ئاپەتكە ئۇچرىدى.

شۇ يىلى گېرمانىيىلىك گېئولوگ فېتفور بىلەن خولدېلېر قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ «بىز بېسىپ ئۆتكەن ئاسىيا» دېگەن ئەسىرى بار.

شۇ يىلى ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى (1850 – 1930 - يىلىغىچە) ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا «بەرق تەجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى» دېگەن ئەسىرىنى يازدى. كېيىن بۇ كىتاب قەشقەردە تاش باسمىدا بېسىپ تارقىتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 26 - يىلى (1900 - يىلى)

4 - ئايدا تيەنجىننىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق باش بۇغى لو رۇڭگۇاڭ قەشقەرگە ياساۋۇلبېگى بولۇپ كەلدى.

7 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر، باي قاتارلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى.

11 - ئايدا ئىلىنىڭ باش بۇغى جياۋ داجۇ قەشقەرگە ياساۋۇلبېگى بولۇپ كەلدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك ئالىم ستەيىن كەشمىردىن قەشقەرگە كېلىپ، شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى باشلىدى. چارروسىيە سودىگەرلىرى قەشقەردىكى قارۇللاردىن 2 مىليون 572 مىڭ 303 رۇبلىلىق مال چىقاردى، 1 مىليون 726 مىڭ 479 رۇبلىلىق مال كىرگۈزدى.

يىل ئاخىرىدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي چارروسىيىنىڭ سارىقول ئۆتىڭىدىكىلەر قوغلاپ چىقىرىلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگىنى سارىقول لەشكەر بېشى دەي فۇچېننى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى)

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ستەيىن ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، ئاندىن 12 ساندۇق يادىكارلىقنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن «جۇڭگو تۈركىستانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە يەر شەكلىنى تەكشۈرۈشتىن دەسلەپكى دوكلات» نى ۋە ئىككى توملۇق «قەدىمكى خوتەن، جۇڭگو تۈركىستانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن تەپسىلىي دوكلات» دېگەن كىتابنى يازدى.

يىل ئاخىرىدا مارالبېشى، كۇچا مۇلدۇر، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارىنى تەيىنلەش ئىشىغا ئاشكارا ئارىلاشتى. چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئالاقىچىسى شۇ يەرلىك بىر ئايالنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردىكى ھەر ساھە كىشىلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ نارازىلىق بىلدۈردى، ئۇلار پاجىئەلىك باستۇرۇلدى. قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ياساۋۇلبېگى جاڭ زۇڭبىن نامايىش قىلغان ئاممىنى ئاشكارا قوللىدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چاررۇسىيىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ياساۋۇلبېگى جاڭ زۇڭبىننىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئاقسۇ قورغىنىنىڭ باش بۇغلۇقىغا قويدى. جياۋ داجۇنى دەرھال قەشقەرگە بېرىپ ياساۋۇلبېگلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

5 ـ ئايدا سۈيۈن ھېيدىن يەنە بىر قېتىم قەشقەرگە كەلدى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرىدى. يەر قاتتىق تەۋرىگەن جايلاردا 10 بالدىن ئېشىپ، 1.5 مىنۇت داۋاملاشتى. تاغلار گۇمۇرۇلۇپ كەتتى، يەرلەر يېرىلدى، 10 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1000 غا يېقىن ئادەم ئۆلدى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەرۋازىسى بۇزۇلدى، ئىككى تەرەپتىكى مۇنارنىڭ ئۈستى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، تاملىرى يېرىلدى. شۇ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋە 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەر يەنە تەۋرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىلغىچە ئانچە ـ مۇنچە يەر تەۋرەش بولۇپ تۇردى.

9 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن بىۋاستە قاراشلىق ئايماقلىرى مەھكىمە قىلىندى. مەھكىمە ئورنى ئەسلىي جايىدا بولۇۋەردى، بارچۇق ۋازارىتى مارالبېشى ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، يەكەن مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.

شۇ يىلى ئىككىسۇدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەر (جاڭزا) بىرلەشتۈرۈپ، پوسكام ناھىيىسى قۇرۇلدى، ئۇ يەكەن مەھكىمىسىگە قاردى. كېيىن مەھكىمە ئورنى گۇمىغا يۆتكىلىپ، گۇما ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەردى، يەرلىكتىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ كەچۈرۈم قىلىندى.

8 ـ ئايدا لاۋرووۋسكىي چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇقىغا تەيىنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى فەن شياۋسۇ قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنى كۈمۈش پۇل قۇيۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ يىلى ئامېرىكىلىق گېئولوگ پامبولى، داۋس، خونتىڭتونلار ئوشتىن قەشقەرگە كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش باج ئىدارىسىنىڭ قەشقەر كونىشەھەر شۆبىسى قۇرۇلۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى يوللار ئارقىلىق قەشقەرگە كىرىدىغان ماللاردىن، شۇنىڭدەك بۇ يوللاردىن چىقىرىلىدىغان ۋە چەتكە توشۇلىدىغان ماللاردىن باج ئېلىش باشلاندى.

شۇ يىلى پەيزاۋاتتىكى كەنتلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ پەيزاۋات ناھىيىسى قۇرۇلدى، ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە قاريدى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلى (1904 - يىلى)

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا يىغىلىپ قالغان 1609 ئىشنى چاررۇسىيە ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىش ئۈچۈن، جى رۇينى چاررۇسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى لانىروكونوف چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر بايلىرىدىن تۇردىباي بىلەن كېرەمباي ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن پۇل چىقىرىپ، يەر تەۋرەشتە بۇزۇلۇپ كەتكەن ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈردى.

شۇ يىلى شۋېتسىيىلىك يەتتە مىسسىيونېر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يارباغ دەرۋازىسى (ھازىرقى سەمەن يولى) دا بىر چېركاۋ سالدى. شەھەر ئىچىدە خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار 20 دىن ئاشاتتى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 31 - يىلى (1905 - يىلى)

10 - ئايدا گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لېكوك

تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇ يەردە گرونۋېدىل بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن يەنە تۇرپانغا كەتتى. ئۇلارنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

قىشتا يېڭىسارىدا كەلكۈن ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكتىن ياردەم بېرىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 32 - يىلى (1906 - يىلى)**

4 - ئايدا ئالدىنقى يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان يېڭىسار ۋازارىتىنىڭ ئاشلىق، يەم - خەشەك بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ستەيىن كەشمىر ئارقىلىق يەنە قەشقەرگە كېلىپ، 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىنسانشۇناسلىق توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى.

يازدا يەكەن قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقاچقا، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىندى.

8 - ئايدا فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى چاررۇسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ ئۈچ مىرۋان بۇددا خارابىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە تامغا خەت يېزىپ خاتىرە قالدۇردى. قەشقەردىكى نۇرغۇن شەھەر ئىزلىرىنى تەكشىلىك خەرىتىسىگە چۈشۈردى.

9 - ئايدا چاررۇسىيە جۇڭگو - چاررۇسىيە داۋشېڭ بانكىسى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ دوتىيى يۈەن خۇڭيۇگە 20 مىڭ رۇبلى قەرز پۇل بەردى، بۇ پۇل تورغات ئېغىزىدىن قەشقەرگىچە بولغان يولنى ياساشقا ئىشلىتىلدى، بۇ قەرز پۇل يول بېجى ئارقىلىق قايتۇرۇلىدىغان بولدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ۋاكالەتچىسى خۇلېزىي قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ يىلى قەشقەردىن چارروسىيىگە چىقىرىلغان مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليون 270 مىڭ مارك، چارروسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليون 300 مىڭ مارك؛ قەشقەردىن ھىندىستانغا چىقىرىلغان مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 103 مىڭ مارك، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ مارك بولدى.

**چىڭ سۇلالىسى خانى دېزۇڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى)**

6 - ئايدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ خەت - ئالاقىسى ۋە پۇل يېرىۋوت ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئىچىدە پوچتا ئىدارىسى قۇردى. بۇ پوچتىخانا يوللانمىلارنى تۆت كۈن ئىچىدە ئەركەشتامدىكى چارروسىيە پوچتا بېكىتىگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان بولدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياپونىيە مەسلىھەتچىلەر ۋازارىتىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ياپونىيىلىك شاۋزو خىنوتىتسومو ئىلىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ قوغدىشى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەردىن ئايرىلدى. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سەيلە - ساياھەت ئىشلىرى ئەمەلدارى ماكارتنى، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئامبىلى چيەن بىڭخۇەن، ياندىش ئامبال ياڭ دېجۇن ۋە چارروسىيە كونسۇلى لانزوكونوفلار بىلەن كۆرۈشتى. خىنوتىتسومو قەشقەر كونىشەھەردە 6500 ئائىلە، 40 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بارلىقىنى، چارروسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ 500 دىن ئاشىدىغانلىقىنى، ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ 300 دىن ئاشىدىغانلىقىنى، بازاردىكى ماللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى

چارروسىيە ماللىرى ئىككەنلىكىنى خاتىرىلىگەن.

شۇ يىلى شياڭگاڭلىق ئەمەلدار كېلىمېنت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

چىڭ سۇلالىسى خانى دېزوڭ زامانىنىڭ گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ «تۇرلۇك ماللاردىن بىر تۇتاش سېتىش بېجى ئېلىش نىزامنامىسى» تۈزۈلدى. ئۈرۈمچىدە باش ئىدارە، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىدارە تەسىس قىلىندى. 240 جىڭ مال بىر دەن ھېسابلاندى، ھەرقايسى ئىدارىلار بىردەك ھۆكۈمەت گىرى ئىشلىتىپ باج ئالدى. باج ئېلىنىپ بولغان ماللار باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلسا، قايتا باج ئېلىنمايدىغان بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەنگلىيە قەشقەردە باش كونسۇلخانا قۇردى. ئىلگىرىكى سەيلە ـ ساياھەت ئىشلىرى ئەمەلدارى باش كونسۇللۇققا ئۆستۈرۈلدى، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. شۇ دېخوا باش كونسۇللۇققا تەيىنلەندى.

10 ـ ئايدا پاۋلوۋ چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چيەن بىڭخۆەن قاتارلىقلار قەشقەر كونىشەھەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭدىن ئىككىنى قۇردى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى، پولكوۋنىك مەنھەيمۇ قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئىنسانشۇناسلىق بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ «ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن كىتابى بار.

چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا ماكارتنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولدى.

4 ـ ئايدا چېكەتكە، مۆلدۈر، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەكەن قاتارلىق مەھكىمە، ۋازارەت، ناھىيىلەرنىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن تاچىبانا تۇرپاندىن قەشقەرگە كېلىپ، يېسۇن رۇڭ سەنلاڭ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەكەنگە تەكشۈرۈشكە كەتتى.

8 ـ ئايدا چاررۇسىيىنىڭ ئولدېنبورگ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى پېتىربورگتىن قەشقەرگە كېلىپ، مەسچىت، ئۆڭكۈرلەرنى بىر ئايدىن ئارتۇق تەكشۈردى، كېيىن قەشقەردىن ئايرىلىپ تۇرپانغا كەتتى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇچە شۆتاڭ «千字文» (مىڭ خەتلىك دەستۇر)، «三字经» (ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر) «百家姓» (فامىلىلەر)، «四字韵语» (تۆت خەتلىك قاپىيىداش سۆزلەر) دېگەندەك ئاقارتىش خاراكتېرىدىكى دەرسلىكلەرنى تارقاتتى. دەرسنى يامۇل بېكىتكەن ئوقۇتقۇچى ئۆتتى.

يىل ئاخىرىدا سوكوۋ چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇقىغا، بىلونس مۇئاۋىن كونسۇللۇققا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك لېيتېنانت ئايسدون قەشقەرگە كېلىپ جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولدى.

شۇ يىلى قەشقەردە شۆبە پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر يەكەن قاتارلىق جايلاردا جازانىخورلۇق قىلىپ خەلقنى شىلدى، ئۇيغۇر نامرات دېھقانلار يامۇلغا ئەرز قىلدى. يەكەن ئامبىلى ۋاڭ بۇدۇەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 8 ماددىلىق نىزامنامە تۈزۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ

بىلەن ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر ئاز - تولا ھوشىنى يىغدى.
شۇ يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، چاررۇسىيىلىكلەر قەشقەردە جىشياڭيۇڭ، دېخې، دېشېڭ قاتارلىق بانكىلارنى قۇرغان. شۇ چاغدا چاررۇسىيىدىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 112 ئائىلە، 302 ئادەم (بۇنىڭدىن ئەر 195، ئايال 107) بولۇپ، بۇلارغا چاررۇسىيە تەرەپتىن بىر شاڭيو قويۇلغان.

## چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ ياشلىرىغىچە قەشقەرنىڭ دوتيىي يۈەن خۇڭيۇ جاڭ يىڭشۈەننى چاررۇسىيىنىڭ سىيازى پېرىكوپوۋ، كونسۇلى سوكوۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار تويۈن قاراۋۇلخانىسى بىلەن قەشقەردە يىغىلىپ قالغان كونا - يېڭى دېلودىن 2887 نى تېز بىر تەرەپ قىلدى.
قىشتا يۈەن خۇڭيۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئوتۇن ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوۋ باھانە تېپىپ قوشۇلمىدى ھەمدە ئورۇنسىز ھالدا بۇ بۇيرۇقنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
شۇ يىلى يەكەندە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇرۇلدى.

## چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو - چاررۇسىيە سودا ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قەشقەر ئالاقە شۆبە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.
شۇ يىلى شىنجاڭ پوچتا باش ئىدارىسى يەكەندە شۆبە ئىدارە قۇردى.
شۇ يىلى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بېرېنس ئوچۇق - ئاشكارا تەمزىملاش - سودا چېكى سېتىش شەكلى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانۇنسىز ھالدا «چاررۇسىيە مۇھاجىرى» نى كۆپەيتتى،

كونسۇل سوكوۋ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2000 پارچە چاررۇسيە «ئىسپات قەغىزى» تارقاتتى.

شۇ يىلى ياپونىيىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 3 - قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ «ئېكسپېدىتسىيە» قىلدى. ئوتانىنىڭ ئەنگلىيىلىك خىزمەتچىسى خوبوسقا چېچەك چىقىپ قەشقەردە ئۆلدى. تاچىبانا كوچادىن قەشقەرگە كېلىپ، خوبوسنى دەپنە قىلىپ، خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى.

# جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

## (1912 — 1949 - يىللىغىچە)

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا بېيجىڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قەشقەر دوتىيى يۈەن خۇڭيۇنى يوشۇرۇن تەۋسىيە قىلدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تېلېگراممىا بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنى تۇتۇقىا ئۆزگەرتتى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۈەن داخۇانىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلاپ، قەشقەرنىڭ دوتىيى يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر گىلاۋخۇي جەمئىيىتىنىڭ كاتتىۋېشى بيەن يۇڭفۇ، ۋېي دېشىلار كۆپچىلىكنى باشلاپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى يۈەن خۇڭيۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى، شۇنداقلا يۈەن خۇڭيۇنىڭ مەسلىھەتچى سەركەردىسى تاڭ دىيەنخېڭ، قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ئامبىلى جاڭ بېڭدو، جاڭ شۇئېي قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا، قوشۇمچە ئاۋام ئىشلىرى ئورنىنىڭ باشلىقلىقىغا، ۋاڭ شۈزېڭ قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە، جۇ جىدې قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چاررۇسىيە ئەلچىسى شىنجاڭ قەشقەرنىڭ ئەنسىزچىلىكى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، بۇ جاينىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن چاررۇسىيە تەرەپ نائىلاج ئەسكەر ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى، ۋەھاكازا دېدى. 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شاڭخەي «مىنلىباۋ» گېزىتى يۇقىرىقى خەۋەرنى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى چاررۇسىيە ئەلچىسى بىلەن سۆزلىشىپ، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا دائىر بەلگىلىمە يوقلۇقىنى، ئەگەر قوغداش ئەترىتى كېلىدىغان بولسا بۇ يەرنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن دەرھال چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. چاررۇسىيە كونسۇلى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئەسكەر ئەۋەتىش مەيدانىدا چىڭ تۇردى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەردىكى گېلاۋخوي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى جېڭ كۈنشەن قاتارلىقلار ئادەم توپلاپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندە جېڭ كۈنشەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 840 كىشىلىك چاررۇسىيە قوشۇنى توپ، پىلىموت، جەڭ ئېتى، ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، مىڭيول قازاۋۇلخانىسىدىن قەشقەرگە كىرىپ، يەتتە جايغا بۆلۈنۈپ كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبى) غا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى بىلەن دوتەيگە تېلېگرامما بېرىپ: «چاررۇسىيە ئارمىيىسى چېگرىدىن كىرگەن بولسا، بىز تەرەپتىن ئەسكەر كۆپەيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىچكى قىسىمنى تەرتىپكە سېلىشقا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش لازىم، ئىچكى قىسىم ياخشىلانسا، سىرتقى ئاپەت ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ» دېدى.

7 - ئايدا ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئالاقە

ئەۋەتىپ، چارروسىيە تەرەپ بىلەن قاتتىق سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. چارروسىيە تەرەپ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، قەشقەرگە يەنە 500 ئەسكەر كۆپەيتتى. توپ، پىلىموتلارنى دوتەي يامۇلىغا بەتلەپ قويۇپ، ئاشكارا تەھدىت سالدى. 15 - كۈنى چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوۋ چارروسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئارقىلىق يۇەن شىكەينى «چىرا ۋەقەسى»دىكى «قاتىلنى قاتتىق جازالاش» قا، بۇنىڭ ئۈچۈن ناماقۇل بولۇشقا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا نەپقە بېرىشكە قىستىدى.

ئاي ئاخىرىدا ۋاڭ بىڭكۈن قەشقەرگە دوتەي بولدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭغا تېلېگرامما يوللاش ئارقىلىق چارروسىيە ئەلچىسىگە نوتا تاپشۇرۇپ: «قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى، چەت ئەللەر بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقى» نى، «ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان بولسا، تاشقى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنى مۇھاجىر سودىگەرلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، قەشقەر كونىشەھەر يارباغ دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتتى. چارروسىيە قوشۇنى شىددەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. قەشقەردىكى ھەر ساھە گېلاۋخۇينى ئامانلىق ساقلاش بويىچە ئوڭ، سول ئىككى ئامانلىق ساقلاش باتالىيونى تەشكىللەپ، بيەن يۈڭفۇ، ۋېيدېشىلارنى باش بولۇشقا كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن چارروسىيە قوشۇنى قەشقەرگە يەنە 1000 ئەسكەر يۆتكىدى. قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى جيا داجۇ ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە چارروسىيىلىكلەرگە ناماقۇل بولدى ھەمدە چىرا كەنتىدە يۈز بەرگەن ئىشنى بىر تەرەپ قىلغان جۇڭگو تەرەپ ئەمەلدارنى تەكشۈرۈپ جازالىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنى يەنە بىر قېتىم قەشقەر كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ، شەھەرگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. ئىككىنچى يىلى 10 ـ ئايدا چاررۇسىيە قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، پارتلىتىۋېتىلگەن قەشقەر كونىشەھەر يارباغ دەرۋازىسىنى چاررۇسىيە تەرەپ ئەسلىگە كەلتۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەرقايسى ئايماق، ناھىيىلەرگە بېرىلىدىغان ھۆكۈمەت خىراجىتى بەلگىلەپ بېرىلدى. يەكەن، قەشقەر يېڭىشەھەر 1 ـ دەرىجە قىلىنىپ، ئايلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى 600 سەر، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەر 2 ـ دەرىجە قىلىنىپ، ئايلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى 500 سەر قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دائىملىق چىقىملار بۇرۇنقى بويىچە بولدى. بۇرۇن كەم بېرىلگەن مەھكىمە مۇراسىمى راسخونى، يېقىلغۇ سەرپىياتى، سېلىق، قوشۇمچە ياردەم قاتارلىقلار شۇ كۈندىن باشلاپ بىردەك كەچۈرۈم قىلىندى، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا بېكىتىلگەن ھۆكۈمەت راسخوتىدىن بېرىلىدىغان پاكلىق پۇلى توختىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ما جەنكۈي قەشقەر كونىشەھەردىكى ياردەمچى باتالىيوننىڭ ئورۇنباسار سانغۇنلۇقىغا قويۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ياڭ زەنشۇ قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ياساۋۇلبەگلىكىگە تەيىنلەندى، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغۇچە بولغان مەزگىلدە بۇ ۋەزىپىنى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ياردەمچى ئورۇنباسار سانغۇنى ياڭ دېڭشىن ئۆتەپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە بەزىلەر گومىنداڭ پارتىيىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ دېڭشىن بۇنى كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياڭ زەنشۇ ئىلىدىن قەشقەرگە

كېلىپ، «قوروقلۇق ئارمىيە گېنېرال لېيېتېنانتى» دېگەن ھەربىي ئۇنۋان بىلەن قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى، تاشقى ئىشلار ۋاكالەتچىسى بولدى.

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنىنىڭ گېنېرالى 1000 كىشىلىك كازاك ئاتلىق قوشۇنى ۋە 500 كىشىلىك توپچى قوشۇننى باشلاپ يەنە قەشقەرگە كەلدى. ئاي ئاخىرىغىچە چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 3000 دىن ئاشتى. قەشقەرنىڭ دوتىيى ۋاڭ بىڭكۈن چارروسىيە تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇلارنى يول بويى جۇڭگو قىسىملىرى قوغداپ ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاڭ بىڭكۈن قەشقەرنىڭ كۆزەتكۈچىلىكىگە تەيىنلەندى. چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاڭ بىڭكۈنگە نوتا تاپشۇرۇپ: «چارروسىيە داۋشېڭ بانكىسى قىممىتى ئوخشاش بولمىغان بەش خىل تىللا قويۇۋاتىدۇ. ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 8 مىليون سەردىن 9 مىليون سەرگىچە بولىدۇ. شۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىدۇ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى، سودىگەرلىرى قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي شۆبە بانكىلىرىدا كۆمۈشكە تىللا ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ» دېدى. ياڭ زېڭشىن تېلېگراما ئارقىلىق خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاتناش مىنىستىرلىقى مەملىكەت بويىچە تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتتى. قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى 2 - خىلدىكى «ب» دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدارىسى بولدى، قەشقەر كونىشەھەر تېلېگراف ئىدارىسى 3 - خىلدىكى «ب» دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدارىسى بولدى.

شۇ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن مەھكىمىلىرى ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىي تەۋەلىكىدىكى ناھىيىلەر قوشۇلۇپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش باشلىقى جۇ زىچى چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كومىنسكىي بىلەن بېيجىڭدا «ئەركەشتامدا جۇڭگو - چاررۇسىيە تېلېگراف سىملىرىنى تۇتاشتۇرۇش شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىدىكى تېلېگراف سىملىرىنى ئۇلاپ، چاررۇسىيە بىلەن جۇڭگو قەشقەرنىڭ تېلېگراف ئالاقىسىگە قولايلىق ياراتماقچى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ كۆزەتكۈچىسى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ چېگرا ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىنى ئېنىقلىدى، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى تىزىمغا ئالدى؛ پاسپورتى بولمىغان ھەم جۇڭگو تەرەپتىن چېگرىدىن كىرىش ئىسپات قەغىزى قىلىپ بېرىلمىگەنلەر تىزىملانمىدى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەرنىڭ كۆزەتكۈچىسى يەنە دوتەي قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. چاڭ يۈچىڭ مۇۋەققەت دوتەيلىككە تەيىنلىنىپ، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەرگە دوتەي بولدى.

7 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنى جايلاردىن قەشقەرگە كەلگەن 651 جۇڭگولۇقنى ئالداپ، قانۇنسىز ھالدا ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈۋالدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قورۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى مايور ياڭ دېشېڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبەگلىكىگە، قوشۇمچە قەشقەر قورۇقلۇق ئارمىيە بىرىگادىرلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ دوتيىنى چاررۇسىيە ئەلچىسىگە ئوتلاقلاردا مال - چارۋا بېقىۋاتقان مۇھاجىرلاردىن ئېلىنىدىغان ئوتلاق بېجىنى تولۇق تاپشۇرۇشنى يەتكۈزۈپ قويۇش توغرىسىدا نوتا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەردە چارروسىيىنىڭ 2000 چە ئەسكىرى، 10 توپى، ھىندىستاننىڭ 1000 ئەسكىرى بار ئىدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ مال ئېكسپورت قىممىتى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئىمپورت قىممىتى 2 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن كەندىر ئۇرۇقىنى قاتتىق مەنئى قىلىش، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن كۆكنار ئۇرۇقىنى تولۇق يىغىۋېلىپ، قۇرۇپ ياغ تارتىپ، توپ مەنبەسىدىن يوقىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. قەشقەرنىڭ ۋالىيسى چاڭ يۈچىن بۇيرۇقنى ۋاقتىدا ناھىيىلەرگە يوللاپ، ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇدى.

## مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى ياڭ دېشېڭنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى لېيتېنانت گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ياڭ دېشېڭغا ئوردىن تەقدىم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سىتەيىن تۇرپاندىن قەشقەر كونىشەھەرگە قايتىپ كەلدى، 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئېلىپ كەلگەن 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئۇلۇغچات ئارقىلىق دۆلىتىگە ئېلىپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ دوتىيىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوغرىلىقچە ئەپيۇن تېرىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدا ئەنگلىيە، چارروسىيە كونسۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۈستۈن ئاتۇش كەنتى مەكتىپى تۈركمىلىك ئوقۇنقۇچى ئەخمەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قۇرئان»، قوشۇمچە دوختۇرلۇق ۋە ھېساب دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن كېيىن دەرس ئۆتۈشكە جۇڭگو ئوقۇتقۇچىلىرىنىلا تەكلىپ قىلىش، چەت ئەللىكلەرنى تەكلىپ قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ سەردارى ما فۇشىن بۇيرۇققا بىنائەن 20 نەچچە باتالىيون ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە كىردى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلگىرىكى ياساۋۇلبېگى ياڭ دېشىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ما فۇشىڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى بولدى، ئوغلى ما جىۋۇ ياردەمچى دوتەي بولدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياڭ زېڭبىڭنى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت دوتەيلىكىگە قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ يىلى يەكەندىكى بىر ئەنگلىيە مۇھاجىرى خەنزۇ لىۋ جۇنتاڭغا ئەپيۇن سېتىپ بەردى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يەكەن ئامبىلىغا ئەپيۇننى مۇسادىرە قىلىپ، قەشقەر دوتىيىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش، جىنايەتچىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەرلىك دائىرىلەر ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ جازالاپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا بىۋاستە تېلېگراممىا بۇيرۇقى چۈشۈردى.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاڭ مىنچۈەن ياڭ شىڭۇۋنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ياردەمچى مۇھاپىزەتچى سەردارى بولدى. ئىككىنچى يىلى 9 - ئايدا ما شاۋشېڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سابىق شىنجاڭ مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى شۇ چيەن چاڭ يۈگچىڭنىڭ مۇۋەققەت دوتەيلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

8 - ئايدا چاررۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

خەلقلىرى ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قەشقەرگە قېچىپ كەلدى.

10 ـ ئايدا چاررۇسىيە قوشۇنى قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇقرانى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنى پوچتا بېكەتلىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، كانجۇت كاتتىۋېشىنى 15 كىشىنى باشلاپ جۇڭگونىڭ قاراۋۇلخانىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا كىرىشكە ئەۋەتتى. ياڭ زېڭشىن تېلېگراممىا بېرىپ ئەسكەر چېكىندۇرۇشنى بۇيرۇدى.

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۇ رۇيچى قەشقەرنىڭ دوتىيى بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالدىنقى يىلى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن چاررۇسىيىلىك 1100 ئائىلىلىك مۇساپىر، 20 مىڭدەك ئادەم ھەم 200 نەچچە چارۋا پۈتۈنلەي دۆلىتىگە قايتۇرۇلدى. ياڭ زېڭشىن تېلېگراممىا بېرىپ، ئىشلاردا ئادىل بولغان چاررۇسىيە كونسۇلى مېسكىنغا 2 ـ دەرىجىلىك «جياخې» ئوردېنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ما چۈنرۇڭ قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئوڭ قانات قاراۋۇل مىڭبېشىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى قەشقەرلىك كاتتا باي ئۆمەر باي يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، چاررۇسىيىلىك تېخنىكتىن بىرنى ياللاپ ئىشلەتتى: بۇ زاۋۇتتا سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۆت ماشىنا بولۇپ، ھەربىر ماشىنا كۈنىگە 6000 كىلوگرام پاختا چىقىراتتى.

شۇ يىلى گېرمانىيىلىك سودىگەر شېمىر ئاچقان «شۇنفا» بانكىسى قەشقەر كونىشەھەردە دۇكان قۇرۇپ، تېرە، يۇڭ، ئۆچكە قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، يېرىم تەييار مەھسۇلاتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتتى، گېرمانىيىدىن مىلىچىمال قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ ساتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر كونىشەھەردىن ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىغا تېلېفون، تېلېگراما سىمى تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو قەشقەر بىلەن چاررۇسىيە ئارىسىدىكى تېلېگراف ئالاقىسى بىۋاستە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ رۇيچى «بۈيۈك زۇڭتۇڭ» نىڭ زەھەر چەكلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان «ئەپيۇن چەكلەش قوللانمىسى»نى ناھىيىلەرگە تارقىتىش، ئۇنى كۆچۈرۈپ تاملارغا چاپلاش ۋە ھەر ۋاقىت تەشۋىق قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ رۇيچى ئىبراھىم ئاخۇننى تاشكەنتتىكى ئالاقىچى قىلىپ، ئەنجاندا تۇرۇشلۇق جۇڭگو سودىگەرلەر باشلىقى ئابدۇللا، ئوشتا تۇرۇشلۇق سودىگەرلەر باشلىقى مادات، نارىندا تۇرۇشلۇق سودىگەرلەر باشلىقى مىرياقۇپ ھەمدە تۇركىستاننىڭ تەكشۈرگۈچىسى، قوشۇمچە دوتەي يامۇلىنىڭ باش تىلماچى لەي خاۋ قاتارلىقلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاررۇسىيىگە تەۋە شەھەرلەرگە بېرىپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار چاررۇسىيە تەرەپكە پاكىت - ئاساسلارنى كۆرسىتىپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ چاررۇسىيىدىكى مەنپەئەتىنى قوغدىدى، چاررۇسىيە تەرەپنى خاتالىقىنى تونۇپ، زىياننى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ياڭ زېڭشىن تېلېگراما بېرىپ ئىبراھىم ئاخۇننى 7 - دەرىجىلىك «جياخې» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى، باشقا ئەمەلدارلارنىمۇ مۇكاپاتلىدى: يەنە قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ رۇيچىغا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ، زىياننى تۆلىتىۋېلىشنى ھەمدە چاررۇسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن كەسكىن سۆزلىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن،

ئەھۋالنى يوللاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «يىپەك ئىشلەش تېخنىكىسى» دېگەن قوللانمىنى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشنى ۋە قوللانما بويىچە مەشغۇلات قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قوللانمىدا ئەتىيازلىق، يازلىق ۋە كۈزلۈك يىپەك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىككى خىل ئۇسۇل تونۇشتۇرۇلغان.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭغا تېلېگرامما بېرىپ، چاررۇسىيىدىن قەشقەرگە كېلىدىغانلارغا بېرىلىدىغان پاسپورتنى بىردەك توختىتىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيىلىك بىرلى 30 ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە 28 ئادەمنى باشلاپ، ئاساسلىقى ھەربىي كىيىم ـ كېچەك قاچىلانغان 80 تۆگە مالنى ئېلىپ، قەشقەرگە كەلمەكچى بولدى. ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلارنى توسۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھىندىستان ئارقىلىق بىر مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ئەۋەتكۈزۈپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا تۇرغۇزدى، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەلچىسى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا جاۋاب بېرىپ «قەشقەر تىنچلانغان ھامان مۇھاپىزەت ئەترىتى چىقىپ كېتىدۇ» دېدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەر شەھىرىدىكى چاررۇسىيە مۇھاجىرى ئۇيغۇر تاھىرخاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە خانىقا سالدۇرغانلىقىنى، ئەمەت خەلپىنىڭ يېڭىشەھەردە خانىقا سالدۇرغانلىقىنى، ئۇنى چەكلىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئىچىۋالغانلىقى، شاھ ھەزرەتنىڭ قەشقەر شەھىرىدە 1500 —

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

1600 كىشىلىك خانىقا سالدۇرغانلىقى، جانفۇۋاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە 700 ـ 800 كىشىلىك خانىقا سالدۇرغانلىقى، خانىقالارغا ئەنگلىيە، چارروسىيە، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر كىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قاتناش مىنىستىرلىقى ئەنگلىيە ماكنى سىمسىز تېلېگراف چەكلىك شىركىتى بىلەن لەنجۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسىنى قۇرۇش توختامىغا ئىمزا قويدى. بۇ قۇرۇلۇش يىل ئاخىرىدا باشلانماقچى بولدى.

مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن جۇ رۇيچىڭغا تېلېگراممىا بېرىپ، «ئەگەر سوۋېت روسىيە يېڭى پارتىيىسى (كوممۇنىستىك پارتىيە) ئادەم ئەۋەتىپ، قەشقەر بىلەن سودا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۈرۈشتا مەغلۇپ بولغان ئاق ئوروس ئەسكەرلەرنى ۋە مۇساپىرلارنى چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىكىنى تەلەپ قىلىش كېرەك» دېدى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەرلىك ئۇيغۇر سودىگەر مۇختار قاتارلىق 11 ئاتلىق كىشى سەككىز تۆگە مالنى ئېلىپ، تېكەسكە ئاپىرىپ ساتماقچى بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خونىقاي دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئاق ئوروس قىسىملىرىدىن پاۋېلىۋسكىينىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مال ـ مۈلۈكلىرى بۇلاپ كېتىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭغا تېلېگراممىا بېرىپ، مەيلى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى بولسۇن ياكى ئۇزلىرىنى مۇساپىر دېۋالغانلار بولسۇن، ئۇلارنى بىردەك توسۇپ، چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك كېرەك، دەپ بۇيرۇق قىلدى. يەنە چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى

قايتۇرۇپ كېتىلدى، مەيلى كونا پارتىيە بولسۇن ياكى يېڭى پارتىيە بولسۇن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلمىسا، ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇخانۇپ مەغلۇپ بولغان نەچچە يۈز ئەسكەرنى باشلاپ، زورلۇق قىلىپ قاراۋۇلخانىدىن ئۆتتى. ياڭ زېڭشىن تېلېگراممىا بېرىپ، خەلقئارا ئورتاق قانۇن بويىچە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ھەمدە رۇسىيە تەرەپ بىلەن بەش ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن مېڭىشقا رۇخسەت قىلىندى.

شۇ يىلى رۇسىيىگە تەۋە ئۇش، ئەنجانلاردا 1500 — 1600 چە ئۇيغۇر جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئاچ - يالىڭاچ قالغاچقا، ياڭ زېڭشىن جۇ رۇيچىنى 500 سەر كۈمۈش بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار 500 دىن ئارتۇق مۇھاجىرنى ئېلىپ ئەركەشتامغا كەلگەندە، رۇسىيە تەرەپ ئۇلارنى خالىغانچە ئاختۇرۇپ قىيىن - قىستاققا ئالدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە قەشقەرگە «ئالاھىدە ئەلچىلەر ئۆمىكى» ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ تەۋەلىكىگە قوشۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدەندى.

## مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى)

ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەر، ئىلى چېگرىسىغا كېلىپ، شىنجاڭ بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالىدى. كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەندى: سودا ئىشلىرى ئىلى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، قەشقەر چېتىلمايدۇ؛ قەشقەر بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق سودا ئىشلىرى خادىمى ۋە ئالاقىچى قويۇش ئىشى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋىلايىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، خوتەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. گۇما، قاغىلىق، خوتەن، كېرىيە، لوپ، قاراقاش، چىرا ناھىيىلىرى خوتەن ۋىلايىتىگە قارىدى.

مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ دوتىيىگە تېلېگرامما بېرىپ، «4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى بارلىق ئەنگلىيە سودىگەرلىرىدىن رۇسىيە سودىگەرلىرىگە ئوخشاش ئىمپورت ـ ئېكسپورت بېجى ئېلىش، تامۇژنا بېجىنىڭ نىسبىتىنى جاڭجياكونىڭ سوۋېت مىلىدىن ئالىدىغان بېجى بىلەن ئوخشاش ئېلىپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ راسخوتى قىلىش، ئېشىپ قالغان قىسمىنى شىنجاڭ ئۆلكىسى تارقاتقان قەغەز پۇلنى يىغىۋېلىشقا ئىشلىتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 ـ ئايدا پوسكام قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر پوچتا ئىدارىسى 1 ـ دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەركەزگە ئايلاندى.

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۇ گۇڭچيۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋېي چېڭياۋ تۇ گۇڭچيۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولدى.

مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى)

ما فۇشىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ياساۋۇلبېگى يامۇلىدا سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ سالدۇرغان كاتتا خۇيزۇ مەسچىتى

پۈتتى. ما فۇشىڭنىڭ جېجياڭلىق خوتۇنى تۇغقان يوقلاپ بېيجىڭغا بارغاندا، مىللىتارىست ساۋ كۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ما فۇشىڭغا يەتتە قىرلىق شەمشەر، بىر قۇر گېنېرال پولكوۋنىك كىيىمى تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىندا ما فۇشىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى پەيدا بولدى.

10 - ئايدا ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە جۇڭگو ئەپيۇن چەكلەش باش ئۇيۇشمىسىدىن ئەنگلىيە، رۇسىيە ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشنى ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقورغان ئامبىلىغا بۇيرۇق بېرىپ، تاشقورغاندىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئەپيۇن يۆتكەپ ساتقۇچىلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈشنى، بولۇپمۇ بوستان، تاغارما، بۇجاش، كەيىن قاتارلىق پەسىللىك قاراۋۇلخانىلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئافغانىستان، بەدەخشان قاتارلىق جايلاردىكى ئەپيۇن ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاشقورغاندىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئىلگىرىكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ھالىتى ئۆزگەرتىلىپ، ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. تاشقورغاندىكى قاراۋۇلخانىلاردىن كىرگۈزۈلىدىغان ئەپيۇن توسۇۋېتىلدى.

## مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى)

يىل بېشىدا ما فۇشىڭ ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆزىنى قەستلىشىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەرلەردىن 3000 ئەسكەر ئالدى. ياڭ زېڭشىن ئۇچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ، سۇيىقەست پىلانلىدى ھەم ئۇنى قەشقەرگە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ مافۇشىڭنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى. يەنە باش قوماندان ئى يىڭ، شتاب باشلىقى جاڭ زىچىڭلارنى 12 باتالىيون ئەسكەر ئېلىپ، ما شاۋۋۇغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ما شاۋۇ قىسىملىرى پەيزاۋاتقا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈندى. بىر بۆلىكى قەشقەر كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ما فۇشىڭنىڭ ئوغلى ما جىۋۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى؛ يەنە بىر بۆلىكىنى ما شاۋۇ ئۆزى باشلاپ يېڭىشەھەرگە يۈرۈش قىلىپ ما فۇشىڭنى تىرىك تۇتتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ما شاۋۇ ما فۇشىڭنى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىغا يالاپ ئېلىپ چىقىپ، ئېتىپ ئۆلتۈردى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى ما فۇشىڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى.

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن قەشقەرگە ياساۋۇلبېگى قويۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەربىي مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقنى قەشقەرنىڭ دوتىيىگە تۇتقۇزدى. ما شاۋۇ قەشقەرنىڭ دوتىيى بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەڭ دەرىجىلىك كونسۇلخانىلارنى قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۈرۈمچىدە باش كونسۇلخانا، قەشقەر قاتارلىق تۆت شەھەردە كونسۇلخانا قۇردى. ئومۇمەن، كونسۇلخانا قۇرۇلغان شەھەرلەردە بىردەك قارشى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىغا يول قويىدىغان بولدى. ئىككىنچى يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا يول قويۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى ئەسلىدىكى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئورنىدا بولدى.

### مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى)

قىشتا ئەنگلىيە ماكنى سىمسىز تېلېگراف شىركىتى قەشقەردە قۇراشتۇرغان سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتلىرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، لېكىن ئۈنۈمى ياخشى

بولمىدى.

شۇ يىلى قەشقەر تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېقىن ئەتراپتا مەكتەپكە چىقىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن قەشقەردە بىر ئۆلگىلىك ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشنى، ئۇنىڭ خىراجىتىنى قەشقەر ئەمەلدارلىرىغا تەۋە ئوتلاق، يەرلەردىن ئېلىنغان ئىجارە ھەققىدىن ھەل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دېڭ زۇەنشيەن چېن رۇڭبىڭنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولدى.

مىنگونىڭ 16 ـ يىلى (1927 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا ئاتۇش ئىكساق پۇتبول كوماندىسى قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئۇلارنى يېڭىۋالدى.

6 ـ ئايدا ئامېرىكىلىق شەرقشۇناس، موڭغۇل تارىخى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تارىخى بويىچە نوپۇزلۇق ئەرباب ئوۋېن لاتتىمور بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئېلىننا شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە كېلىپ قەشقەرگە چۈشتى.

شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانە ئەتراپىدا توپىلاڭ بولدى. جانبەك غازى، قاسىم خوجا، قادىر، ھېيت مۇبارەك باشچىلىقىدىكى باندىتلار قالدۇقى چېگرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە قېچىپ كېلىشتى.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى يەكەن مۇسۇلمانلار شەھرىدە زەرەپشان ناھىيىسى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

شۇ يىلى ئۇلۇغچات ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلىرىدىن ئىسهاقبېك، ماتى، شابدا قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە ماڭدى.

شۇ يىلى مارالبېشىنىڭ مەكىت قاتارلىق كەنتلىرى مەكىت ناھىيىسى قىلىندى.

شۇ يىلى مىللىي ھۆكۈمەت دوتەيلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ 3 - مەمۇرىي رايونى (قەشقەر مەمۇرىي رايونى) بولدى، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر كونىشەھەردە بولدى، ما شاۋۇ قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولدى، ناھىيە ئامباللىرى ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى.

## مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى)

سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ئېركى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىدىن قەشقەرگە كەلگەن نامان ئەپەندى قاتارلىقلار بىرلىشىپ، قەشقەردە غەربچە داۋالاش بويىچە تۇنجى دوختۇرخانا ئاچتى، دوختۇرخانا ئورنى ئۆمەر باينىڭ قورۇسىدا بولدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىسمى «ھىلال - ئەھمەر» دوختۇرخانىسى دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ پۇل ئىدارىسى ئىشتىن توختىتىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەكەن پۇل ئىدارىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)

8 - ئايدا جۇ مىنيى بىلەن قادىر باشچىلىقىدىكى جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەردە ئۇچراشتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جىن شۇرېن «سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى تەستىقلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەردە ئەركىن سودا قىلىشىغا، قەشقەردە مالىيە ئورنى قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى.

شۇ يىلى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن جىن شۇرېن قىسىملىرى بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىردى. جىن شۇرېن قەشقەردە تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى ئۆپ يىڭغا ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىش، ئىنىسى جىن شۇجىننى دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

شۇ يىلى سەمەن رايونىنىڭ خىلۋاپ كەنتىدە چوما كېسىلى تارقىلىپ، قەشقەر كونىشەھەرگە خەۋپ سالدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار كېسەللىك رايوننى قامال قىلدى، «ھىلال ـ ئەھمەر» دوختۇرخانىسى بىلەن «ساۋسىنتورگ» ئامبۇلاتورىيىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى.

## مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا سىتەيىن تۆتىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇلار ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىسى بىلەن قەشقەردە ئۇچراشتى، ئاي ئاخىرىدا قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقورغانغا باردى. خوتەندىن قېزىۋالغان سانسكرىت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ۋە خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىشا پۈتۈكلەر بىر تەرەپتىن تۇتۇپ قېلىندى.

## مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ سەركەردىسى ما شىمىڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ كۇچادىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تۆمۈر ئەلى بىلەن بىرلىكتە جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي باشلىقى شۇ يىشەن قەشقەردىكى جىن شۇجىنغا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتتى. جىن شۇجىن پولك باشلىقى ياڭ چىڭمىڭنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ياردەمگە ماڭغان قىسىم مارالبېشىدا تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى، جىن شۇجىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. جىن شۇرېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ما شاۋۋىنى جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش قوماندانلىقىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مۇھەممەد ئىمىن سابىت داموللا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قاراقاشتا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى، ئارقىدىنلا لوپ، خوتەن، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ «خوتەن ئىسلام دۆلىتى»نى قۇردى، ئۆزىنى «خوتەن ئەمىرى» دەپ ئاتاپ، سابىت داموللىنى دىنىي داھىيلىققا كۆرسەتتى. كېيىن سابىت داموللا قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، گۇما، قاغىلىق، يەكەنلەردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆلكە قوشۇنىدىكى قىرغىز باتالىيونىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئەلى يۈز ئۆرۈپ، تۆمۈر ئەلى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر كونىشەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئادىمى ما جەنساڭ جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ما شاۋۋۇ بىلەن بىرگە قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى.

ئەنگلىيە ھىندىستان ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم جاسۇسلارنى قەشقەرگە ئەۋەتتى، تەشۋىقات راسخوتى ئۈچۈن 510 مىڭ رۇبلى ئاجرىتىپ، ئادەم تەشكىللەپ «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىدە سابىت داموللا، مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاشكارا ھالدا قەشقەر كونىشەھەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇردى ھەم «تەشكىلىي پروگراما» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ماقۇللىدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن قورچاق ھۆكۈمەت قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تۇمەن دەريا كۆۋرۈكى بويىدا 20 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، قورچاق ھاكىمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى. سابىت

داموللا ئۆزى «دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى» بولدى. خوجانىياز هاجى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقاچقا، «زۇڭتۇڭ» لۇق ئورنى قويۇپ قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سابىت داموللا قۇتلۇق هاجىنى باش مۇھەررىر قىلىپ، شۋېتسىيە خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىدا «شەرقىي تۈركىستان ھەپتىلىك گېزىتى»نى (بەزىلەر «ئەركىن ھايات گېزىتى» دەيدۇ) چىقاردى؛ يېرىم ئايدىن كېيىن «ئىستىقلالىيەت» ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، قورچاق ھاكىمىيەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەرنى بېسىپ، كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى.

12 - ئايدا ئەنگلىيە قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق سابىت داموللىغا 10 مىڭدىن ئارتۇق قورال - ياراغ ياردەم قىلدى.

شۇ يىلى قەشقەردە قەغەز پۇل، رەخت پۇل بېسىلدى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن داچەن قۇيۇلدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بۇرۇن تارقاتقان پۇلى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا خوجانىيازھاجى ئاقسۇنى بېسىپ ياتتى. ئۇ سابىت داموللىنىڭ قەشقەردىن ئەۋەتكەن «زۇڭتۇڭ» بولۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خوجانىياز ھاجى 3000 – 4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەر كونىشەھەرگە كىردى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىدىكى ما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىمىڭ، ما جەنساڭلار ما شاۋۋ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلىدى. قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ يوقىتىلغانلىقى جاكارلاندى. سابىت داموللا تاشقورغان چېگرا رايونىغا قېچىپ كەتتى، مۇھەممەدئىمىن خوتەنگە بېرىۋالدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا سابىت داموللا ئاقسۇنىڭ قاراتال دېگەن يېرىگە بارغاندا خوجانىياز ھاجى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى، ئۇنى ئۆلكە ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى، كېيىن تۈرمىدە ئۆلدى.

**4** - ئاينىڭ **11** - كۈنى 10 مىڭ كىشىلىك ئۆلكە قوشۇنى قەشقەرگە كىردى: سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ چېگرىمىزغا كىرىپ، ئۇلۇغچاتتىكى ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق پولكى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تارمار قىلدى، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى يەكەن، خوتەنگە قاراپ چېكىندى.

**8** - ئاينىڭ **1** - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش - مالىمانچىلىقلار ئاياغلاشتى، شېڭ شىسەي بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتتى.

ئاي ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ليۇ بىننى قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا، مەھمۇت مۇھىتىنى قەشقەر 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ما شاۋۋ قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىنى داۋاملىق ئۆتىدى.

**10** - ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىدىن ما خۇسەن قوشۇن باشلاپ خوتەنگە بېرىپ، مۇھەممەدئىمىننىڭ ئىنىسى مەنسۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، «خوتەن ئىسلام دۆلىتى» يوقىتىلدى. مۇھەممەدئىمىن ھىندىستانغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، داۋاملىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

شۇ يىلى قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى ليۇ بىنىڭ بىلەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسى 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ

باشلىقى مەھمۇت مۇھىتىلار قەشقەر كونىشەھەردە ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن كاتتا باي ئابدۇرېھىمنىڭ قورۇسىدا ھەربىي دوختۇرخانا ئاچتى (بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى)، بۇ دوختۇرخانىغا ھەسەن ھاجى مۇدىر، ئابلا ئاخۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئەينى چاغدىكى دوختۇرخانىنىڭ قورۇلۇش كۆلىمى 1361 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 21 دوختۇر - سېستراسى، 30 كارىۋىتى بار ئىدى، بۆلۈم تەسىس قىلىنماي، پەقەت ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانا دەپلا ئايرىلغانىدى. ئابدۇرېھىمبايىنىڭ يەنە بىر ئىسمى كېرەم بولغانلىقتىن بۇ دوختۇرخانا كېرەمباغ دوختۇرخانىسى دەپمۇ ئاتالغان.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تاشقورغاندىن لاداخقا ئۆتىدىغان ئېغىزنى قامال قىلىپ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ئادەم ۋە ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى توستى. ئەنگلىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگمان ئۈرۈمچىگە كېلىپ يالۋۇردى. شېڭ شىسەي ئۇنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىلىكلەر، ھىندىستانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش توغرىسىدا يەنە بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تېلېگرامما ئاپپاراتىنى بىكار قىلدى. تاشقورغان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى ئەنگلىيە پوچتىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ، ھىندىستان پوچتا يوللانمىلىرىنى چېگرىدا ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى.

### مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇ ئاساسلىقى ھەرخىل ئاخباراتلارنى توپلاشقا مەسئۇل بولدى.

3 - ئايدا شېڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ 6 - دىۋىزىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەر كونىشەھەردە چىقىرىۋاتقان «يېڭى ھايات گېزىتى» نى ئۆتكۈزۈۋالدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيىتى (ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى) قۇرۇلدى. قەشقەر دىنىي ساھەسىنىڭ مۆتىۋەرى غوپۇر داموللا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى ھەم ئۇرۇمچىدە چاقىرىلغان شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق خەلق كېڭەشمىگە قاتناشتى. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ «6 بۈيۈك سىياسەت» ىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ خەلق ئىچىدىن يىغىدىغان دەپنە ئىشلىرى ئىئانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيەتلەرنى تەشكىللەپ، ۋەخپە مۇلۇكلەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشىنى توستى. كېۋەز، كەندىرنى ئىلمىي ئاساستا تېرىش، قەشقەرنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇ ئايدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ھىندىستانلىق سودىگەرلەر تاشقورغان چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن 3000 سەر بەدەخشان ئەپيۇنىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. ئەپيۇن جىنايەتچىلىرى جازالاندى.

شۇ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن سېتىۋالغان 4000 سەردىن ئارتۇق نەشىسىنى بىر يوللا تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەردە يەر تەۋرىدى.

شۇ يىلى 6 - دېكابىرنىڭ باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى يېقىنلىرىدىن ئىمىن ۋاھىت، ئىمىن ئاخۇن ئىككى كىشىنى «ۋەكىل قىلىپ» نەنجىڭگە ئەۋەتتى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلام ئۆكتىچىلەردىن مەسئۇد، ئەيسا ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەربىي رايون تەسىس قىلدى. قەشقەر 10 - ھەربىي رايون قىلىنىپ، گارنىزون قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى. رايون تەۋەلىكىدىكى بارلىق قىسىملار گارنىزوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مەھمۇت مۇھىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆزگەرتىپ قويۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ما شاۋۇ ما فۇشىڭنىڭ قالدۇقلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ يارىلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ باۋچيەن قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى ئوتتۇرا تېخنىكوم قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قەشقەر كونىشەھەر ئوردا ئىشىك يولىدا قۇرۇلدى، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھېسامىدىن بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىنى ئۆتىدى.

شۇ يىلى كېرەمباغ دوختۇرخانىسى بىلەن «ھىلال - ئەھمەر» دوختۇرخانىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، نامان ئەپەندى دوختۇرخانا باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى ئادەم ئەۋەتىپ ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلدۇردى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

5 - ئايدا شېڭ شىسەي قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ۋاڭ باۋچيەنگە تېلېگرامما بېرىپ، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى غوپۇر داموللىنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، «كەسپىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى»گە قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدى. لېكىن، مەھمۇت مۇھىتى توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن ئىشقا ئاشمىدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەھمۇت مۇھىتى ئادەم ئەۋەتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غوپۇر داموللىنى كېچىدە قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئۆتۈك بازىرىدا قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئەتىسى ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلۈم نامىزىغا قاتناشتۇردى.

12 - ئايدا مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە قورallıq قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلىدى. 1 - پولكىنىڭ پولكوۋنىكى خەمىت بۇ ئىشنى ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى ليۇ بىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا مەخپىي دوكلات قىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر مەمۇريي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى؛ قەشقەر ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى قەشقەر رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ئۇنىڭغا قارىدى. قەشقەردىكى تۇنجى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى چارۋا مال دوختۇرخانىسى كونىشەھەردە قۇرۇلدى. شىنجاڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قەشقەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئۇ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئاخبارات ئورگىنى بولۇپ، مەخسۇس شىنجاڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئاخباراتىنى ئىگىلەيتتى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەردىكى مەدرىس - مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش - رېمونت قىلىش ھەيئىتى ئىئانە توپلاپ، ھېيتگاھ جامەسىنى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ رېمونت قىلدى.

شۇ يىلى كېرەمباغ دوختۇرخانىسى يېڭىشەھەردىكى ياڭ جەمەتىنىڭ بېغىدا شۆبە دوختۇرخانا قۇردى.

## مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

2 - ئايدا مەھمۇت مۇھىتى توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىم يىغىن چاقىردى. يىغىندا 7 - دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى قۇربان سەئىدى قارشى تۇردى، پولك باشلىقى كىچىك ئاخۇن قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى لىيۇ بىڭغا مەخپىي

يەتكۈزدى.

3 - ئايدا شېڭ شىسەي ئۆلكە بويىچە 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىشنى باھانە قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى، مەھمۇت مۇھىتى قورقۇپ بېرىشنى رەت قىلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەھمۇت مۇھىتى ئاقتۇغا ئوۋ ئوۋلاشقا بېرىشنى باھانە قىلىپ، ئاز ساندىكى ئەمەلدار ۋە ئەسكىرى بىلەن قەشقەر كونىشەھەردىن ئايرىلىپ، يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، ئاشكارا ھالدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. زەرەپشان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ، پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ، چىپان تاغلىرىدىن ئايلىنىپ، لاداخ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى قىسىملىرىنى ئابدۇنىياز كامالنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئابدۇنىياز مەھمۇت مۇھىتى قاچقان كۈنى قوشۇننى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەكەنگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئۆزىنى «دىۋىزىيە كوماندىرى» دەپ جاكارلىدى. خوتەندە تۇرۇشلۇق ما خۇسەن قىسىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قەشقەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۆتۈرۈلدى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ما خۇسەن قىسىملىرى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنى نەزەربەند قىلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ما خۇسەن يېڭىشەھەر ئايرودرومىنى ئىگىلەپ، يېڭىشەھەرنى قورشىۋېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى ئوچۇق باياناتى ئېلان قىلدى.

ئاي ئاخىرىدا ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرى پەيزاۋات، مارالبېشى، مەكىت، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىۋالدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەن شىيەنتىڭ ۋاڭ باۋچيەننىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولدى. قەشقەر گارنىزون شتابىنىڭ شتاب باشلىقى جياڭ يۇفېن لىيۇ بىڭنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، قەشقەر گارنىزون قوماندانى بولدى. قەشقەردە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتقان ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇ شۈكاڭ قوشۇمچە تىنچلىق كېڭەشىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى ھەمدە قۇربان سەئىدى قەشقەر 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇلار قەشقەردە ھەربىي ئۆزگىرىش ئىشلىرىنى ئورتاق بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى.

ئاي ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسىدىن 5000 كىشىنى قەشقەرگە يۆتكىدى.

6 - ئايدا شېڭ شىسەي لىيۇ بىڭشىننى باش قوماندان قىلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنى باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭچى قوشۇنغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.

9 - ئاينىڭ باشلىرىدا كونستانتىنوف باش قوماندان، شاكىر پولك باشلىقى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، تورغات ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ، مەۋلانوف قوماندانلىقىدىكى قىرغىز ئاتلىق پولكى ۋە ئۇلۇغچاتتىكى ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى قىرغىز ئاتلىق پولكى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاي ئاخىرىدا قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى يەكەننى ئىگىلىدى، ما شىڭگۈي يېڭىشەھەردىن تېلېگرامما بېرىپ، تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى، ما خۇسەن مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ، خوتەن ئارقىلىق ھىندىستانغا

قىچىپ كەتتى، قەشقەردىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تىنچىتىلدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىرغىز ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شاكىر پولكى خوتەننى مۇداپىئە قىلدى.

10 ـ 12 ـ ئايغىچە شىڭ شىسەي: «ئومۇمەن، ئىلگىرى تۆمۈر ئەلى، ئوسمان ئەلى، سابىت داموللا، ما خۇسەن، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ئەگىشىپ پاراكەندىچىلىك قىلغانلار ۋە ئەنگلىيىلىك، ھىندىستانلىق سودىگەرلەر بىردەك قولغا ئېلىنىپ تازىلىنىدۇ» دەپ جاكارلىدى. قەشقەر رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇيرۇقىغا ئاساسەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى ۋەن شيەنتىڭ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۇڭ شياۋبو، قەشقەر گارنىزونى ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رۇشىن، قەشقەر يەرلىك سوتىنىڭ سوراقچىسى شۇ خۇگيۇ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم يەرلىك ئورگانلاردىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلاردىن بولۇپ 5000 دىن كۆپرەك ئادەمنى قولغا ئالدى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن پولكوۋنىك شاكىر (بۇ چاغدا قەشقەرنى قوغداشقا يۆتكەپ كېلىنگەن) ھەربىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، سوراق قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قەشقەر رايونىدا خائىنلار مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. شۇ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە خائىنلار مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتىنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىندى. قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى جياڭ يۇفېن ھەيئەت باشلىقى، قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت مەمۇرىي باشلىقى ئابدۇۋايىت قاتارلىق 9 كىشى مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقى بولدى. 12 ئەزا قويۇلدى، بۇ ھەيئەتنىڭ ئورنى كونىشەھەر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا بولدى.

شۇ يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىكى نەشە ساتقۇچى مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولغا ئېلىنىپ، 26 جىنىڭ نەشە قولغا چۈشۈرۈلدى. كونىشەھەر ناھىيىسىكى ئەپيۈنكەش ما دياۋشۇ ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەپيۈن ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، نەق مەيداندا قولغا چۈشتى.

شۇ يىلى قەشقەردىكى سابىق «يېڭى ھايات گېزىتى»نىڭ ئاساسىدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى، ئۆلكە تەرەپ لى تەييۈنى گېزىتخانا باشلىقلىقىغا ئەۋەتتى، تۇراق ھاجى باش مۇھەررىر، سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن خەلپەت، سۈزۈك ھاجى قاتارلىق كىشىلەر مۇھەررىر بولدى. ئۇلار «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى مىخ مەتبەدە، خەنزۇچىسىنى شاپىگرافتا بېسىپ چىقاردى، راسخوتىنى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنلىدى.

**مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى)**

**1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە** قەشقەردە 1 - قېتىملىق ۋە 2 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا شىنجاڭ خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى قەشقەر شۆبىسىنى قۇرۇش قارار قىلىندى، ئۇنىڭ ئورنى قەشقەر كونىشەھەر خەلق بىرلەشمىسىنىڭ قورۇسىدا بولدى؛ سابىت باشلىقلىقىغا، گوۋەن چىجۇن، ئەبىش مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويۇلدى. شۇ يىلى قەشقەر پۇلىغا سۇندۇرغاندا 22 مىليون 268 مىڭ 744 سەر، يەنى 91 مىڭ 996 يۈەنلىك مال - مۈلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

**2 - ئايدا** جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن جۇ چۈنلىن، زېڭ يۈلياڭلار قەشقەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 48 - پولكىنىڭ مايور دەرىجىلىك لىيەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى.

**5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** كەچتە قەشقەر كونىشەھەردە

تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 35 - پولكىنىڭ ئىككى لىيەنى ئەنگلىيە جاسۇسى سادىرنىڭ قۇترىتىشى ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تاشقورغان ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ سۇيىقەست قىلىپ پىلانلىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈردى. ئاتلىق ئەسكەرلەر 48 - پولكى، 31 - پولكى ۋە تاشقورغان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن توپىلاڭنى بېسىقتۇردى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى نەققارى كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

شۇ ئايدا ئامېرىكىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى ئىشلىتىلگەن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر باسمىخانىسى قۇرۇلدى.

9 -، 10 - ئايلاردا قەشقەر كونىشەھەردە سوۋېت ئىتتىپا-قىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئاتالمىش «قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 31 - پولكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولدى» دېگەن خەلقئارا خاراكتېرنى ئالغان سىياسىي ناھەق دېلو كۆرۈلدى. 31 - پولكنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر قاتارلىق ئون نەچچە ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوفىتسېر قولغا ئېلىندى. ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز قاتارلىق كىشىلەر بۇ دېلوغا قول تىقتى، شېڭ شىسەي ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ دېلونى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇنجى ئىشچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

12 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ بىن (ماۋزېمىن) بىرلىككە كەلگەن باج ئېلىش قائىدە - نىزامىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ باج خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى.

شۇ يىلى قەشقەردىكى ۋەتەنپەرۋەر زات، مۇۋەققەت ۋالىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

شۇ يىلى كونىشەھەردە مىنگونىڭ 26 - يىلىدىكى (1937 - يىلىدىكى) توپىلاڭدىن پايدىلىنىپ، زور بىر تۈركۈم نەشىنى پوچتا ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئەنگلىيىلىك سودىگەرنىڭ ئۇۋىسىدىن بىرى پاچاقلىنىپ، 490 بولاق نەشە قولغا چۈشۈرۈلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك نەشە چەكلەش كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، قەشقەردىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە بەڭگىلەرنى تىزىملاش، مۆھلەت ئىچىدە تاشلاتقۇزۇش، بەڭگىلەرنى ئېنىقلاش، تاماكا تاشلاشقا نەسىھەت قىلىش ۋە مەجبۇري تاشلاتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلەندى. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا ئۇلۇغچاتتا ئەپيۇن چەككۈچىلەر يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەشقەرنىڭ باشقا ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە خۇمارى تۇتىدىغان بەڭگىلەر بار ئىكەن، كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ 107 كىشىگە يەتكەن. ئۇلار فاڭشىنمياۋ كوچىسى ۋە شىمالىي چوڭ كوچا ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن. بۇنىڭدىن سىرت، مەكىت ناھىيىسىدە 32 كىشى، مارالبېشى ناھىيىسىدە 16 كىشى تىزىمغا ئېلىنغان. نەشىنى تاشلىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى ناھىيە مەخسۇس خىراجەت، ئۆي، خادىم ئاجرىتىپ نەشە تاشلاتقۇزۇش ئورنى قۇرغان. نەشە تاشلاتقۇزۇش ئورنى قەشقەردىن دورا سېتىۋېلىپ، بەڭگىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ دورا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى دورىنى يەپ، خۇمارىنى توگىتىشكە بۇيرۇغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىلىرى نۆۋەت بىلەن بۇ ئورۇنلارغا بېرىپ، نەشە تاشلاش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغان.

شۇ يىلى 3 - مەمۇري رايون (قەشقەر رايونى) غا قاراشلىق ئۇلۇغچات مەمۇري باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى

ئۈستۈرۈلۈپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ناھىيە ئورنى قىزىلئۆيى تۆزلەڭلىككە يۆتكەلدى؛ پەيزاۋات ناھىيىسى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايرىپ چىقىلدى، ئۇنىڭ ئورنى مەشئەت كەنتىدە بولدى.

شۇ يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى گاۋ دېڭباڭ، لى يۇنياڭ، ۋۇ نەيىمىن، جېڭ يىشىڭ، شۇ لياڭ، چيەن پىڭ، چېن چىڭيۇەن، جۇ چۇنلىن، خۇ جيەن، چېن جيۇكې، لو نەيتاڭ، ۋاڭ مو، جاۋ خەيفېڭ، زېڭ يۇلياڭ قاتارلىق 14 كومپارتىيە ئەزاسىنى ئىلگىرى - كېيىن قەشقەردە ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ھۆكۈمەت، مالىيە - باج، مائارىپ، ئاخبارات، ئارمىيە قاتارلىق تارماقلارغا تەقسىم قىلىنىپ ۋەزىپە ئۆتىدى. ئۇلار قەشقەردە ئىشلىگەن مەزگىللەردە، پارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، جان - دىلى بىلەن ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بىرلىك سەپ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ 14 كومپارتىيە ئەزاسى ئىلگىرى - كېيىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، 1942 - يىل 9 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنئەنگە قايتىپ كەتتى.

## مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)

1 - ئايدا گاۋ دېڭباڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) قەشقەر رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، كومپارتىيە ئەزاسى لى يۇنياڭ (لى جېلياڭ) قەشقەر رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، كومپارتىيە ئەزاسى شۇ لياڭ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ باشلىرىدا كومپارتىيە ئەزاسى چيەن پىڭ يەكەن يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، لو نەيتاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

مارالبېشى يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەردە 250 ۋاتلىق قەشقەر چىراغ زاۋۇتى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقان ئەنگلىيە جاسۇسى نۇرئاخۇننى نەق مەيداندا قولغا ئالدى.

5 - ئايدا ئۆلكە بويىچە تاشيول يىغىنى ئېچىلدى. ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن خوتەنگىچە تۇتىشىدىغان تاشيولنى ياساش قارار قىلىندى.

شۇ ئايدا كونىشەھەردە قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاشلىق تويلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەردە تۇنجى پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇردى. لى يۈنياڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى، گاۋ دېڭباڭ، ۋۇ نەيىن، ۋاڭ مو، لو نەيتاڭ، شۇ لياڭ، چيەن پىڭلار ئەزالىقنى ئۆتىدى.

قىشتا قەشقەر رايونىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى چاغدا ئۇ «قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى.

قىشتا شىڭ شىسەي تاشقورغاندا 500 كىشىلىك چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتى قۇردى. يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى 4 - چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇ جيەن (كومپارتىيە ئەزاسى) چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولدى. خۇ جيەن تاشقورغان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى ۋە ئاۋامنى يېتەكلەپ جۇڭگو - ھىندىستان (ھازىر جۇڭگو - پاكىستان)، جۇڭگو - ئافغانىستان چېگرا لىنىيىلىرىدە خونجىراپ، پىيىك، دەفتەر، مىڭتېكە، لوپگەز، سۇ بۇلاق قاتارلىق قاراۋۇلخانىلارنى ياسىدى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەردىكى «كېرەمباغ» دوختۇرخانىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان دوختۇرخانا قىلىنىپ، نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 ـ دوختۇرخانا قىلىپ بېكىتىلدى. بەي ۋېيىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى بولدى. شۇ يىلى بۇ دوختۇرخانا 21302 كېسەلنى داۋالىدى.

شۇ يىلى قەشقەر رايونىدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، يېڭى پۇل تارقىتىلىپ، كونا پۇلغا ئالماشتۇرۇلدى. ئۆلكە پۇلىدىن 4000 سەرگە (كېيىن 6000 سەرگە) يېڭى پۇلدىن بىر يۈەن ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، كونا پۇل ئامما ئالدىدا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ سودا باش بانكىسى قەشقەر كونىشەھەردە شۆبە بانكا تەسىس قىلدى. قەشقەر رايونلۇق شۆبە چارۋىچىلىق ئىدارىسى، شۆبە مال دوختۇرلۇق باشقارمىسى، مال دوختۇرلۇق لابوراتورىيە پونكىتى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى تاشقورغان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق تورىنى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئەنگلىيە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خادىملىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى، تاشقورغاندا ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

شۇ يىلى يەكەن ناھىيىسى نەشە ساتقۇچى جىنايەتچى ئەمەتيار قاتارلىق تۆت كىشىنى قولغا ئېلىپ، 32 جىڭ نەشىنى يىغىۋالدى؛ پوسكام ناھىيىسى نەشە ساتقۇچى جىنايەتچى ئۆمەرنى قولغا ئېلىپ، ئالتە جىڭ نەشىنى يىغىۋالدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 28 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە (1938 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە) يەكەن ناھىيىسىدە جەمئىي 2180 جىڭ نەشە يىغىۋېلىندى؛ مىنگونىڭ 27 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 28 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە (1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە) مارالبېشى ناھىيىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەشە دېلوسىدىن توققۇزى پاش قىلىنىپ، جەمئىي 29 جىڭ 7 سەر نەشە يىغىۋېلىندى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

1 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە قورال - ياراغ ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئومۇمەن خوسۇسىي قورال - ياراغلىرى، ئوق - دورىلىرى بارلار بىردەك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا تاپشۇردى، قورال - ياراغقا باھاسى بويىچە پۇل قايتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەلى داۋۇت قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ مو (كومپارتىيە ئەزاسى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر شۆبە ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى. 9 - ئايدا شىنجاڭ گېزىتى قەشقەر شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى (مۇۋەققەت باشلىقلىقىنى) ئۆتكۈزۈۋالدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋۇ نەيىنىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا قەشقەر رايونلۇق ئاياللار جەمئىيىتى قەشقەر كونىشەھەردە قۇرۇلدى، گارنىزون قوماندانىنىڭ ئايالى جياڭ يۈفېن مۇدىر بولدى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سابىتنىڭ ئايالى بىلەن ۋۇنەيىىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ جەمئىيەت قەشقەر تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى ئاياللار تەشكىلاتى بولدى.

5 - ئايدا ئۆلكىگە قاراشلىق 3 - دوختۇرخانا مۇددىتى بىر يىللىق تېببىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا جەمئىي 62 كىشى قاتناشتى، قەشقەر كونىشەھەردىنلا 22 كىشى قاتناشتى. بۇ كىشىلەر كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى غەربچە داۋالاش شىپاخانىلىرىدا تايانچلاردىن بولۇپ قالدى.

ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە ئىدارىسى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، دېھقانلار ئۈچۈن 30 تونىنا ئەلا سۈپەتلىك سورتلۇق چىگىت كىرگۈزۈپ، ئۈچ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەردە ئۈچ كۈن قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن كەلكۈن ئاپىتى كۆرۈلدى. قەشقەر كونىشەھەر يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۈمەن دەريا كۆۋرۈكىنى ئېقىتىپ كەتتى، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى. يەكەن دەرياسىدىمۇ كەلكۈن شىددەت بىلەن ئۆرلىدى، دەريا ياقىلىرىدىكى ئېتىزلىقلار سۇ ئاستىدا قالدى. يەكەن، زەرەپشان ئىككى ناھىيە خەلق ئاممىسىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ ئايدا لى يۈنياڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلدى.

7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ يەر بېجىنى تولۇقلاش توغرىسىدىكى نىزامىغا ئاساسەن، قەشقەر رايونىدا يەر خېتىنى تەكشۈرۈش، ئېتىزلىقلارنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، يەرلەرنى، يەر خېتىنى تەكشۈرۈش، يەر بېجىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىزمەتتە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىكى يەر سانى بىلەن گۇۋاھنامىسى سېلىشتۇرۇلۇپ، يوقىرى، ئوتتۇراھال، تۆۋەن دەرىجىلىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى ۋە دەرىجىلەر بويىچە يەر بېجى ئېلىندى.

يازدا چېن جيۈكې (كومپارتىيە ئەزاسى) چيەن پىڭنىڭ ئورنىغا يەكەن يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شې جېڭگاڭنىڭ ئەلى داۋۇتنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

شۇ يىلى قەشقەر ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلاش ئۈچۈن 150 يۈەن، خىزمەت راسخوتى ئۈچۈن 100 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 80 تېلېفون ۋە بىردانە كوممۇتاتور ئاپپاراتى قۇراشتۇرۇلۇپ، مەخسۇس قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدىكى تېلېفون ئالاقىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. تېلېفون ئىدارىسى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىدە تەسىس قىلىنىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ بېكىتىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق يوپۇرغا، ئاچچىق قاتارلىق كەنتلەر بىلەن زەرەپشان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر قىسىم جايلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، يوپۇرغا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى يۈەنياڭ كۆپ قېتىم قەشقەر رايونىنىڭ ۋالىيسىغا ئالاقە ئەۋەتىپ «پاك ئەمەلدار بولۇش، ‹6 بۈيۈك سىياسەت›نى ئىجرا قىلىدىغان يېڭى مەمۇرلاردىن بولۇش» تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشنى ھەمدە مالىيە - باج ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، مائارىپ، سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى يەكەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 10 - دوختۇرخانا قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

1 - ئايدا شىنجاڭدا قۇرۇلۇش زايومى رەسمىي تارقىتىلدى، قەشقەر رايونىدا زايوم سېتىش شۆبە ھەيئىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە 221 مىڭ 461 يۈەنلىك زايوم سېتىپ چىقىرىلىپ، قەشقەر رايونى سېتىش سوممىسى جەھەتتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇردى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ مو، گاۋ دېگىباڭلار (كومپارتىيە ئەزالىرى) قەشقەر كونىشەھەردە «قەشقەر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ قەشقەر رايونىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تەشكىلات.

6 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇ لياڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، توڭگۇزيار ئۆستىڭىنى چاپتى. بۇ قۇرۇلۇش 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاماملاندى. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1905 كىلومېتىر، ئاستى كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 18 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.72 مېتىر بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 300 مىڭ موغا يەتتى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملىرىنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى يۈنياڭ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇ لياڭ قاتارلىق كىشىلەر تەقدىرلەندى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەرخىل يېڭىچە دېھقانچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىدىن 192 نى كىرگۈزۈپ، قەشقەر كونىشەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا 116 نى سېتىپ بەردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانا دورىگەرلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر تاللىنىپ، قەشقەر ھۆكۈمەت دورىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ دورىخانا ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر رايونلۇق دورا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، قالغانلار ھەرقايسى ناھىيىدىكى ساقلىقنى ساقلاش ئورنىغا ئەۋەتىلدى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

1 - ئايدا شى جىڭاڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم بولدى. قەشقەر رايونىدا مىراس بېجى ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولغا قويۇلدى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جېك يېشېڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) قاغىلىق ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 5 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىلىك مەمۇرىيەت ھەيئىتى ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

2 - ئايدا ۋاڭ مو «شىنجاڭ گېزىتى» باش ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، باش مۇھەررىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى بولدى. كومپارتىيە ئەزاسى چېن يۈەنچىڭ ئاقسۇدىن قەشقەر شۆبە گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

شۇ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى يۈەنياڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلىشى بىلەن 1941 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ياساشقا كىرىشكەن 170 نەچچە كىلومېتىرلىق مارالبېشى - قەشقەر تاشيولى پۈتكۈزۈلدى.

3 - ئايدا جۇ بىن (ماۋ زېمىن) خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىكىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، «رايون، كەنت» تۈزۈمى تەشكىلىي نىزامنامىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويىدى ھەمدە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نامى بىلەن ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ شىنجاڭ بويىچە ئىجرا قىلدى. قەشقەر رايونى شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، «شاڭيو» دېگەنگە ئوخشاش فېئوداللىق تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، رايون، كەنت باشلىقلىرىنى دېموكراتىك سايلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شى جىگاڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. بۇ يىچۈەن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

شۇ ئايدا لى يۈەنياڭنىڭ ئاممىنى يېتەكلىشى بىلەن 1941 - يىل 4 - ئايدا ئىشلەشكە كىرىشكەن شوركۆل سۇ ئامبىرى پۈتكۈزۈلدى. بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېڭى پۇلدىن 800 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن سۇغىرىش كۆلىمى 330 مىڭ مو كۆپەيتىلدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چيۇ گوجېن قەشقەر كونىشەھەر

ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمىلىقىغا تەيىنلەندى (ئىككىنچى يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاندىن ۋەزىپىگە ئولتۇردى). شۇ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىدىغانلار 40 قا يەتتى.

9 - ئاينىڭ **21** - كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى باشلىقلىرى، كوچا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنى چاقىرىپ، سېپىلنىڭ كەمتۈك جايلىرىنى تولۇقلاش، رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرغان قەشقەر ئادەتتىكى دارىلمۇئەللىمىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل بۆلۈپ بەردى. دوختۇرخانا باشلىقى بەي ۋېنىڭنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ لىنجى دوختۇرخانا باشلىقى بولدى. دوختۇرخانىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بارلىق دوختۇرلار دۆلىتىگە قايتۇرۇلدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. يوشىن سودا شىركىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ 12 تارماق شىركىتى ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولدى. قەشقەردە مال باھاسى ئۆرلەپ، تۈرلۈك ماللار قىس بولۇپ كەتتى.

شۇ يىلى قەشقەردىن ئۇلۇغچاتقىچە بولغان يول ياسىلىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى زەرەپشان ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى يەكەن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى شىنجاڭ 7 - تېلېگراف

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، دەرىجىسى 2 - دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ بېكىتىلدى.

شۇ يىلى 3 - مەمۇرىي رايون (قەشقەر رايونى)غا قاراشلىق يەكەن، پوسكام، مەكىت ئۈچ ناھىيە بىلەن 7 - رايون (خوتەن رايونى)غا قاراشلىق قاغىلىق ناھىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ 10 - مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىندى. مەھكىمە ئورنى يەكەن ناھىيە بازىرىدا بولدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تاموژنىسى قۇرۇلدى. قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تاش بازىرىدا قەشقەر شۆبە تاموژنىسى قۇرۇلدى. ئەركەشتام، تاشقورغان، يەكەن ئۈچ ئورۇندا ئۇنىڭ تارماق تاموژنىسى قۇرۇلدى.

5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە خىزمەت قىلىۋاتقان مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، كوماندىرلىرى، دوختۇرلىرى ئارقا - ئارقىدىن دۆلىتىگە قايتتى.

6 - ئايدا ئىسھاقبېك تاشقورغاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى» پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلدى.

8 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ «ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىرى ۋاقىتلىق نىزامى»غا بىنائەن، شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلار ۋىلايەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. قەشقەر رايونى (3 - رايون)، يەكەن رايونى (10 - رايون) ۋىلايەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ھەممىسىدە مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى يەنىلا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى يەكەن ناھىيە بازىرىدا تەسىس قىلىندى.

11 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە 10 مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق

شەھەرلەردىكى يېزا ـ بازار، باۋ ـ جىيالارنىڭ نوپۇسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. قەشقەر كونىشەھەردە يېزا تەسىس قىلىنمىغانلىقى، بازاردىن 13ى، باۋدىن 115ى، جىيادىن 1299ى، ئائىلىدىن 10 مىڭ 948ى بارلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئۇ شىنجاڭ بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، قارىمىقىدا خەلق ئىشلىرى، مالىيە، قوروللىنىش، مائارىپتىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم قۇرۇلدى.

شۇ يىلى جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. شېن لىجۇڭ تۇنجى شۇجىسى بولدى.

شۇ يىلى مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىق توققۇز خىل ئاشلىقنىڭ باھاسىنى بېكىتتى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەردە تولۇقسىز كەسپىي مەكتەپ قۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى توقۇمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، ئاكوشېرلىق سىنىپلىرى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ئاتۇش، يوپۇرغا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ناھىيە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قارىمىقىدا قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاتۇش، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، يېڭىسار، ئۇلۇغچات، تاشقورغاندىن ئىبارەت توققۇز ناھىيە بار بولدى.

## مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مەركىزىي باللار باغچىسى قۇرۇلۇپ، 125 باللا قوبۇل قىلىندى. قەشقەر رايونىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كونىشەھەر ناھىيىسىدە 1000 كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە «ئىتتىپاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غالىبىيەت زايومى» تارقىتىلدى. قەشقەر رايونىدا زايوم سېتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئەرلەر تەشۋىقات ئەترىتىدىن 10ى، ئاياللار تەشۋىق ئەترىتىدىن ئۈچى ئۆيمۇئۆي تەشۋىق قىلغاندىن سىرت، ئەرلەر تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىق قىلدى. ھەر قايسى ئورگانلارغا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى جەمئىي 162 مىڭ 900 يۈەن (شىنجاڭ يېڭى پۇلى بويىچە) لىك زايوم سېتىۋالدى. ناھىيە بازىرىدىكى ساھەلەرلا 178 مىڭ 900 يۈەنلىك زايوم سېتىۋېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەن يۈنچېڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەردە «پىلىچىلىكنى ياخشىلاش ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىلىچىلىكنى ياخشىلاش ھەيئىتى 3 - رايون شۆبىسى» دەپ ئاتالدى. 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر ئات تەقدىم قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئات تەقدىم قىلىشى چاقىرىق قىلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر رايونىغا 1500 تۇياق ئات تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى (يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن). بۇنىڭ ئىچىدە كونىشەھەر ناھىيىسىگە 460 تۇياق، يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 322 مىڭ يۈەن؛ ناھىيىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىغىلا 180 تۇياق، يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 126 مىڭ يۈەن تەقسىم قىلىندى. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇلار يۇقىرىغا تولۇق تاپشۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەردە ئاشلىق باھاسى ئۆچقاندەك ئۆرلەپ

كەتتى. قەشقەر سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر كونىشەھەردە ئاشلىق ساتىدىغان ئورۇن تەييارلاپ، زور مىقداردا ئاشلىق سېتىپ خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق باھاسى چۈشتى. ھەربىر كورە بۇغداينىڭ باھاسى 30 يۇەندىن 26 يۇەنگە، كۆممىقوناقنىڭ 20 يۇەندىن 19 يۇەنگە، ئاق قوناقنىڭ 20 يۇەندىن 18 يۇەنگە، ئاق ئۇننىڭ بىر چارىكى (16 جىڭ) 15 يۇەندىن 14 يۇەنگە چۈشتى.

**4** ـ ئاينىڭ **13** ـ كۈنى جىلد بېگماننىڭ ئورنىغا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئالتە يىلدىن ئارتۇق يوشۇرۇنۇپ ياتقان جاسۇس رەخىم باينى قويۇپ بەردى. ئۇ قەشقەر كونىشەھەرنىڭ كوچا ـ رەستىلىرىدە ياپونىيە شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى.

**6** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنى سۇڭ دېجى خەن يۇنچىڭنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

**6** ـ ئاينىڭ **3** ـ كۈنى، يەنى مەملىكەت بويىچە چېكىملىك چەكلەش كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بازىرىدا نەشە ۋە چىلىملەر كۆيدۈرۈلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خادىم ئەۋەتىپ نازارەت قىلدى.

**6** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان جەڭچىلەر بىلەن دوستلىشىش ھەرىكىتى» گە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قەشقەر كونىشەھەر قاتارلىق توققۇز ناھىيە جەمئىي 8309.5 يۇەن كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلدى.

شۇ ئايدا تاشقورغان پارتىزانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 10 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما قاراۋۇلخانىسى بىلەن سۇباشقا ھۇجۇم قىلدى.

**8** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبى (ھازىرقى قەشقەر ھېيتگاھ كىنو ـ تىياتىرخانىسى) دا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر خەلق مائارىپ يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات، مائارىپ، سەنئەتتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈم تەسىس قىلىندى ھەم بۇ ئۈچ بۆلۈمنىڭ ئاستىدا خەلق مەكتىپى، كۇتۇپخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، تىياتىرخانا، ناخشا، مۇزىكا بۆلۈمى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى يىغىن ئېچىپ، «خەلق مائارىپى بويىچە مەجبۇري مەكتەپكە كىرگۈزۈش ھەيئىتى» تەشكىللىدى ھەمدە ناھىيە ئىچىدە بەش ئورۇندا بازارلىق ھەيئەت تەشكىللەپ، مەكتەپكە كىرمىگەن بالىلار ۋە ئوقۇشتىن قالغان چوڭلارنى تىزىملاپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىشىنى بېجىردى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتى جەمئىي 12 ئايروپىلان ئىئانە قىلدى، ئۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 48 مىليون 325 مىڭ 878 يۈەن بولدى. كونىشەھەر ناھىيىسىلا تۆت ئايروپىلان ئىئانە قىلدى، بۇلار «قەشقەر كونىشەھەر – 1»، «قەشقەر كونىشەھەر – 2»، «قەشقەر كونىشەھەر – 3»، «قەشقەر كونىشەھەر – 4» دەپ ئاتالدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى قاتنىدى. ئاپتوموبىل ئايدا بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى ماشىنا قاتنىدى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابى قۇرۇلدى. ئورنى قەشقەر يېڭىشەھەردە بولدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق 9 - ئاتلىق بىرگادا قەشقەر كونىشەھەرگە ئورۇنلاشتى (ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى قورۇسى ئىچىدە).

شۇ يىلى ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللىكلەر كېسەللىخانىسىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، قەشقەر

يېڭىشەھەردىكى شۆبە دوختۇرخانا كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ دوختۇرخانىنىڭ شتاتىنى 27 قىلىپ مۇقىملاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ـ تاشقى بۆلۈمنىڭ مەسئۇل دوختۇرلۇق شتاتى تۆت بولدى، تۇغۇت بۆلۈمى، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، بەش ئەزا بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇل دوختۇرلۇق خىراجىتى ۋە ئۈسكۈنە راسخوتى ئۈچۈن 15 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئېلېكترلەشكەن كىنو، پرويېكتور، رادىئو ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئەترىتى ۋە سەييارە ئوقۇتۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت تەرەپ قويۇشقا رۇخسەت قىلغان نومۇرلارنى قويىدى ھەمدە «ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋە ئىجتىمائىي تەربىيە سەييارە خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» نى ئېلان قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىگە ئېھتىياجلىق كىنو ئاپپاراتى، فىلىم، پرويېكسىيە پلېيونكىسىنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تارقىتىپ بەردى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شېن لىجۇڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 ـ رايون (قەشقەر) مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە يېڭى ئەمەلدار تەيىنلەندى، گۇڭ پېيلىي ۋالىي، جاڭ ئەيسۇڭ مۇئاۋىن ۋالىي بولدى.

4 ـ ئايدا ئاتۇشقا كەلگەن كېلىپ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدىكى 8 كەنتنىڭ 12 يېرىنى، 82 مو بىنەم يەر، 284 مو تېرىلغۇ يەر، 189 مو زىغىر، 122 مو بېدە، ئۈرۈق سېلىنمىغان 66 مو يەر، 48 مىڭ 425 تۈپ مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخ، 18 ئېغىز ئۆي قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەر ئىچىدىكى خام بازىرىدا ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇردى، ئۇنىڭغا نۇربەگ مەسئۇل بولدى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەردىن نەچچە 10 مىڭ كىشى قىزىل دەريا بويىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ باش كاتىپى شېن لىجۈك يىغىندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ ئىئانە بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. يىغىن ئەتىگەن سائەت 8 دە باشلىنىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 7 گىچە داۋاملاشتى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاشقورغان پارتىزانلىرى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت «تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى» نى قۇردى. «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپ ئىسھاقبېكنى باش قوماندانلىققا ھەم بىر قىسىم مىللىي ئارمىيىنى ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۇلارپىلا پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئىككى يولغا بۆلۈنگەن پارتىزانلار ئەترىتى ئىلگىرى - كېيىن مەغلۇپ بولۇپ تاشقورغانغا چېكىنىپ، قىسىملىرىنى تەرتىپكە سالدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر يەرلىك تىنچلاندۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شېن لىجۈك مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 31 ئەزادىن تەركىب تاپقان قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلدى، ئىبراھىم ھاجى كېڭەش باشلىقى بولدى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رېن يىسەن شېن لىجۈنىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر پوچتا ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 1 ـ دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قىلىندى.

شۇ يىلى قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كونسۇلخانا مۈلۈكلىرى ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان بىلەن پاكىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، كونسۇلخانا ھىندىستان، پاكىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە يېزا ـ بازار خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، يېزا ـ بازارلار باشلىقى ئۆزگەرتىپ سايلاندى.

5 ـ ئايدا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قەشقەرگە كەلدى.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى شەھەر كوچىلىرىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ يېڭىلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى «سابىق باش ۋالىي مەھكىمە، مۇسادىرە قىلىنغان خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلاشقا ئائىت يەتتە تۈرلۈك چارە» نى ئېلان قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە مۇناسىپ ئاپپارات قۇرۇپ، ئېنىقلانغان مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تاپشۇردى.

9 ـ ئايدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزنى قەشقەرنىڭ دېموكراتىك سايلام خىزمىتىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەردە سايلام كومىتېتى قۇردى، 70% ھاكىم، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. كېيىن گومىنداڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، سايلام يېرىم يولدا بىكار بولدى. سايلاپ چىقىلغان ئەمەلدارلار يەرلىك دائىرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىليەن جاۋ شىڭگۇاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 - كورپۇسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەۋەتىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرغۇزدى: مەزكۇر كورپۇسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 9 - بىرىگاداسى يەنىلا قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇۋەردى، ئەينى چاغدا ما پېڭلىن بىرىگادا باشلىقى ئىدى.

شۇ يىلى جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كېلىپ «چېكىملىكنى، قىمارنى، پاھىشىۋازلىقنى چەكلەش» تىن ئىبارەت «ئۈچ ئاپەتنى يوقىتىش» ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلدى. قەشقەر تاموژنىسى ئىككىنچى يىلى 4 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن «زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش، جەرىمانە قويۇشقا دائىر ئالتە ماددىلىق چارە» نى ئېلان قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنى قاتتىق چەكلەشنى قايتا تەكىتلىدى. قەشقەردە زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەش ئىشىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولۇپ، ئەپيۇن چەككۈچىلەر، نەشە ساتقان، تېرىغانلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە زەربە بېرىلدى.

شۇ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر شۆبىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، گېزىت نامى «ئويغىنىش گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. باش مۇھەررىرلىكنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەھمەت زىيائى بىلەن ئالىم ئاخۇنلار ئۈستىگە ئالدى. ئىككىنچى يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەھمەت زىيائى گېزىتخانا باشلىقى بولدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)

1 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى 82 دىن 45 كە قىسقارتىلدى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» قەشقەردىكى ھەر ساھەنىڭ ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى كوچىغا چىقىپ كۆچ كۆرسىتىپ نامايىش قىلدى. 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەنە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، «گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭدىن يوقالسۇن»، «قەغەز پۇلنى چەكلەيلى» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ، «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى» نى جاراڭلىق ئېيتىپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى چاقتى ھەم ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇد، ۋاڭ زېڭشەن، ئەيسا، چۇ ۋۇ، لىيۇ زېرۇڭ قاتارلىق 10 نەچچە كىشى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ قەشقەردىكى ئاممىۋى يىغىلىشنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا، چەكتىن ئاشقان سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكتىن ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەردىكى 5 — 6 مىڭ ئادەم جاڭ جىجۇڭ چۈشكەن ۋالىي مەھكىمىنى قورشىۋالدى. 42 - كورپۇسنىڭ باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، جاڭ جىجۇڭنى قوتۇلدۇرۇپ ئارمىيە شتابىغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى سەھەردە جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرودرومدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

شۇ ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 - كورپۇس رەتلىنىپ، 42 - دىۋىزىيىگە ئۆزگەرتىلدى، جاۋشىگۇاڭ دىۋىزىيە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەرگە ئۈرۈمچى يوللۇق تېلېفون سىمى تارتىلدى. ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەرگە تېلېفون ئالغىلى بولسىمۇ، لېكىن تېلېفون سىمىنىڭ قارشىلىقى كىچىك بولغاچقا، سۆزلىشىش قىيىن بولدى.

شۇ يىلى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ كونا قۇمدەرۋازا يولىنى كېڭەيتكەنلىكتىن، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ جەنۇبىي تېمى سىرتىدىكى يولغا قارايدىغان 40 ئېغىز دۇكان چېقىپ تاشلاندى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ستاتىستىكا قىلىندى: پاكىستانلىق 20 ئائىلە، 36 كىشى، ئافغانىستانلىق تۆت ئائىلە، ئالتە كىشى، ھىندىستانلىق 10 ئائىلە، 22 كىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق 146 ئائىلە، 597 كىشى.

4 ـ ئاينىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە 42 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ چاقىرغان ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا قاتناشتى. ئاي ئوتتۇرىسىدا جاۋ شىگۇاڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر كونىشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 9 ـ بىرىگادانىڭ باشلىقى ما پېڭلىننى دىۋىزىيە شتابىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ، نۇرغۇن ئۆي ۋە زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كونىشەھەر ناھىيە خەلقى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى، ھاكىم تۇرسۇن ئېلى قاتارلىقلار ئوق چىقىرىپ باستۇردى، ئامما بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى تۇرسۇن

ئېلىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىپ، گومىنداڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇقادىرنى قوشۇمچە مۇۋەققەت ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جاۋ شىگۇاڭ قەشقەردىن قاراشەھەرگە بېرىپ تاۋ سىيۆ بىلەن ئۇچرىشىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش چوڭ پىلانى ھەققىدە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يەكەندە تۇرۇشلۇق 4 - ئاتلىق بىرگادانىڭ تاڭ جىڭرەن قىسمى 7 - پولكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇڭ يادۇڭ قىسىملىرنى باشلاپ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاۋ سىيۆ جاۋ شىگۇاڭغا مەخپىي تېلېگراما بېرىپ، «تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۆكتىچىلىرى ما چېڭشياڭ (ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى)، لو شۇرېن (197 - بىرگادانىڭ باشلىقى) بىلەن يې چېڭ (78 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى) ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا قوشۇلدى، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ھەقىقەتكە قايتىش چوڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە يول قويۇلسا» دېدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاۋسىيۆ پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگراما ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. قەشقەر كونىشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 9 - بىرگادانىڭ بىر روتىسى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قاچتى، بىرگادا باشلىقى ما پېڭلىن ئوفىتسېر جاڭ شياۋنى ئەسكەر باشلاپ قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتتى. قاچقانلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇپ كېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جاۋ شىگۇاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 مىليون ئارمىيە ۋە خەلقنى باشلاپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەر-لىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تېلېگراممىنى تېكىستىنى تەييارلىدى. ئەتىسى سەھەردە تېلېگراممىنى جاۋ شىگۇاڭنىڭ ئورۇنباسارى ۋاڭ فاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئالدى بىلەن موسكۋادىكى شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا ئەۋەتىپ، ئاندىن بېيجىڭغا يوللاپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دېغا يەتكۈزدى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

## (مىلادىيە 1949 ـ 2000 ـ يىللىغىچە)

**1949 ـ يىلى**

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى قوشۇمچە تەرتىپكە سېلىنغان 42 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدوڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ماۋ زېدوڭ جاۋ شىگۇاڭغا: «گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ 1 ـ ئۆكتەبىر يوللىغان تېلېگراممىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خۇشاللاندۇردى، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئارمىيىسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب تېلېگرامما يوللىدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن، يې چېڭلار قەشقەرگە كەلدى. شۇ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە جاۋ شىگۇاڭ ئادەم چىقىرىپ، ئۇ ئۈچەيلەننى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرىنى ھىندىستانغا يولغا سېلىپ قويدى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جاۋ شىگۇاڭ قەشقەردىكى ھەقىقەتكە قايتقان بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باشلاپ، قەشقەرگە كىرگەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئىمىنوف دىۋىزىيىسىدىكى بارلىق گېنېرال ـ جەڭچىلەر بىلەن بىرگە قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدىكى قوغان كەنتىگە كېلىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، قەشقەرگە كىرگەن جۇڭگو خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەن 2 - جۇن 4 - دىۋىزىيىسىنى كۆتۈۋالدى. 4 - دىۋىزىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ھەمدە 10 - تۇەن قەشقەردە قالدى. 12 - تۇەن مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرىگە، 11 - تۇەن يەكەن ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2 - جۇننىڭ جۇنجاڭى گو پېڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە 2 - جۇننىڭ شتابى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

يەرلىكتىكى ھەر مىللەت خەلقى شەھەردىن چىقىپ، يېمەك - ئىچمەك تۇتۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 30 مىڭ ئارمىيە ۋە خەلق كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەريا كۆۋرۈكى مەيدانىغا يىغىلىپ، قەشقەرنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرگە كىرگەنلىكىنى كۈتۈۋالدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنىڭ 42 - دىۋىزىيىسى يېڭىشەھەردە يىغىن ئاچتى. ئازادلىق ئارمىيە 2 - جۇننىڭ باشلىقى گو پېڭ «ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم ھەقىقىي، ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن بولۇشى لازىم» دېگەن تېمىدا، 2 - جۇننىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ «ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

## 1950 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەردە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، ۋاڭ ئېنماۋ مۇدىر، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، مەتىمىن ئىمىنوفلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، كومىتېت 19

ئەزادىن تەركىب تاپتى. شۇ كۈنى قەشقەردە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى مۇستەھكەملەش، ئامانلىقنى قوغداش ئۈچۈن، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 4 - دىۋىزىيىسى قەشقەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 4 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى بىلەن سىياسىي بۆلۈمى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش شتابى بىلەن سىياسىي بۆلۈمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، ياڭ شيۈشەن ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار بولدى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن پارتكومى ئاساسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر رايونلۇق كومىتېتى (قىسقارتىلىپ قەشقەر رايونلۇق پارتكوم دەپ ئاتالدى) قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر رايونلۇق پارتكوم ۋاڭ ئېنماۋ، گو پېڭ، زو چى، ياڭ شيۈشەن، شۇ گوشيەن، خې جياچەن، ۋۇ زىجيې، جاڭ شيەنكۈيدىن ئىبارەت سەككىز ئەزادىن تەركىب تاپتى، ۋاڭ ئېنماۋ شۇجى بولدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەمتىمىن ئىمىنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئەزا قىلىندى. رايونلۇق پارتكومغا قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتلىك پارتكوم قارىدى. گو پېڭ قەشقەر ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، ۋاڭ ئېنماۋ سىياسىي كومىسسار، ياڭ شيۈشەن، مەمتىمىن ئىمىنوفلار مۇئاۋىن قوماندان، خې شېڭگۈي شتاب باشلىقى، زو چى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولدى. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا قەشقەر رايونلۇق پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى (قىسقارتىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم دەپ ئاتالدى) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەكەن شۆبە ھەربىي رايونى قۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى تەشكىللىنىپ، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ۋەزىپىسىنى 2 - جۈننىڭ 4 - دىۋىزىيىسى قوشۇمچە ئۆتىدى، ئۇنى 2 - جۈن ۋاكالىتەن باشقۇردى. شۇ يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ خىزمەتلەر قەشقەر ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە قەشقەردە تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 259 ئادەم قاتناشتى. قەشقەر رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ «ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلغان 50 كۈندىن بۇيانقى خىزمەتلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. رېن ياڭشەن يىغىننى خۇلاسىلىدى. ھەر مىللەت ۋەكىللىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ۋەتىنىمىزنى ئىناق، بەختلىك چوڭ ئائىلە قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز دېيىشتى. يىغىندا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، باندىت، ئىشپىيونلارنى تازىلاش، باغ - جىيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، غەللە - پاراقنى ئۇرۇنداش، مائارىپنى ياخشىلاش قاتارلىقلار توغرىسىدا بېرىلگەن تەكلىپلەر ھەمدە شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى ئاياللارنىڭ ئازادلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى قارار ماقۇللاندى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 2 - جۈن پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى — «خەلق ئارمىيىسى» نەشر قىلىندى، بۇ گېزىت جەمئىي 49 سان چىقىپ، 1954 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى توختىتىلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 4 - دىۋىزىيىسى پارتكومىنىڭ

ئەزالىرى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى: ئازادلىق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 - دىۋىزىيىسى پارتكومىنىڭ ئەزالىرى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەكەن ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇلار قەشقەر رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا يېڭىدىن قۇرۇلغان كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا، سارىقول (تاشقورغان)، ئاتۇش، ئۇلۇغچاتتىن ئىبارەت توققۇز ناھىيىلىك پارتكوم قارىدى، زېڭ گۇاڭمىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى (1953 - يىل 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فېڭ دا مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى (1954 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ئۆتىدى. يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومغا يېڭىدىن قۇرۇلغان يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكامدىن ئىبارەت تۆت ناھىيىلىك پارتكوم قارىدى، جاڭ شيەنكوي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى (1951 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۆ يى (1954 - يىل 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رېن چېن (1951 - يىل 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى فېئودال باج - جىيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزا، كەنت خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇردى، ئەسلىدىكى يېزا - بازارلار رايونلۇق مەھكىمىگە، باجلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، شەھەردىكى باجلار مەھەللە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، شتاتى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شتاتى بىلەن ئوخشاش بولدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى — «جەنۇبىي تەڭرىتاغ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) نەشر قىلىندى. 1953 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ گېزىتنىڭ خەنزۇچىسىمۇ نەشر قىلىندى. 1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى توختىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىقى
www.uyghurkitap.com

7 - ئايدا قاسىمجان قەمبەرى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئايدا مەمەت ئەيسا (قىرغىز) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ 3 - مەمۇريي ۋالىي تەپتىش مەھكىمىسى شىنجاڭ قەشقەر رايونلۇق مەمۇريي ۋالىي تەپتىش مەھكىمىسىگە، 10 - مەمۇريي ۋالىي تەپتىش مەھكىمىسى يەكەن رايونلۇق مەمۇريي ۋالىي تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار قىسقارتىلىپ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى، دەپ ئاتالدى. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قەشقەر شەھىرىگە، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى يەكەن ناھىيە بازىرىغا ئورۇنلاشتى، ئۇلار ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەر رايونلۇق پارتكوم تۇنجى قېتىم تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 123 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ باندىت، ئىشپىيونلارنى داۋاملىق تازىلاش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت فاڭجېنى ۋە مەركىزىي ۋەزىپىسى بەلگىلەندى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر رايونلۇق پارتكوم ئورگان ژۇرنىلى - «جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىيە خەۋىرى» نى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ژۇرنال ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەشۋىقات بۆلۈمى، تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە ئىشخانىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەھرىرلىنىپ، جەمئىي 60 سان چىقىرىلىپ، 1955 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى نەشردىن توختىدى.

1951 - يىلى

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە 1 - قېتىملىق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 260 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بېجى يىغىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش، 1951 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە 1 - قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا چى چېڭدې يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مېڭ شۈلىن مۇئاۋىن شۇجىلىققا (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سىدىق مۇسايوف يەكەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر رايونلۇق پارتكوم «‹ئوتتۇرا قاتلام›، ‹ئىچكى قاتلام›نى تازىلاش ھەققىدە يوليورۇق» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنگە بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى ئىنقلاش، ئورگان تەشكىلاتلىرىنى ساپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەيدۇللا سەيپۇللايوف قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1953 - يىل 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

8 - ئايدا بەي يۈەنشىڭ يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1955 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ ئايدا قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئالدىنقى سېپىگە ئۈچ كورەشچى ئايروپىلان، ئۈچ زەمبىرەك ئىئانە قىلدى.

9 - ئايدا قەشقەر، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. بۇ خىزمەت كېيىنكى يىلى 4 - ئايغىچە يەتتە ئاي داۋاملاشتى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە 350 يېزىدا 719 زومىگەر كورەش قىلىندى (76 سىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى)، كورەش مېۋىسىنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 11 مىليون 820 مىڭ 468.5 كىلوگرام بولۇپ، 131 مىڭ 505 ئائىلىلىك دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى؛ دېھقانلار ئۆيۈشمىسىغا 208 مىڭ 351 ئەزا قوبۇل قىلىندى، 6840 رايون، يېزا - كەنت دەرىجىلىك كادىر تەربىيىلەندى ۋە ئۆستۈرۈلدى؛ يەكەن ۋىلايىتىدىكى تۆت ناھىيە، 28 رايون، 209 يېزىدا 904 زومىگەر كورەش قىلىندى، كورەش مېۋىسىنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 16 مىليون 513 مىڭ 579.4 كىلوگرام بولۇپ، 116 مىڭ 591 ئائىلىلىك دېھقانغا بۆلۈپ بېرىلدى، دېھقانلار ئۆيۈشمىسىغا 1 مىليون 356 مىڭ 62 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 3966 رايون، يېزا - كەنت دەرىجىلىك كادىر تەربىيىلىنىپ ئۆستۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قەشقەر ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى دەپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى يەنىلا 2 - جۇننىڭ قوماندانلىق شتابى قوشۇمچە ئۆتىدى. گو پېڭ باش قوماندانلىقنى، ۋاڭ ئېنماۋ سىياسىي كومىسسارلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە نامىنى ئۆزگەرتىش يىغىنى ئېچىلدى.

## 1952 - يىلى

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم «خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش (ئۈچكە قارشى تۇرۇش) نى شىددەت بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي مەركىزىي خىزمەت قاتارىدا ئىشلەشنى، بۇ كۈرەشنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇنىڭغا دائىر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى قەشقەر - ئۈرۈمچى سىمسىز تېلېگراف لىنىيىسى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسىنى ئاچتى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ئاساسىدا قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە يېڭىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا سايلانغان ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا شىنجاڭ 2 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمىتى خۇلاسىلەندى. «شىنجاڭ پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ‹شىنجاڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىلانى» ۋە «چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە سىرتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك مىللىي كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە دائىر ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارغا جاۋاب خەت ئەۋەتتى. بۇ خەت يالغۇز پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارغا غايەت زور ئىلھام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگىمۇ ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى.

9 - ئايدا قەشقەر ۋە يەكەن ۋىلايەتلىرىدە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلىنىپ، ئىككىنچى يىلى 10 - ئايدا تاماملاندى. يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، تەكشۈرۈپ چۈشىنىش، سىنىپلارغا ئايرىش، مۇسادىرە قىلىش، يىغىۋېلىش، يەرلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

## 1953 - يىلى

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم «1953 - يىللىق خىزمەت پروگراممىسى» نى بېكىتتى. بۇ پروگراممىدا 1953 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنداق كۆرسىتىلدى: (1) ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى قوللاش؛ (2) يەر ئىسلاھاتىنى تاماملاش؛ (3) ۋەتەنپەرۋەرلىك مەھسۇلات ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ (4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

قويۇش، مەملىكەت بويىچە چوڭ سايلامنى كۆتۈۋېلىش: (5) پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش: (6) مەدەنىيەت، تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش: (7) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى ئىشلەش: (8) مىللىي دېموكراتىك بىرلىك سەپنى داۋاملىق كۈچەيتىش.

**1** - ئايدا زو چى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چى گو 2 - شۇجىلىقىغا (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن ئىمىنوف شۇجىلىقىغا (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) تەيىنلەندى: ۋاڭ دېمىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى (1954 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

**2** - ئاينىڭ **20** - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى.

**3** - ئاينىڭ **17** - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم «بيۇروكراتلىققا، بۇيرۇقۋازلىققا، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى.

شۇ ئايدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 2 - جۇن دېگەن نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى دېگەن تۈزۈلمىسى ساقلاپ قېلىندى، 2 - جۇن پارتكومىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

**7** - ئاينىڭ **10** - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاچال ئەتراپىدا ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

**7** - ئاينىڭ **29** - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئومۇمىي سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئورگان كادىرلىرى ئارا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى مەمتىمىن ئىمىنوف 1000 دىن ئارتۇق ئورگان كادىرىنى ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلدى. بۇ پائالىيەت 1954 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاياغلاشتى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ دىمىڭ سۆز قىلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ـ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇرېھىم ئىتىپنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى (1954 ـ يىل 6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ 1 ـ شۆبە زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ زاۋۇتنى قۇرۇشقا 1952 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇتۇش قىلىنغان بولۇپ، 1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى قەشقەر «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

## 1954 ـ يىلى

1 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە 13 ئائىلىلىك قول ھۈنەرۋەندىن تەشكىللەنگەن، قەشقەر رايونى بويىچە تۇنجى قول سانائەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

شۇ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى

«1954 - يىللىق خىزمەت پروگراممىسى» نى تۈزۈپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنى تەكىتلىدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملار، قورۇلۇش بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا 1953 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ھەمدە دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى خۇلاسىلىنىپ، 1954 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى زەرەپشان تاجىك ئاپتونوم رايونى (يېزىسى) بولۇپ قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئازادئاباد تاجىك ئاپتونوم رايونى (يېزىسى) قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونىدا سىناق تەرىقىسىدە «ئاۋانگارت»، «نۇرلۇق» يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇردى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى بىرلەشمە يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 191 كىشى قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە غەربىي شىمال بيۇروسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى پارتىيىنىڭ ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى تەكشۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1 - شۆجىسى زو چى يىغىننى خۇلاسىلىگەندە، بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاتۇش، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىنىڭ ھەممە يېرى، سارىقول، يېڭىسار، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم جايلار يېڭىدىن قۇرۇلغان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايونى (ئوبلاستى) نىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھەر رايونىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. مەتىمىن ئىمىنوف جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تيەن جۇڭ، قاسىمجان قەمبىرىلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولۇپ، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەر ھەمدە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوممۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملارمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىۋاسىتە

باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سارىقول ناھىيىسىنىڭ يەتتە يېزىسى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ 19 يېزىسى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 28 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ شۇجى، ھاكىملىرى بىرلەشمە يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 95 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ھەمكارلىشىش مەركەز قىلىنغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەمكارلىشىش مەركەز قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە دائىر ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە بەش يىللىق پىلان بېكىتىلدى. رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى زو چى يىغىننى خۇلاسىلىدى.

1955 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قەشقەر شەھىرىدە قۇرغان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى يورۇشتۇرۇلۇپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايىتوف مەخمۇدنى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

3 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ، بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ شۇجى، ھاكىم، شەھەر باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنى مۇستەھكەملەش، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئومۇمىنى ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ئۆزىگە قاراشلىق قەشقەر دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، قەشقەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (ياسىلىۋاتقان)، باسما زاۋۇتى، ئولۇغچات كۆمۈر كېنى ۋە قەشقەر چىنە زاۋۇتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ بيۇروسى مىڭ شۈلىننى يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 2 - شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى (1956 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، بىۋاستە قاراشلىق ناھىيىلەر ھەمدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرى يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 1224 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى، شۇنداقلا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش مەركەز قىلىنغان خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات

يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىلان بېكىتىلدى، نىۋۋەتتىكى كوپىراتسىيە قۇرۇش، كوپىراتسىيىلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مالىيە ـ ئىقتىساد قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسى ۋە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش خىزمەت ئەترىتى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى باشلىدى.

## 1956 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت ساھەسى بويىچە 30 خىل كەسىپتىن 1682 ئائىلىگە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلدى. شۇ كۈنى قەشقەر شەھىرى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق تاماملانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 2 ـ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىمجان قەمبىرى جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شاخاپ ئەتراپىدا ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىندى. بۇ تاشيول قاغىلىق ناھىيىسىدىن باشلىنىپ شىزاڭنىڭ پۇلەن ناھىيىسىگىچە سوزۇلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1458 كىلومېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇشقا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى قاتناشتى. 1957 ـ يىل 10 ـ ئايدا تاشيول پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى رايوندىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ سىياسىي، تارىخىي مەسىلىلىرى تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ تەكتى ئېنىقلىنىپ رەتكە تۇرغۇزۇلدى، تەكشۈرۈشتە 1344 كادىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. بۇ خىزمەت 1958 - يىلى ئاياغلاشتى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى دۆلەت ئىلكىدىكى تراكتور پونكىتى — قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى ھەم قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا يەكەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىدىن 2272 سى قۇرۇلدى، 128 مىڭ 523 دېھقان ئائىلىسى كوپىراتسىيىگە كىردى، بۇ ۋىلايەت بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ 89% نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە سىناق تەرىقىسىدە 74 ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلدى، 17 مىڭ 90 دېھقان ئائىلىسى كوپىراتىپقا كىردى، بۇلار ۋىلايەت بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ 10.5% نى ئىگىلىدى، 24 يېزا كوپىراتسىيىلىشىشنى تاماملىدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، يەكەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەسلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، يېڭىسارىدىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە بىلەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، شۇنداقلا ئەسلىدىكى يەكەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىتتىن ئىبارەت تۆت ناھىيە يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى؛ ئەسلىدىكى

جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

شۇ ئايدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر يەرلىك كومىتېتى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مېڭ شۈلىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، بەي يۈەنشىڭ، لى بو، جۇ باۋجيې، غوجائەخمەت ئابلايوف، لى چۇنفاڭلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەندى؛ ئابدۇرېھىم ئىمىنوف ۋالىيلىققا، نەن چىنمىن، قاسىموف توختى، ئىسمائىل رەھىملار مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەندى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى — «قەشقەر گېزىتى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى) «جەنۇبىي تەڭرىتاغ گېزىتى» ئاساسىدا نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا يەكەن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، 10 نەچچە كۈن داۋاملاشتى، دەريا بويىدىكى 950 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، كەلكۈن شوركۆل سۇ ئامبىرىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، 30 نەچچە ئادەم ئۆلدى. ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ تۇغان توسۇپ، خەتەرنى تۈگىتىشكە قوماندانلىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى — يەكەن ناھىيە ئېگەرچى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە سۇ باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 1955 - يىل 8 - ئايدا تۇتۇش قىلىنغان بولۇپ، سىغىمى 62 مىليون كۇب مېتىر، ئېگىزلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5.5 مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 200 مىڭ مو كېلىدۇ.

## 1957 - يىلى

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى چاقىردى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 1956 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 1957- يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەت مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئاچتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى چۈنفاڭ «ۋىلايىتىمىزدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش - ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر، ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت تەۋەسىدە بۇ ھەرىكەت ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونا يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئالتە يىللىق پىلانى (لايىھىسى)»نى بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئابدۇرېھىم ئىمىنوف قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1958 - يىل 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش» ئاساسىي تېما

قىلىنغان «ئىستىل تۈزىتىش» ھەركىتى قانات يايدۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «چوڭ سايراش، چوڭ ئېچىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1958 - يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتى. شۇ ئارىدا ۋىلايەت بويىچە 346 ئادەم «ئوڭچى» قىلىپ بېكىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىرىپ، يازلىق يىغىم، تەقسىمات تەييارلىقى، يازلىق ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش، ئامما تۇغدۇرغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ خېتىڭ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆز قىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ باۋجيې يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر شەھرىدە يېڭىدىن سېلىنغان تۇرلۇك ماللار بىناسىدا رەسمىي تىجارەت باشلاندى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ياقۇپ ھاجىنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1957 - يىللىق ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ شتاتىنى قىسقارتىش، تەڭشەشتە ئىجرا قىلىدىغان لايىھىسى»نى بېكىتتى. ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ ئەسلىدىكى شتاتى قىسقارتىلمىدى، ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم شتاتى مۇۋاپىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىنچامىلىنىپ، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاجىز ئاپپاراتلار كۆچەيتىلدى، ۋىلايەتنىڭ ئەسلىدىكى مەمۇرىي شتاتى 562 بولۇپ، 125 ى ئىنچامىلاندى. كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا ئاپپاراتلارنى ئىنچامىلاش، خادىملارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى.

شۇ ئايدا زىڭ گۇاڭمىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىقىغا (1962 - يىل 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىۋ فاشيۇ مۇئاۋىن قوماندانلىققا تەيىنلەندى (1960 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاقساس سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

## 1958 - يىلى

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، زور كۈچ بىلەن ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى دولقۇنى قوزغاشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 92 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ يەكۈنلەندى؛ 2 - بەش يىللىق يېزا ئىگىلىك يىرىك پىلانى ھەم 1958 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈلدى؛ 1958 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت

تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مەركىزىي ۋەزىپە مۇنداق بېكىتىلدى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش.

شۇ ئايدا جۇ جياشېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى (1960 - يىل 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

**2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** قەشقەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (3- دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى) قۇرۇلۇشى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزا ساي كەنتىدە باشلىنىپ، 1959 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پۈتتى. بۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا قىزىل دەرياسىدىن سۇ باشلاندى، لايىھەدىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 2×3000 كىلوۋات بولۇپ، قۇرۇلۇشقا 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 10 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئاساسلىقى قەشقەر شەھىرىنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

**3 - ئايدا** پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى شېكەركۆل سۇ ئامبىرىنى ياساشقا تۇتۇش قىلىندى، بۇ ئامبار شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۈتتى ھەم سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سۇ ئامبىرىغا قىزىل دەرياسىدىن سۇ باشلاندى، تۇغاننىڭ ئېگىزلىكى 7.1 مېتىر، ئامبار سىغىمچانلىقى 97 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 130 مىڭ مو كېلىدۇ.

**4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ھەم قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قەشقەر شەھىرىدە سانائەت ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا قانداق ياردەملىشىش، بار - يوقىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە كەڭ كۆلەملىك مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ كەيجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ خېتىڭلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 180 ئادەم قاتناشتى. يىغىن 75 كۈن داۋاملىشىپ 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاياغلاشتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلار پاش قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى قارارى›نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدا قارار»ى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. يىغىندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، 232 يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر تەنقىد قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى تارتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1410 كىلومېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇش 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاماملىنىپ، قەشقەر – ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا تېلېفونلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىدا «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى» (مەھسۇلاتنى، ئىشنى، مالىيەنى ھۆددىگە بېرىش)نى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلىدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 15

مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان مەدەنىي بولۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قەسەمياد يىغىنى ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ‹مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق ھېسابلاش› تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا كۆزگى بوغداي تېرىلغۇسىدىن باشلاپ، «مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق ھېسابلاش» تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ئايدا ئىمىنوف ھامىت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق گوڭشېسى قۇرۇش توغرىسىدىكى جىددىي يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە خەلق گوڭشېسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ بولۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە گوڭشې قۇرۇش خىزمىتى تېزلىكتە قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 660 خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، كېيىن بۇلار 131 گە تەڭشەلدى.

9 - ئاينىڭ 19 - ، 20 - كۈنلىرى جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ دې قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېگىزيەر خەلق گوڭشېسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ۋىلايەتكە «يېڭىسارچە» يەرلىك پىچتا پولات تاۋلاش تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى. يىغىندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە «كەڭ كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچ ئاي ئىچىدە جەمئىي 380 مىڭ ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاجرىتىلىپ، 2567 يەرلىك پىچ ياسىلىپ، 9470 توننا يەرلىك پولات، 2620 تونا تۆمۈر تاۋلاندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەردىن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگىچە بولغان تاشيولدا ئاپتوموبىل قاتنىدى.

## 1959 - يىلى

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، 1958 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، خەلق گۇڭشېلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش مەركەز قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىچۇسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى شۇجىچۇنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا، ئەسلىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە كەلگەندە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىچۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆز قىلىپ، گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى قەشقەردىكى ھەر مىللەت ـ ھەر ساھەدىن بولغان 30 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قارشى ئالدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 1017 دىنىي زاتنى يىغىپ، «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بىرقىسىم ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. 2000 دىن كۆپرەك كىشى ئۇلارنى قارشى ئالدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى ئاچقان يەرلىك سانائەت بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا يەرلىك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش فاڭجېنى ھەمدە قانداق قىلىپ يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش ۋە مەبلەغ جۇغلاش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە يەرلىك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇپ، بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا 1004 زاۋۇت قۇرۇلدى. بۇ ئەسلىدىكى زاۋۇت قۇرۇش پىلانىدىكى ساندىن 5.39 ھەسسە كۆپ بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىن 15 ـ كۈنگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1959 -

يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى ئىچىدىكى بەزى يۈقىرى كۆرسەتكۈچلەرنى تەڭشەش، چويۈن، كۆمۈر، ئاشلىق، پاختا جەھەتلەردىكى كۆرسەتكۈچلەرنى تۆۋەنلىتىشنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى زۇلال ياقۇپ (تاجىك) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1964 - يىل 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىدىن ياسالغان 2 - سودا بىناسى - ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار سودا سارىيىدا تىجارەت باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ پۈتكەنلىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 110 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ۋالىي مەھكىمە ئورگىنىدىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا ساقلانغان «ئوڭچىللىق» ئىدىيىسى تەكشۈرۈلۈپ تەنقىد قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق - بوياقچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسىنىڭ ئاساسىي فابرىكا ئۆيىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلىندى. بۇ قۇرۇلۇش كېيىنكى يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈپ، توقۇمىچىلىق سېخىدا ماشىنىلارنى سىناش مۇراسىمى ۋە بوياش فابرىكىسىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1965 - يىلى بوياش فابرىكىسى پۈتۈپ، 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق، 1260 دانە توقۇش ماشىنىسى بولغان، يىلىغا 24 مىليون مېتىر رەختنى بوياش ئىقتىدارىغا

ئىگە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر سېمونت زاۋۇتىنىڭ باش زاۋوت ئۆيىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلىندى، كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 32 مىڭ توننا بولدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمە ھەممە ئۇنىڭغا تەۋە ناھىيە (شەھەر) لەردىكى بارلىق ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپلەردە «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

1960 - يىلى

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتنىڭ 1959 - يىلىدىكى ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلۈپ، 1960 - يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلان كۆرسەتكۈچلىرى بېكىتىلدى (تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلگەن مەھسۇلات ۋە پىلان كۆرسەتكۈچلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماي، يۇقىرى بولۇپ كەتكەن). يىغىندا يەنە قانداق قىلىپ پايدىلىق شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، 1960 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلىندى. بۇ كۆۋرۈك 1964 - يىلى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ كۆۋرۈك پولات چىۋىق - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر، كەڭلىكى 9 مېتىر، ئىككى سۇغۇچ، 23 تۈۋرۈكى بار. بۇ كۆۋرۈكنى شىنجاڭ قاتناش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نازارىتىنىڭ 308 - يول ياساش ئەترىتىنىڭ كۆۋرۈك سېلىش ئەترىتى سالدى. ئۇ خوتەن بىلەن قەشقەرنى تۇتاشتۇردىغان تۈگۈن.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى سىستېما، ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلار ئارىسىدا، شۇنداقلا شەھەر، يېزىلاردا ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى 5 - تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت 1961 يىل 12 - ئايدا ئاياغلاشتى، 1116 ئادەم تازىلاش، ئېنىقلاش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلىپ، تەكشۈرۈپ دېلو تۇرغۇزۇلدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئارىسىدا ‹ئۈچكە قارشى تۇرۇش› (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) مەركەز قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە پولات - تۆمۈر، كۆمۈر جەھەتتە «كىچىك زامانىۋى، ئاممىۋى بولۇش» ئىشخانىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىدە كۆمۈر، تۆمۈرنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت ئىشلىرىنى تېزلىتىش ئاساس قىلىنغان «كىچىك، زامانىۋى، ئاممىۋى بولۇش»، «كىچىك، مەھەللىۋى، ئاممىۋى بولۇش» ھەرىكىتى قوزغالدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن چاقىردى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى شاڭخەي يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە، ئىستىل مەسىلىلىرى تۈزىتىلىپ تەكشۈرۈلدى، كېيىنكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئىدارە ـ ئورگان مەسئۇللىرى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جۇ باۋجيې «ئاممىنى تېز، كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر قوزغاپ، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى خاراكتېرلىك ‹ئۈچكە قارشى تۇرۇش› ھەرىكىتىنى تېزلىكتە قوزغايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئايدا گۇاڭدۇڭ ھەربىي رايونىدىن كەسىپ ئالماشقان 28 كادىر، مەركىزىي كومىتېتتىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن 23 كادىر قەشقەر ۋىلايىتىگە تەقسىملەندى.

## 1961 ـ يىلى

1 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى پەۋقۇلئاددە زور ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، قەشقەر ۋىلايىتى گەنسۇ ئۆلكىسىگە 25 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ياردەم بەردى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن چاقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خىزمەت يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى»، «مۇبالىغىچىلىك شاملى» ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان مەسىلىلەر تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە پەيزاۋات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ئۇدا يەر تەۋرىدى، تەۋرەش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 6.8 بال بولدى، بەش بالدىن يۇقىرى تەۋرەش 10 قېتىم يۈز بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تىلشۇناسلار ئېلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى (1961- يىل 11 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى).

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ دوختۇرخانا 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1964 ـ يىلى قەشقەر تېببىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن چاقىردى، يىغىنغا 103 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى يەكۈنلەندى ۋە تەھلىل قىلىندى؛ تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ۋىلايەتلىك پاتكومنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا قارىتا بەزى تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلدى. يىغىندا يەنە سودىنى ئىخچاملاش، شەھەر ئاھالىلىرىنى قىسقارتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومدا ئېنقلاپ قايتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» تەك «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» خاتالىقىنى تۈزىتىش قانات يايدۇرۇلۇپ، گۆشىي كوللېكتىپى ۋە ئەزالارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇلدى ۋە تۆلەپ بېرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئالاھىدە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىنقىلاش، ئايرىش ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىنقىلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتى باشلىنىپ، 1958 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئۇچىللىقا قارشى تۇرۇش، «ئوڭچىكە قارشى تۇرۇش»، ئىستىل تۈزىتىش، كوڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتىدە تەنقىد قىلىنغان ۋە جازا بېرىلگەن 2698 خادىم قايتا تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىنقىلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە مەركەز قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش، كوڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەت 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

يىل ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىدا ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنى قىسقارتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇپ، 1963 ـ يىلى ئاياغلاشتى. ۋىلايەت بويىچە 5282 ئىشچى ـ خىزمەتچى قىسقارتىلدى، 83 مىڭ 994 شەھەر ـ بازار ئاھالىسى ئازايتىلدى، شۇنىڭ بىلەن تاۋار ئاشلىق يەيدىغان 83 مىڭ 510 ئادەم ئازايدى. قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە شەھەر ـ بازار ئاھالىسىدىن 85 مىڭ 994 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1962 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسى يەكەن دەرياسىغا سالغان لەيلىمە كۆۋرۈكتە ئاپتوموبىل قاتنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە سادىر قىلغان ئېغىر خاتالىقىنى تەنقىد قىلدى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پەيزاۋات ناھىيىسى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلەتكەنلىكى، ئايرىم كادىرلارنىڭ ساختىلىق قىلغانلىقىدىن، ئاز ساندىكى ئاممىنىڭ كېسەل بولۇش، ئۆلۈپ كېتىش، سىرتقا كېتىشىدەك ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىلگىرىكى باي ناھىيىسى ۋەقەسى ۋە بۇ قېتىمقى پەيزاۋات ناھىيىسى ۋەقەسىدىكى ئاچچىق ساۋاقنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇشۇ خىل مەسىلىنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمە «قوشۇنلارنى خىللاپ، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ 1962 - يىللىق شتات لايىھىسى»نى بېكىتتى. ئەسلىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي شتاتى 483 بولۇپ، 133 مەمۇرىي شتات قىسقارتىلدى، 21 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ياكى قوشۇۋېتىلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى داۋاملىق ئىخچاملاش، شەھەر - بازار ئاھالىسىنى ئازايتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ۋىلايەت بويىچە يەنە 20 مىڭ شەھەر - بازار ئاھالىسىنى ئازايتىشنى، 7000 ئىشچى - خىزمەتچىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ئايدا خې جياچەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا (1964 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جىليەن مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، زىڭ گۇاڭمىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئالىي مەكتەپ ـ قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلدى ھەم ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

11 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 32 مىڭ 30 كادىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 648 كىشى تەكشۈرۈلدى ياكى مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى. بۇ خىزمەت 1963 ـ يىلى ئاياغلاشتى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق›نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاياغلاشتى.

## 1963 ـ يىلى

3 ـ، 4 ـ ئايلاردا قەشقەر ۋىلايىتى يېزىلاردا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار تەشكىلاتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. ئۇلاپلا ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار گۇرۇپپىسى ياكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى؛ دادۈيلەردە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار كومىتېتى ياكى ۋەكىللەر كومىتېتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىمىنوف ھامىت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش، «بەشكە قارشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تۇرۇش» (خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىققا، هايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاراساي دېگەن يەردە ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر يېڭىشەھەر، مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، يوپۇرغا، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە پاختا زاۋۇتى قۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 50 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ ئايدىكى خىزمەت يىغىنى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 11 ـ ئايدىكى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 1963 ـ يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى قىلىپ، شەھەر ـ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ھەرىكىتى («تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى، يەنى سىياسىنى ئېنىقلاش، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش، تەشكىلنى ئېنىقلاش، ئىدىيىنى ئېنىقلاش) ۋە «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1964 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدىكى «1 ـ ماي» تىياتىرخانىسىدا قارشى ئېلىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تيەنجىن شەھىرىدىن تۇنجى تۈركۈمدە چېگرا رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن 75 زىيالىي ياشنى كۈتۈۋالدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە بېتون قۇرۇلما-

ـلىق يول ياساش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.2 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيە قىزىلبايراق گۈڭشېسىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، جايلاردىكى خەلق گۈڭشېلىرىنى قىزىلبايراق گۈڭشېسىدىن ئۆگىنىشكە، «بەشتە ياخشى» (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى ئولتۇراق نۇقتىسى) ئۆلچىمى بويىچە تىرىشىپ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق رايونىدا «2 ـ نومۇرلۇق كېسەل» (خولېرا) بايقالدى، يۇقۇم ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرگىچە تارقالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شاڭخەي، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن تېببىي خادىملارنىڭ ياردىمى بىلەن، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا يۇقۇمنى ئاساسەن تىزگىنلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە 484 مىڭ 529 ئائىلە، 1 مىليون 723 مىڭ 854 نوپۇس بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 1 مىليون 614 مىڭ 618، خەنزۇ 83 مىڭ 109، باشقا مىللەت 26 مىڭ 127.

12 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى ـ شوركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ 1 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 250 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. بۇ سۇ ئامبىرىغا 1959 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىش باشلانغان بولۇپ، 1975 ـ يىلى 2 ـ قاتارلىق، 1979 ـ يىلى 3 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرى پۈتكۈزۈلدى، ئامبارنىڭ لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 500 مىليون كۇب مېتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1965 - يىلى

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېڭىسار ناھىيىسىدە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 290 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ 1964 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى؛ 1965 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇزاكىرە قىلىندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مېڭ شۈلىن خىزمەت دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىندا سۆز قىلدى.

4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئاساسىي قاتلاملاردا سايلام ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە سايلامغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم 1 مىليون 1982 بولۇپ، ئەمەلىي قاتناشقىنى 839 مىڭ 446، گۇڭشې (بازار) غا ۋەكىل بولۇپ سايلانغىنى 12 مىڭ 46، ناھىيە (شەھەر)گە ۋەكىل بولۇپ سايلانغىنى 2443.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قەشقەر ئۇلاپ تارقىتىش ئۆزىلى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 2 - ، 3 - كۈنلىرى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي بىلەن مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يىلار ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (مىسىر) گە قىلغان دوستانە زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئېلېكتر

ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى ۋە ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1966 - يىل 10 - ئايدا 1 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك تارقاتتى، 1970 - يىلى 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋات بولدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى قادىر ھېزىم شوركۆل سۇ ئامبىرىدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەرنى تۈگىتىش كۈرىشىگە قاتنىشىۋاتقاندا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئىككى ياشنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەختكە قارشى قۇربان بولدى. 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قادىر ھېزىمغا «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىسى» دەپ نام بەردى.

شۇ ئايدا ما رۇيشەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى (1979 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە يەنە بىر يېڭىچە تۈرلۈك ماللار بىناسى – ھېيتگاھ سودا سارىيى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. تىجارەت كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بۇ سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى 1964 - يىل 9 - ئايدا باشلانغانىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ۋە مەكىت ناھىيىلىرى تەۋەسىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1966 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ھەمدە يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 4 - باشقۇرۇش رايونى، 2 - فېرما، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىگە ئايرىپ بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گۇۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خې لۇڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قەشقەرگە كېلىپ ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بىڭتۈەن دۇ شيۈچۈەن (1975 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خې يۈەنۋۇ (1968 ـ يىل 6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لياڭ كېشۈن (1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) لەرنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، دۇڭ فۇ (1967 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)نى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى.

12 ـ ئايدا يەن دىڭۋۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى مېڭ شۈلىن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقى بىلەن پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى (1967 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چەي ئېنيۈەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى (1975 ـ يىل 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## 1966 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە قەشقەر

ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە بىرلىكتە ئەتىياز پەسىللىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا 344 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1965 - يىل 9 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 11 - ئايدىكى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ قەشقەرنىڭ 1965 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى؛ قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەھلىل قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**2 - ئاينىڭ 28 - كۈندىن 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە** ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتقان 1267 جەڭچىسى، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتقان 36 جەڭچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 1098 كىشى چېگرا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى تۈەن - مەيدانلارغا كېلىپ ماكانلاشتى.

**5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مېڭ شۈلىن ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى كادىرلىرى يىغىنىدا «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتنىشايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

**7 - ئاينىڭ 5 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ شاڭخەيدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن 4971 زىيالىيىنى ھەرقايسى تۈەن - مەيدانلارغا تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى.

**9 - ، 10 - ئايلاردا** جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ، نىڭبو،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاۋشىڭ دېگەن جايلىرىدىن چېگرا رايون قورۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن 3462 ياش توركومگە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى تۈەن - مەيدانلارغا ماكانلاشتى.

10 - ئايدا گۇۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نيې رۇڭجېن قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈشتە بولدى.

10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملار بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن دەرس توختىتىپ «ئىنقىلاب قىلدى»، ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرىگە بېرىپ «ئىنقىلابىي كەڭ ئالاقە باغلىدى».

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەردىكى 1000 غا يېقىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىدا جىم ئولتۇرۇۋېلىپ ھەيۋە كۆرسەتتى ھەمدە 48 سائەت ئاچلىق ئېلان قىلىپ، مۇئاۋىن ۋالىي نەن چىمىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تېلېگراممىا ئارقىلىق نەن چىمىنىڭ پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى بېيجىڭدىن كەلگەن جەمئىيەت ياشلىرىدىن 2100 كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 1967 - يىلى

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «ئىسيانچى»لار «ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش»نى يولغا قويدى. شۇ كۈنى سائەت نۆلدە «ئىسيانچى» لار قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك

پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردىمۇ «ھوقۇق تارتىۋېلىش» دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى.

2 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كەينى ـ كەينىدىن 1000 دىن ئارتۇق كادىر، جەڭچى چىقىرىپ، ئۇلارنى «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» (سولچىلارنى قوللاش، سانائەتكە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش)گە قاتناشتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشخانا قارمىقىدا ئومۇمىي يۈرسال گۇرۇپپا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، سانائەت ـ قاتناش گۇرۇپپىسى، مالىيە ـ سودا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى باشقۇردى. ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى شياۋ شېنشۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ ئىشخانا 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي ئالاقە ـ خەۋەرلىشىش يېتەكچى ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى جاڭ جېنرۇڭ بەش ئۇيغۇر ئاممىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇركۇپ كەتكەن ئاتنى توسۇپ بەختكە قارشى قۇربان بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن «جىلىيەن» ۋە «گۇاڭزۇڭ» لار بىر قىسىم ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئاممىنى قوزغىتىپ، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئاممىۋى تەشكىلات «زوزۇڭ»غا ھۇجۇم قىلدى ھەم شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا ئوت قويۇپ ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەردىكى «سەنسۇ» ئاممىۋى تەشكىلاتىدىكى بەزى كىشىلەر قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى «لىيەنۋېي» بىلەن بىرلىكتە دېھقانلارنى تەشكىللەپ، ئاممىۋى تەشكىلات «سەنشىن» ساقلاۋاتقان قىزىل كۆۋرۈككە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 40 نەچچە ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەقەدىن كېيىن، «سەنشىن» تەشكىلاتى قىزىل كۆۋرۈكنى توسۇۋەتتى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئەلەم كۈرىشىنى توختىتىپ، قاتناشنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يولدىكى توسۇقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، قەشقەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان قاتنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەردىكى قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق «سەنشىن»، «گوڭدەي»، «خەلق ئارمىيىسى بوزيەر ئاچقۇچى تەشكىلاتى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ھەقىقي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان 1000دەك ئادەمنى قوترىتىپ، دۆڭباغدا تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى ئاساسىي قورۇلۇش ئەترىتىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات «سىيې»غا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، 24 ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 47 ئادەمنىڭ يارىلىنىشى، 172 ئادەمنىڭ تۇتۇپ ئۇرۇلۇشى، سەككىز ئادەمنىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 1968 ـ يىلى

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەردىكى «سەنسۇ» ئاممىۋى تەشكىلاتى قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا چوڭ يىغىن ئېچىۋاتقاندا، يەنە بىر تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتىدىن «گوڭدەي» ۋە «سەنشىن» لار يىغىن مەيدانىدا پاراكەندىچىلىك قىلدى، ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ تۆت ئادەم ئۆلدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن «سەنسۇ» تەشكىلاتى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئادەم ئەۋەتىپ،

يەنتە ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى، ئىككى ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئايرىم رەھبەرلەر سېرىقبۇيىدا «قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىقرارىغا ئىشىنىپ كېتىش» بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتالمىش «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، سوۋېتكە قېچىش گۇرۇھى» دېگەن يالغان دېلونى پەيدا قىلدى، بۇ ئىشقا 500 دىن ئارتۇق كادىر، ئاممىا چېتىلىپ ئەدەپلەندى، ئالتە ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، يەتتە ئادەم مېيىپ قىلىۋېتىلدى.
9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىڭتۈەن مۇستەقىل 3 ـ ئاپتوموبىل يىڭىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات «سىيې» قەشقەردىكى «سەنسۇ» بىلەن بىرلىشىپ، يەنە بىر ئاممىۋى تەشكىلات «خەلق ئارمىيىسى بوزيەر ئاچقۇچى»غا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپتىن 16 ئادەم ئۆلۈپ، 17 ئادەم يارىلاندى.
10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چېگرا رايوندا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.
12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىڭتۈەن پارتكومى، بىڭتۈەن ۋاقىتلىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى» يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەستىقلىدى، بۇ كومىتېتقا خې يۈەنۋۇ مۇدىر، خۋاڭ جىن، جاڭ شياۋلياڭ، خۋاڭ يىنجۇلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## 1969 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت رەسمىي قۇرۇلدى، لى شۋاڭشېڭ (ھەربىي ۋەكىل) ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك 9 ـ قېتىملىق پارتىيە

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت، شىنجاڭ ھەربىي رايون تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇردى، ۋىلايەتنىڭ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىش، جانلىق ئىشلىتىش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار»، «ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىنى تېزلىكتە قىزىللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا قارار»، «مەركىزىي كومىتېتنىڭ ‹28 - ئاۋغۇست› بۇيرۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا سەككىز ماددىلىق قارار»، «قوراللارنى دەرھال تەلتۆكۈس، تولۇق يۇقىرىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى.

**7** - ئاينىڭ **15** - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىن تۇنجى تۈركۈم زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ ماكانلاشتى.

شۇ ئايدا جېڭ جېنۋېن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى (1978 - يىلى 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى).

**8** - ئاينىڭ **20** - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر ئاخۇنوفنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن شۇ كۈنى كېچە ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان بىر بۆلەك ئامما زور مىقداردا قورال - ياراغلارنى ئېلىپ ئىككى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي بازا قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەتىسى ئۇلار ئاتۇشنىڭ سوغۇن چارسى ئەتراپىغا بارغاندا، ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن خەلق قوراللىق كۈچى تەرىپىدىن قورشاپ يوقىتىلىپ بېسىقتۇرۇلدى.

**10** - ئايدا خۇاڭ رۇيشياڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي

رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى (1981 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى).

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت لىيۇ چاڭلىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

## 1970 - يىلى

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىشچىلار ئەترىتى قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا ۋە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەر ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترەتلىرى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مەكتەپلەرگە كىردى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (نەق ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە قارشى تۇرۇش) ۋە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ھەرىكىتى باشلاندى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

3 - ئىينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) ھەمدە ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەخىموف ئابلىزنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى (1975 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆردەكلىك

يېزىسىنىڭ شىمالىدا 5.8 بال يەر تەۋرىدى.

**8** ـ ئاينىڭ **29** ـ كۈنى ۋاڭ جېنۋېن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى (1974 ـ يىل 8 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

**10** ـ ئاينىڭ **30** ـ كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى يېزا ئىگىلىك 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ شاۋجۇڭنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى (1975 ـ يىل 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## 1971 ـ يىلى

**3** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت شيې سەيشيەننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

**5** ـ ئاينىڭ **7** ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى ھەمدە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى زور تۈركۈم ئورگان كادىرلىرى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە ئۆگىنىش، ئەمگەككە ئەۋەتىلىپ، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. 1972 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

**6** ـ ئاينىڭ **6** ـ كۈنىدىن **9** ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. لى شۇاڭشېڭ «9 ـ قۇرۇلتاينىڭ

ئىتتىپاقلىق، غالىبىيەت تونغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى بويلاپ، باتۇرلارچە ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنىڭ سايلىمىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 10 دائىمىي ئەزا بارلىققا كەلدى. لى شۈاڭشېڭ شۇجىلىققا، ليۇ شاۋجى، ۋاڭ جېنۋېن، شيې سەيشيەن، ئىمىنوف ئېلاخۇنلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ بىڭتۇەن پارتكومى جاڭ شياۋلياڭنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى (1975 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شېكەركۆل سۇ ئامبىرى رايونىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، 1000 ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئىككى ئادەم ئۆلدى، 10 نەچچە ئادەم يارىلاندى. يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دەرھال خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە داۋالاش خادىملىرىنى ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىپ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن پارتكومى ۋاڭ چۇنجاۋنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى (1975 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## 1972 - يىلى

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بىرئۆي رايونىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5 - ئاينىڭ 24 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى بىرلەشمە كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، پارتىيە 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى شۇاڭشېڭ سۆز قىلىپ، جايلاردىن چوقۇم «لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش»، «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى، خىزمەتنى، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» نى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايوندا 5.9 بال يەر تەۋرىدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم غوجائەخمەت ئابلايوفنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1974 - يىل 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ باۋجيېنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ما رۇيشەننى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1976 - يىل 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زۇلال ياقۇپ (تاجىك)نى ۋىلايەتلىك پاتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، قاسىموف توختىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1974 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) تەيىنلىدى.

## 1973 - يىلى

3 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر

ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەردىكى رەھبىري كادىرلار يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. يىغىن «لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش»نى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەيۇەنشىڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى (1979 ـ يىل ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋىلايەت، شەھەر بىرلىشىپ قەشقەر تەنتەربىيە مەيدانى، «1 ـ ماي» تىياتىرخانىسى، خەلق كىنوخانىسىدا 10 نەچچە مىڭ ئادەم قاتناشقان ئىنقىلابىي چوڭ تەنقىدلەش يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى شۋاڭشېڭ سۆز قىلىپ «لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ بىڭتۇەن پارتكومى دۇڭ فۈنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى (1975 ـ يىل 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاراپ گۈڭشې 2 ـ داۋۇيىدە خولېرا كېسىلى بايقالدى. كېيىن قىسقىغىنا 3 ئاي ئىچىدە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ناھىيە (شەھەر)لەرگە تارقىلىپ، 1712 ئادەم يۇقۇملاندى، 93 ئادەم ئۆلدى. ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى كەڭ تۈردە سەپەرۋەر قىلىپ، جىددىي ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. 9- ئايغا بارغاندا يۇقۇم تولۇق كونترول قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەن چىمىننى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى (1975 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

11 - ئاينىڭ 14 - كۈندىن 20 - كۈنگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايون چاقىرغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، تارقاقلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرى، يېزا - قىشلاقلارغا بارغان زىيالىي ياشلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. پارتىيە 10 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، «لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ئائىت تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا يەنە يېزىلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ۋىلايەتلىك خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى پىلانىنى بېكىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

1 - ئايدا ۋاڭ گۇاڭزېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى (1983 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىدلەش» سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىردى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر

ئىستانسىسىغا قىيان كېلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ۋە ئۆتۈشمە نورنى ئېقىتىپ كەتتى، ئۆستەڭ ئېتىلىپ قالدى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقىتىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى.

**7** - ئاينىڭ **16** - كۈنى قەشقەر خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

**8** - ئاينىڭ **10** - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋاڭ جېنۋېننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا (1978 - يىل 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىمىن توختىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پاتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1980 - يىل 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ باۋجيېنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا (1980 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما رۇيشەننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا (1979 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نەن چىمىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا (1975 - يىل 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تالىپ داۋۇتنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1979 - يىل 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ساڭ باۋخېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1974 - يىل 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سەيدىخان باراتنى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى (1979 - يىل 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

**11** - ئاينىڭ **27** - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لۇ لىيەنكۈينى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەيىنلەندى (1983 - يىل 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

شۇ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى قوراللىق بۆلۈملەر زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى گوڭشې، دادۈي، زاۋۇت، كان - كارخانىلارغا ئەۋەتىپ، يېزا ئىگىلىكىگە، سانائەتكە ياردەم بەردى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى 1700 دىن كۆپرەك كادىر ئاجرىتىپ، يېزىلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى.

## 1975 - يىلى

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش»، «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلىكتە تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا - قىشلاقلارغا بارغان زىيالىي ياشلار ئىلغار كوللېكتىپى، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە پارتكومى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى شتابىدا بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىكار قىلىنىدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چەي ئېنيۇەننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزالىقى ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا (1980 - يىل 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دۇڭ فۇ (1982 - يىل 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ چۈنجاۋلارنى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى ئاچتى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 7 - كۈنگىچە مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇلەنفۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى خې لىنجاۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەركەز ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

شۇ ئايدا تۇراق ئىسمائىل جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى (1981 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1300 دىن كۆپرەك ئادەم ئاجرىتىپ، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئۆمىكى (ئەترىتى) دىن 14 نى تەشكىللەپ، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە تۈەن - مەيدانلاردا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كەڭ كۆلەمدە يېزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى» دېگەن مەزمۇندا رادىئو قەسەمياد يىغىنى ئاچتى، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم رادىئودىن يىغىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاڭلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، تۈرمىدە تۇرۇۋاتقان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە (تۇەن) دىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىدىن 101 كىشىنى كەڭچىلىك بىلەن قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى ئىككىنچى قېتىم جازا مۇددىتى توشۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە (تۇەن) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىنى يېڭىۋاشتىن كەسىپ ئالماشتۇرغۇزۇپ ئورۇنلاشتۇردى.

1976 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېت «داجەيچە ئورۇن ۋە داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم سۈن پېيلىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 100 مىڭ ئادەم قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە ـ خەلق بەس ـ بەستە چوڭ كۆلەملىك يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنى بىر يولىلا تارمار قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلقتىن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قەشقەر شەھىرىدىكى «شەرق قىزاردى» (ھېيتگاھ) مەيدانى ۋە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ پارتىيىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش جىنايىتىنى تەنقىدلىدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاجرىتىلغان 799 كادىر ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 85 ئورۇنغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى ۋە «داچىڭدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق پەيزاۋات ناھىيىسى، پەيزاۋات باش مەيدانى قاتارلىقلارنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىغا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاقتو ناھىيىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، 1977 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ يېڭى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

## 1977 - يىلى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، تۈەن - مەيدانلار بويىچە مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەي روھىدىن ئۆگىنىش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ قېتىم سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىلدى، 500 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قەشقەردە سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش، تېزلىكتە داچىڭچە كارخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بېكىتىلدى. يىغىندا يەنە داچىڭچە ئورۇندىن سەككىزنىگە نام بېرىلىپ، داچىڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار ئورۇندىن 110 ى، داچىڭدىن ئۆگىنىش بايراقدارىدىن ئۈچى، داچىڭدىن ئۆگىنىش ئىلغارىدىن 151 ى تەقدىرلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن شۆبە ھەربىي رايون بىرلەشمە خىزمەت يىغىنى چاقىردى. 800 دىن كۆپرەك ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنى قانداق يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم قەشقەر تەنتەربىيە مەيدانىدا بىرلەشمە چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تەنقىدلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قاغىلىقنىڭ كۆكيار نېفىتلىكىدە ئېغىر دەرىجىدە قۇدۇقتىن ماي ئېتىلىپ چىقىش ۋەقەسى كۆرۈلدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە يوپۇرغا،

يېڭىسار، مارالبېشى، يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە ئاز كۆرۈلىدىغان قارا يامغۇر، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 149 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىياپىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارار»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇزاكىرە قىلىندى، كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1 مىليون كىشىلىك داغدۇغىلىق رادىئو قەسەمياد چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنى داۋاملىق چوڭقۇر پاش قىلىپ ۋە تەنقىدلەپ، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى تېزلىكتە قوزغاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ ئايدا مەكىت گېنېراتور سىغىمچانلىقى 335 كىلوۋات كېلىدىغان تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى - قارادۆڭ سۇ ئامبىرىنى ياساپ پۈتكۈزدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەكەن ناھىيىلىك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ گەۋدە قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم لىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شېكەر-كۆل رايونىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، 314 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئالتە ئادەم يېنىك يارىلاندى.

**1978 - يىلى**

2 - ئاينىڭ 22 كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ لىن بىياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، قەشقەردە تەكشۈرۈلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ دېلوسىنى بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئېنىقلاش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم چوڭ يىغىن ئېچىپ، داجەيچە ناھىيىلەرنى، داچىڭچە كارخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بارىدىغان خىزمەت ئۆمەكلىرى (ئەترەتلىرى)نى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە، بولۇپمۇ ئاقتۇ، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردە ئۇدا قار ياغدى، بەزى جايلاردا ئۇدا 15 كۈن ياغدى، يىغىلىپ قالغان قارنىڭ قېلىنلىقى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1 مېتىردىن كۆپ، ئادەتتىكىلىرى 50 — 60 سانتىمېتىر بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە چارۋىلارنىڭ ئەتىيازدىن ئۆتۈشىگە ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەردە كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم

«قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1978 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى» نى بېكىتىپ، 1985 - يىلىغا بارغاندا، ۋىلايەتنى يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇللۇق سوتسىيالىستىك يېڭى ئىگىلىك بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختا، چارۋا، ئورمانچىلىقتا ئومۇميۈزلۈك «پروگرامما» دىكىدىن ئېشىپ كېتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش سانائەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى، يەنى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1 مىليارد 50 مىليون كىلوگرامغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 800 مىڭ دەنگە، ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 20 مىليون كىلوگرامغا، چارۋا ئومۇمىي سانىنى 4 مىليون 200 مىڭ تۇياققا، كۆمۈرنى 500 مىڭ توننىغا، توك تارقىتىش مىقدارىنى 250 مىليون كىلوۋاتقا، سېمونتنى 200 مىڭ توننىغا، خىمىيىۋى ئوغۇتنى 90 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت بويىچە «ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش» خىزمىتى ئىشخانىسىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 24 - ، 25 - كۈنلىرى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، مەكىت، يېڭىسار، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەر قاتتىق بوراننىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدى. بوران قاتتىق چىققان يەرلەردە شامال كۈچى 11 بالغا يېتىپ، 460 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى، 111 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قاغىلىق ناھىيىسىدە يېزا خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، 1978 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، «بىرنى تەنقىدلەش، ئىككىگە زەربە بېرىش» كۈرىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1978 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى› نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، ئىستىل تۈزىتىشنى، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تەسىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقىدىن پەيدا بولغان ئىدىيە ساپ بولماسلىق، تەشكىل ساپ بولماسلىق، ئىستىل ساپ بولماسلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى باشلىدى.

7 - ئايدا لى شۇاڭشىيېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا، لۇ دېيى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇش تۈزۈمى ئۈچ يىللىق مەخسۇس كۇرستىن تۆت يىللىق تولۇق كۇرس تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ۋاڭ چۈنجاۋ قاتارلىق 19 كىشىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى، ۋاڭ چۈنجاۋنىڭ قوشۇمچە شۇجىلىقىنى، لياڭ خۇەنچېڭنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاڭ جۇڭتاۋ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن

بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ فوتو سەنئەت كۆرگەزمىسى» قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاقلاش يىغىنى ئېچىپ، ئاشكارا ھالدا «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى» دېگەن يالغان دېلوغا چېتىلغان 500 نەچچە كادىر ۋە ئاممىنى ئاقلىدى، شۇ دېلو تۈپەيلىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلغان ھەمدە زىيانكەشلىك قىلىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئالتە يولداشنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش»، «بىرنى تەنقىدلەش، ئىككىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى دەرھال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق»ىنى يەتكۈزدى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بىرنى تەنقىدلەش، ئىككىگە زەربە بېرىش» كۈرىشىنى دەرھال قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈردى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لى دېڭجيېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، قوشۇمچە قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ، ئاشكارا ھالدا «چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى» يالغان دېلوسىنى ئاقلاپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى ئاقلاپ ئۆلەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئايىمخان تىلىۋالدىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.
شۇ ئايدا لىيۇ شىلىن ۋە ئىممىنوف ھامىتلار قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

1979 - يىلى

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لىيۇ چاڭلىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.
2 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار مەسئۇللىرى يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا 230 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. قانداق قىلىپ ۋىلايىتىمىز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەش مۇزاكىرە قىلىندى.
2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تىلىۋالدى توختىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەر شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلىدى.
3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايون قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم خەلق قوراللىق كۈچلىرى كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

شۇ ئايدا ئىمىنوف ھامىت قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىغا، لىۋ جىڭشى، لى زوڭيۈ، لياڭ خۇەنچىڭلار مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا، جىنايى ئىشلارنى 1 - سوتتا سوتلاش، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىردەك ئوچۇق سوت ئېچىپ، سوت قىلىشنى باشلىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «دۆلەت ئورگانلىرىدا پارتگۇرۇپپا قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا قەشقەر مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېتلار، شۇنىڭدەك سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا پرىنسىپ جەھەتتە پارتگۇرۇپپا قۇرۇلۇشى، پارتكوم تەستىق قىلىنغان دۆلەت ئورگانلىرى بىردەك پارتگۇرۇپپىغا ئۆزگەرتىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىن قاغىلىق ناھىيىسىگىچە بولغان تاغلىق رايونلاردا ئايروپىلان بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇش كاتالىزاتور مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ئەزلار يىغىنى قەشقەر مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمە پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. پارتگۇرۇپپا 13 كىشىدىن تەشكىل تاپتى، لىۋ شېلىن، لى دېڭجيېلەر مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم گو چېڭبىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، جاڭ چۈڭنى مەھكىمە مۇدىرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىلگىرى - كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەييارە گۇرۇپپا چىقىرىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئۇچنى قوللاش، ئىككى ھەربىي» (سولچىلارنى، ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى قوللاش، ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە) خىزمىتىدە پەيدا بولغان، تارىختا قېپقالغان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر گاس - گاچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يىغىن ئېچىپ، قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جۇڭتاۋ سۆز قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشنى تېزلىكتە ھەرقايسى سەپ، تارماق ۋە ئاساسىي قاتلاملارغىچە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

12 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

## 1980 - يىلى

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم گو گاڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەيسا شاكىرنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، ئابلا ئىسمائىلنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، لۇ جەنبىڭنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، ۋاڭ ۋېنچى ۋە ياڭ جيەنجاڭلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلدى. 328 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 1979 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، 1980 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ياڭ جيەنجاڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «قەشقەر گېزىتى»: قەشقەر ۋىلايىتىدە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۆكاپاتلاش» تەك ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق ھېسابلاشنى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋىلايەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 80% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، دەپ خەۋەر قىلدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى تۇنجى قېتىم پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى ئاچتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ليۇ شېلىن سۆز قىلىپ، جايلاردىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خەنزۇلار ئىچىدە «بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈش» كە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈتكىشىنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىشنى ئاساس، ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىشنى قوشۇمچە قىلدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەكەن، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، مارالبېشى، ئاقتۇ ناھىيىلىرى ئىلگىرى - كېيىن قارا بوران ۋە مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 600 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچكى موڭغۇل، خېبېي، خېنەن، سەنشى، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويدى. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئۆمەك 70 نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى، 100 مىڭغا يېقىن كىشى ئويۇن كۆردى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن چاقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئۆگەندى، ئاپتونوم رايون ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەسلىي مەمۇرىي تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، يەنى ئاقتۇ ناھىيىسىنى يەنىلا قىزىلسۇ قىرغىز

ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا، پەيزاۋات ناھىيىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە «مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جۈنتاۋ سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىپ، ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىدىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق مەلۇم لىيەن ئامىنىڭ تېرىلغۇ كالىسىنى خاتا ئېتىپ قويغان، 204 - داۋبەندىكى ئىشچىلار نارازى بولۇپ ھەربىي ئاپتوموبىلنى توسقان، جەڭچى گاۋ شۇ قالايمىقانچىلىقتا ئوق چىقىرىپ بىر ئىشچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي سوتىنىڭ جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا بۇ دېلونى سوت قىلىۋاتقاندا، تولىشىۋالغان بىر بۆلەك ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن ئامما سوت زالىغا باستۇرۇپ كىرىپ، گاۋ شۇنى بۇلاپ كەتكەن، قىسىم رەھبەرلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، «گاۋ شۇ ۋەقەسى» نى پەيدا قىلغان.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، «مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندىكى مۇھىم خاتىرىسى» نى ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كادىرلارنى تەڭشەش ۋە خەنزۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كادىرلارنى «ئىچكىرىگە يۆتكەش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن، خەنزۇ كادىرلارنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە ئايرىپ ئىچكىرىگە يۆتكەش سىياسىتىگە قارىتا، خەنزۇ كادىرلاردا ئەنسىزچىلىك پەيدا بولدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئامما ئىچىدىمۇ ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، ئىجتىمائىي تەرتىپتە مۇقىمسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئابلا ئىسمائىل قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىغا، تىلىۋالدى توختى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى ھەم سىناق تەرىقىسىدە توك تارقاتتى. بۇ ئىستانسا قۇرۇلۇشى 1977 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 19 مىڭ 500 كىلوۋات.

1981 - يىلى

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى رەسمىي قۇرۇلدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار قاغىلىق بازارلىق تۆگىچى كوچىسى (3 - مەھەللە) مەسچىتىگە ئوت كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى جېدەل چىقىرىشقا قۇترىتىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ۋە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ھەمدە بىگۇناھ ئاممىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇردى. ۋەقە يۈز

بەرگەندىن كېيىن قاغىلىق ناھىيىسىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى، كېيىن ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئاساسەن، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قىسىم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى جېدەل قىلغۇچىلارنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قالايمىقانچىلىق تېزلىكتە تىنچىتىلدى.

2 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ژۇرنال — «قەشقەر» رەسمىي ئاشكارا تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق 8 ئورۇن بىرلىكتە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى رەسمىي دەرس باشلىدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى داغدۇغىلىق ھالدا ھەربىي پارات، مۇراسىم ئۆتكۈزدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىدىن ھەسەن ئىسمائىل باشچىلىقىدا «شەرقىي تۈركىستان يانغىن پارتىيىسى» ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، 103 ئادەمنى توپلاپ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئوق - دورا ئامبىرىدىن 152 دانە مىلتىق، 80 گرانات، 28 مىڭ پاي ئوقنى بۇلاپ چىقىپ، ناھىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قوراللىق توسۇپ زەربە بېرىش ۋە قورشاش ئارقىلىق توپىلاڭچىلارنى قورالىنى تاپشۇرۇش، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىرلىكتە كۇتۇپخانىدا ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆيۈشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۇرۇش رادىئو پروگراممىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا دولقۇن 981 كىلوگېرتىستا ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى زىيالىي ياشلار ماگىزىنىدىن يېڭى شىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قەشقەر شەھىرى قىزىلبايراق گۇڭشې (شامالباغ يېزىسى) 2 - دادۈي 3 - شياۋدۈيدىن ئابدۇكېرىم قادىر قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇششاق-چۈششەك ئىش سەۋەبى بىلەن ماجىرا تۇغۇلۇپ، يېڭى شىن ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئابدۇكېرىم قادىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇ جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئاممىنى جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىشقا قۇتراتتى، ئادەم توپلاپ غوۋغا چىقىرىپ، ئىلگىرى - كېيىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق ئالتە ئورۇنغا باستۇرۇپ كىرىپ، ماشىنىلارنى چاقتى، ئىدارە، مەكتەپ ھەمدە ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ مۈئەسسەسىلىرىنى بۇزدى، بىگۇناھ ئاممىدىن ئىككىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، 59 ئادەمنى ئېغىر يارىلاندۇردى، 570 دىن ئارتۇق ئادەمنى زەخمىلەندۈردى، بۇ ۋەقە «30 - ئۆكتەبىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۈرۈمچى جەنۇبىي يولىز ئىستانسىسىغا يېقىن جايدا، يېڭىدىن سېلىنغان ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بىناسى ئىش باشلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى: يەكەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر كادىر سادىق جۇمە پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ رايىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكتىن، خەلق ۋەكىللىرى ئۇنى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلىدى. نامزاتلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمى بولمىغانلىقتىن، ئامما ئۇنى «ساندۇقتىن چىققان مۇئاۋىن ھاكىم» دەپ ئاتاشتى.

## 1982 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم«قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سودىگەرلەر مەركىزى شۆبە شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، قايتا قۇرۇش ۋە تىجارەت باشلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسى داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەستىقلاپ، «1 ـ دەرىجىلىك ئامانلىقنى ساقلاش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بەرگەن قەمبەرگۈل قاتارلىق جەمئىيەت ئامانلىقنى قوغداشتا خىزمەت كۆرسەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خادىملارنى مۇكاپاتلاپ تەقدىرلىدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ، پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئاھالىلەرنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنمىغانلىقىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، ھەل قىلىش لايىھىسىنى بېكىتتى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە چوڭ يىغىن ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن «30 - ئۆكتەبىر» ۋەقەسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن 105 شەخسنى ۋە بىر ئىلغار كوللېكتىپنى تەقدىرلىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىنگتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سابىق يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى باشقۇرۇۋاتقان بارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن سىرت، يەنە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە تورغات چارۋىچىلىق فېرمىسىنىمۇ قوشۇۋالدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابلا ئىسمائىل سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىپ، جايلاردىن 5 -، 6 - ئايلاردا قانات يايدۇرۇلىدىغان مىللىي سىياسەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «قوش ئاي پائالىيىتى» گە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە

ھەممىدىن ئاۋۋال قانات يايدۇرۇلغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەم شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىلدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە داغدۇغىلىق ھالدا «تەبىئىي پەنلەر تېخنىكا ئۇنىۋانى گۇۋاھنامىسى» تارقىتىش يىغىنى ئاچتى. 501 پەن - تېخنىكا خادىمى تۇنجى قېتىم تېخنىكا ئۇنىۋانىغا ئېرىشتى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىياۋ خېڭرۇي بىكىتۇەننىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ۋاڭ چۇنجاۋ يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىنىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتەۋەردى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 110 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چاقىرغان «ئىككى دېلو» نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. قەشقەردە ئىشلەنگەن پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى. بىرىنچى باسقۇچ 1977 - يىل 3 - ئايدىن 1978 - يىل 8 - ئايغىچە بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ پارتىيىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەم ۋە ئىشلار، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرى ئېنىقلاندى؛ ئىككىنچى باسقۇچ 1978 - يىل 4 - ئايدىن 1979 - يىل 3 - ئايغىچە بولۇپ، مەركەزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھالدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرى تەكشۈرۈلدى، «بىرنى تەنقىدلەش، ئىككىگە زەربە بېرىش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ 1979 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىل 12 - ئايغىچە بولۇپ، پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئېنىقلاش خىزمىتى قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. شۇ ئارىلىقتا، 791 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 226 سىگە ھەرخىل جازا بېرىلدى، 543 كىشىگە قارىتا پەقەت يەكۈن چىقىرىلىپ، جازا بېرىلمىدى ياكى يەكۈن چىقىرىلمىدى، خاتا ئايرىپ قويۇلغان 22 ئادەم ئاقلىنىپ تۈزىتىلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت يەنە گومىنداڭنىڭ 20 نەپەر سابىق ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىمى ۋە ئىشپىيوننى كەڭچىلىك بىلەن قويۇۋەتتى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە نوپۇسنى ئۈچىنچى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 591 مىڭ 482 ئائىلە، 2 مىليون 376 مىڭ 805 نوپۇس بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 1 مىليون 222 مىڭ 941، ئايال 1 مىليون 153 مىڭ 864؛ خەنزۇ 182 مىڭ 735، ئۇيغۇر 2 مىليون 157 مىڭ 645، باشقا مىللەت 36 مىڭ 425 بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

شۇ ئايدا ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبىسىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ مەكتەپ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى ھەمدە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانجى ئاپتونوم ناھىيىسىدە پېشقەدەم كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو، پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى خونجىراپ تاغ ئېغىزىدا داغدۇغىلىق ھالدا خونجىراپ ئېغىزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

9 - ئايدا جاڭ چىڭيۈن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈندىن 27 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە (شەھەر) لەر، ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا 75 ئىلغار كوللېكتىپ، 128 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ھەمدە «ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىقىرىلغان تەشەببۇسنامە» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

شۇ ئايدا مامۇتوف قۇربان قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 377 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك يېزا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرىدىغان شۇجىلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. 1982 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، قانداق قىلىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك يارىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىندى. يىغىندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى بىر قاتلاش پىلانى ۋە 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى خىزمەتلەر، شۇنىڭدەك 1983 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى قاراپ چىقىلدى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار بىرلىكتە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا «قوش ھىمايە قىلىش» خىزمىتى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى «قوش ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش خىزمەت تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. 119 ئىلغار كوللېكتىپ، 309 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

## 1983 - يىلى

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى چىقىش قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا چاقىردى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەت، شەھەر بىرلىكتە 2 - قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئېچىپ، شەھەر رايونىدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقنى 2 - قېتىملىق

«ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىگە تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاكتىپ قاتنىشىپ، مەدەنىيەتلىك، گۈللەنگەن يېڭى قەشقەر قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى 487 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى، 2 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە يېڭىدىن سىنىپ، ياتاق سېلىپ بەردى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا قەشقەر شەھىرى بويىچە 2 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى چاقىردى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ گۇاڭخۇا سەھنە ئەسىرىنى يازغان، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان رەڭلىك ھېكايە فىلىم «يىراق يۇرتقا مۇھەببەت» كۇچا ناھىيىسىدە سۈرەتكە ئېلىنىشقا باشلىدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 9 - قانالدا تېلېۋىزىيە نومۇرى كۆرسىتىدىغان تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئۈسكۈنىسى قۇراشتۇرۇلدى ھەمدە ئۈسكۈنە - ئاپپاراتلار سىناق قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يۈرۈش پروگراممىنى تارقىتالايدىغان بولدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى چارىسى (لايىھە)»نى بېسىپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەردىن پاكىستانغا قاتنايدىغان خەلقئارا يولۇچىلار ئاپتوموبىلى قاتناشقا باشلىدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ گۇڭشېلىرىدا خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىپ، چوڭ رايون، كىچىك يېزا قۇرۇش بويىچە ئوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1984 - يىل 6 -ئايدىن باشلاپ ۋىلايەت بويىچە خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يېزا (مىللىي يېزا) ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا گاۋ خۇەنچاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا، تاڭ گۇاڭسەي سىياسىي كومىسسارلىقىغا، جاڭ گۇاڭخۇي، لو چۇەنيۇنلەر مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، يەن چاڭفا مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا «پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ ئايدا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە ئۆتىدىغان تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 1500 كىلومېتىرلىق تاشيول پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، يول يۈزى 2 - دەرىجىلىك يول ئۆلچىمىگە يەتتى.

7 - ئايدا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چىلى، كاندىدات شۇجى

خاۋ جيەنشۈلار ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد، چې گو، چېن شىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانىسى فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىر دوختۇرى جاڭ يوخۋا ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا قىلدى. 1984 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «يولداش جاڭ يوخۋادىن ئۆگىنىش» توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم قارار چىقاردى. 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بۇيرۇق چىقىرىپ، جاڭ يوخۋاغا «چېگرا رايون خەلقى ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان ياخشى ھەربىي دوختۇر» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «بەشتە ياخشى» يېزا (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى يول، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى مەھەللە) قۇرۇلۇشى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 272 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون خوتەندە چاقىرغان «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، قەشقەرنىڭ «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش پىلانى ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرۈشىنىڭ 1 - جېڭىنى قانات يايدۇردى. جىنايەتچىلەردىن 386 نى قانۇن بويىچە قولغا ئالدى، 443 نى يىغىۋېلىپ تەكشۈردى، جىنايەتچىلەر گورۇھىدىن 23 نى بىتچىت قىلدى. 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «قاتتىق زەربە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىش» ئاياغلاشتى، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئۈچ يىلدا مەركەزلىك هالدا توققۇز قېتىم ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن نېفىت مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى خۇاڭ كەي، سۇڭ خەنلياڭلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ياكى يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىر قاتلانغان 47 ناھىيىنىڭ بىرى بولدى، دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ ناھىيىنىڭ 1982 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكى 26 مىليون يۈەنگە قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان ناھىيە» گە ئايلاندى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شياۋ فېڭرۇي بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى؛ ۋاڭ چۇنجاۋ يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت سەككىز مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەستىقلىغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

نارقانتى. ئۇقتۇرۇشتا ۋىلايەتلىك پارتكومدا يەتتە خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ: مەمۇرىي مەھكىمىدە 24 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىنىدۇ: خەلق تەشكىلاتلىرىدىن بەش تارماق تەسىس قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «قەشقەر گېزىتى»: ئۇدا 16 يىل ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان، راسخوتى كەمچىل بولۇپ كېلىۋاتقان بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 1983 - يىلى تۇنجى قېتىم ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان، مالىيەدە ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالايدىغان، كىرىم - چىقىمى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولالايدىغان بولدى، دەپ خەۋەر بەردى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «يولداش شۇ دېنۇيىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ۋىلايەت پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىپ، 245 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى مۇكاپاتلاپ تەقدىرلىدى.

## 1984 - يىلى

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىلايەت، شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىرلىكتە قەشقەر شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدا تۇنجى قېتىم پانۇس بايرىمى ئۆتكۈزدى. خەلق مەيدانى پارات كۆرۈش سەھنىسىگە كىشىلەر كۆپ توپلىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلى ئولتۇرۇشۇپ، ئالدى تېمى يىقىلىپ سەككىز ئادەم ئۆلۈش، 25 ئادەم يارىلىنىشتەك ئېغىر ۋەقە كۆرۈلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىشنى قارار قىلدى، دەپ خەۋەر قىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى پارتكومى بىرلىكتە «ئارمىيە - خەلق ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. جايلار، قىسىملاردىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەرقنى تېپىپ چىقىپ، تەدبىر بېكىتىپ، ئارمىيە - خەلق ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر ئىشخانىسى بىلەن بىرگە ئىش بېجىردى. ئىشخانا ئورنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىدا تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى. لياڭ چاڭسۇڭ (1984 -يىل 4 - ئايدىن 1987 - يىل 10 - ئايغىچە)، لۇ پېيتيەن (1984 - يىل 3 - ئايدىن 1986 -يىل 8 - ئايغىچە) لەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى، ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە ۋىلايەتلىك پارتكوم زالىدا يىغىن ئېچىپ 85 ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان 2777 پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسىگە «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بەردى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم گو گاڭنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك

پارتكوم بىرلىكتە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا 3 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدىكى جۇڭگو تەرەپ دائىرىسىدە كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جاينى تاشقورغان ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەستىقلىدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەردە خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزا (بازار) لار خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى) ۋە يېزا (بازار) باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋىلايەت ئەسلىدىكى قەشقەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىدا يىغىن ئېچىپ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى ئارمىيە - خەلق ئورتاق بەرپا قىلغان مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدا ياساپ پۈتكۈزۈلدى. بۇ مەركەزنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 1080 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىچىدە مەدەنىيەت ئۆگىنىش كەچلىك مەكتىپى، كىتاب، گېزىت كۆرۈش ئۆيى، تەنتەربىيە مەيدانى ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 12 - ، 13 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭ يى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، قاتلاملار بويىچە مەسئۇل بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەنچەن ئېردىنى چۆ جىجيەنزەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بادەي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە زىيارەت، تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن يوپۇرغا ناھىيىسىگە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر شەھىرى بىلەن خۇبېي ئۆلكىسى شاشى شەھىرىنىڭ ئاچا - سىڭىل شەھەر بولۇشقا قول قويۇش مۇراسىمى شاشىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدا يېڭىدىن ياسالغان كۆرۈشۈش پونكىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى خونجىراپتا پۈتتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئۇلاپ تارقىتىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە سىگناللىرىنى سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە ئۇلاپ تارقىتىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار بولدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ۋىلايەت تۈنجى قېتىم سىياسىي قانۇن سېپىدىكىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 20 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 184 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر شەھىرى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى دەندۇڭ شەھىرىنىڭ دوست شەھەر بولۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى دەندۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ۋىلايەت 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش جەھەتتىكى تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا 69 ئىلغار كوللېكتىپ، 129 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسىنىڭ پۈتكەنلىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قەشقەر تارىخىدا شۇ يىلى ئىش باشلاپ، شۇ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ، شۇ يىلى ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن تۈنجى چوڭ قۇرۇلۇش بولدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ شەھىرى بىلەن ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەكەن ناھىيىسى قوزىمال يېزىسىنى زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىشنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا 450 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1984 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، قەشقەرنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىينى تەرتىپكە سېلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋىلايەت تەۋەسىدە پارتىينى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە تۈنجى قېتىم ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش تەڭپۇڭ بولۇش، ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

## 1985 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى – «زەرەپشان گېزىتى» (ئۇيغۇرچە،

خەنزۇچە) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

2 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن يوپۇرغا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تارقاتقان «ئىرادە ۋە ماھىيەت جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇش»، «نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىش» لەۋھەسىگە ئېرىشتى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پوسكام ناھىيىسىدە بۆيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭخۇا ئىجتىمائىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ يېمەكلىك جەمئىيىتى بىرلىكتە بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا «شىنجاڭ پەيزاۋات قوغۇنىنى تېتىپ باھالاش يىغىنى» ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مارالبېشى، مەكىت، يەكەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە بىرلىشىپ ياسايدىغان مارالبېشى - يەكەن تاشيولى قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى. بۇ تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 239 كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ۋىلايەت سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

4 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش مۇزاكىرە يىغىنى ئېچىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە نەزەر تاشلاپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىشنى باشلىدى، مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلاتقاندىن باشقا، يەنە بىر يۈرۈش ئۆزى ئىشلىگەن ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنىمۇ ئاڭلاتتى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇ شياۋچېڭ، چېن دېمىنلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پاتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ئابدۇرېھىم قادىرنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەتلىكىگە، ياڭ جەنشى، زىننەت ئۆمەرلەرنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 120 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى تارىخىي دەۋردە قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلىپ، قەشقەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئورتاق مۇھاكىمە قىلىندى، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى، ۋىلايەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئىشى مۇھاكىمە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھەرقايسى تەرەپلەردىن شتات تەڭشەپ، ۋىلايەت بويىچە تەخمىنەن 400 نەپچە زىيالىيلار ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى مەركەزلىك ھەل قىلىشنى قارار قىلدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىزمەت بېجىرىشنى توختىتىش، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇش توغرىسىدا

بۆيرۇق چۈشۈردى. 1987 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەسلىگە كېلىپ قۇرۇلدى ھەم قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، 44 مۇنەۋۋەر پەن -تېخنىكا خادىمىنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش خىزمىتىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاغىلىق، پوسكام، يېڭىشەھەردىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىگە «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» بەردى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ ياۋباڭ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى شۇ خۇيزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 7.1 بال يەر تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋىلايەت، شەھەر بىرلىكتە 4 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايىدىكى توملوتاغ چوققىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 7.4 بال يەر

تەۋرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنە 6.9 بال يەر تەۋرىدى. 48 ئادەم ئۆلدى، 116 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئىقتىسادىي زىيان 54 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چىلى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى تيەن جىيۈنلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ۋىلايەتنىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن ئاپەت رايونىغا كېلىپ، ئاپەت رايونىدىكىلەردىن ھال سورىدى ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆي ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تۈگەپ، ئاپەت رايونىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى نورمال ھالەتكە كەلدى.

شۇ كۈنى دۆلەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار لېكتورلار ئۆمىكى قەشقەرگە خىزمەتكە كەلدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر سانائەت بۇيۇملىرى سودا مەركىزى بىناسىنى سېلىش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللەر ئۆمىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكى ـ مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن يەكەن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدە ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان 2388 يولداشقا شەرەپ مېدالى ۋە گۇۋاھنامە بەردى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋىلايەتلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى تەھرىرلەپ تۈزگەن «قەشقەر يىلنامىسى» (1985 - يىللىق) ئاشكارا تارقىتىلدى. 1988 - يىلىغا قەدەر 1986 -، 1987 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» نەشر قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەر مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۈرەت كۆرگەزمىسى قەشقەر ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا كۆرسىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھىدىن تارقىتىلغان سىگنالنى يەر يۈزىدە قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى ۋە ئىشقا كىرىشتى.

10 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى جۇ ۋېنيۈەن باشچىلىقىدىكى 13 ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغان مەركەز ھال سوراش ئۆمىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرمىللەت خەلقىگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقتىن ھال سورىدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يېڭى تىپتىكى كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە سارىيى – قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پەيزاۋات ناھىيىسىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، قانداق قىلىپ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى يىغىن چاقىرىپ، گومىنداڭنىڭ 23نەپەر ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرىغا «ھەقىقەتكە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بەردى، قالغان 800 دىن كۆپرەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىگە ھەرقايسى ناھىيە (تۈەن ـ مەيدان) لار ئارقا ـ ئارقىدىن گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

شۇ ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك كومىتېتلىرى كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ياساپ چىققان «تۈمەنكۆل ياشلار كۆكەرتىش قورۇلۇشى» مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار قورۇلۇشى بولۇپ باھالىنىپ، ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

## 1986 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى رەسمىي، ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا 700 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا 1985 ـ يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 7 ـ بەش يىللىق پىلانى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى ھەمدە 16 يېزا (بازار)، 19 كارخانا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كارخانا بولۇپ تەقدىرلەندى.

3 ـ ئايدا قەشقەردىن پاكىستانغا بارىدىغان تاشيولنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قىسمىنى كېڭەيتىپ ياساش قورۇلۇشى باشلاندى. بۇ قورۇلۇش قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر يولى ئېغىزىدىن باشلىنىپ، خونجىراپتىكى جۇڭگو ـ پاكىستان ئىككى دۆلەت چېگرا پاسىلىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 415.8 كىلومېتىر، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 125 مىليون يۈەن. 1988 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ يولدا ئاپتوموبىل قاتنىدى ۋە ئاپتوموبىل قاتناش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىلايەتلىك مالىيە خىزمىتى يىغىنىدا ۋىلايەت بويىچە مالىيەنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش قارار قىلىندى ھەمدە كونكرېت يولغا قويۇش چارىسى بېكىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە - پوسكامدىن ئۆگىنىشنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام ناھىيىسىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، بۇ ناھىيىگە «ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، تاڭ گۋاڭسەيلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش يىلىغا 150 مىڭ توننا ماي چەككىلەش سېخى، 60 مىڭ تونىلىق بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇلۇشى ۋە بىر يۈرۈش يانداشما قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1990 - يىل 4 - ئايدا بۇ قۇرۇلۇش شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك بولدى.

شۇ كۈنى خونجىراپ ئېغىزى رەسمىي 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بوياقچىلىق سېخىنى كېڭەيتىپ ياساش - ئۆزگەرتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتتى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم شەھەرلىك پارتكوم بىلەن بىرلىكتە 5 -قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋىلايەت 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان پەن -تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا يەتتە تۈر ۋە 49 نەپەر پەن -تېخنىكا خادىمى تەقدىرلەندى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. 3000دىن كۆپرەك ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شارقىراتما توسمىسىدا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاممىنى قۇتقۇزۇۋېلىشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان چى كەيۇەن قاتارلىق 12 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى — يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېڭىسار ناھىيىسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، بۇ ناھىيىنىڭ نامرات بولۇشىدىكى سەۋەبلىرىنى مۇزاكىرە ۋە تەھلىل قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار»

چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىگە «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ ، 13 ـ كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەن لى قاتارلىقلار مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىرلەشمىسى، شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى گۇ مۇ قاتارلىق نوققۇز كىشى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 ـ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسەللىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردىن 174 كىشى بايقالدى، كېسەللىك تەدرىجىي ھالدا ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە (شەھەر) گە كېڭەيدى. 1987 ـ يىل 5 ـ ئايغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يۇقۇملانغۇچىلار 7619 كىشىگە يېتىپ، 41 ئادەم ئۆلدى. يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تېببىي خادىملارنى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاشقا پائال تەشكىللىدى. ناھىيە (شەھەر)، يېزىلار، باشقۇرۇش رايونلىرى، كەنتلەردە ئايرىپ داۋالاش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىندى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقۇملىنىش ئەھۋالى تەدرىجىي كونترول قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە ۋىلايەت 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى، 88 ئىلغار كوللېكتىپ، 130 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

## 1987 - يىلى

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى، 487 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، 1986 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 1986 - يىلى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن قەشقەر شەھىرى ۋە پوسكام، مەكىت، پەيزاۋات، يەكەندىن ئىبارەت تۆت ناھىيە، 23 ئىلغار يېزا (بازار)، شۇنىڭدەك 16 ئىلغار كارخانا تەقدىرلەندى، 1987 - يىللىق ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ۋىلايەت 2 - قېتىملىق يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى، ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ «زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىساد جەھەتتىن تەكشۈرۈش قىلىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

**2** - ئاينىڭ **10** - كۈنىدىن **12** - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر مېھمانخانىسىدا تۈنجى قېتىملىق شەھەر خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 16 شەھەردە قانات يايدۇرۇلغان «ئۈچتە ياخشى بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى، يېڭى دەۋردە قانداق قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ «مەركەزنىڭ يېتەكچىلىك» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانداق قىلىپ شەھەرلەرنى پىلانلاش، قۇرۇش، باشقۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دە «ئۈچتە ياخشى بولۇشى، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئائىت ئىشلار قارار قىلىندى.

**2** - ئاينىڭ **12** - كۈنى مەكىت ناھىيىسى مەركەز كۆكەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

**3** - ئاينىڭ **15** - كۈنى قەشقەر - ئۈرۈمچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى يېرىم ئاپتوماتىك تۇتاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

**4** - ئاينىڭ **18** - كۈنى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيىلەرگە نام بېرىش يىغىنىدا، مارالبېشى ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

**5** - ئاينىڭ **18** - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇ شياۋچېڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ ئايدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 28 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور بېكىتى

كىرىشتۈرۈلدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت زېمىنىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە، قەشقەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ۋە يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەريا ئېقىنلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا باھا بېرىپ ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال رايونلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا 6 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەكىت ناھىيىسىدە يىغىن ئېچىپ، بۇ ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىنام دەرياسى توسمىسىنى يامغۇر تۈپەيلىدىن 130 نەچچە مېتىر كەڭلىكتە يار ئېلىپ كەتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت 2700 دىن ئارتۇق ئارمىيە - خەلقنى تەشكىللەپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ جەڭ قىلىپ يارنى ئېتىپ، شېكەركۆل سۇ ئامبىرى ۋە ئاياغ ئېقىندىكى خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

شۇ ئايدا ئۇزۇنلۇقى 209 كىلومېتىر، يول ئۇل كەڭلىكى 12 مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر بولغان ئاسفالت

يانغۇزۇلغان، جەمئىي 134 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مارالبېشى - يەكەن تاشيولى پۈتتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋىلايەت، شەھەر بىرلىكتە خەلق كىنوخانىسىدا 2000 دەك ئادەم قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتىكى 12 ئىلغار كوللېكتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى بەش ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 49 نەپەر مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇدى.

شۇ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مارالبېشى ناھىيىسىدە يىغىن ئېچىپ، بۇ ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئاچتى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە دائىملىق ئاپپارات قاتارىغا كىرمەيدىغان 51 ئورۇننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم مەجلىسخانىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، چېن دىمىن بۇ بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «قەشقەر گېزىتى» دە: «قەشقەر ۋىلايىتىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. ۋىلايەت بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى 1978 - يىل 5 - ئايدا باشلانغان توققۇز يىلدىن بۇيان جەمئىي 29 مىڭ 463 دېلو قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى» دەپ خەۋەر بېرىلدى.

11 - ئاينىڭ 18 -كۈنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەيسا شاكىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 58 يېشىدا ئۆرۈمچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا پوسكام ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

## 1988 - يىلى

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋچېڭ قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 1 - جاۋ شەنجاڭ دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر ـ ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھازىر بار دۆلەت ئىلكىدىكى بارلىق كۆمۈر ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنى بىۋاستە، بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى يېڭىسار، كونىشەھەر، يوپۇرغا، پەيزاۋاتتىن ئىبارەت تۆت ناھىيىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تۇنجى قېتىملىق نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 120 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش مەبلىغىنى تارقىتىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىن 31 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەت شتاتنى كونترول قىلىش ۋە كادىرلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ شتاتنى كونترول قىلىش، كادىرلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ شتاتنى كونترول قىلىش ۋە قىسقارتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە ۋىلايەتتىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن 800 دىن كۆپرەك كادىرنى تەڭشەپ، ئۇلارنى سىياسىي قانۇن، باج، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارغا تولۇقلاپ، بۇ تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى چارباغ بازارلىق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ بوغالتىرى تۇرغۇن قۇربانىنياز ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تىجارەت ئورنىدا دىجورنىلىق قىلىۋاتقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىجارەت ئورنىغا سوقۇنۇپ كىرگەن بۇلاڭچىلار بىلەن قەيسەرانە ئېلىشىپ، ئۈچ يېرىگە ئوق تېگىپ باتۇرلارچە قۇربان بولدى. 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇربان نىيازغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بەردى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋىلايەت، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرى بىرلىكتە خەلق مەيدانىدا ئارمىيە - خەلق ئورتاق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار، ئۈلگىلىك ۋىلايەت بەرپا قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا پوسكام ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە بولغان پوسكام ناھىيىسىگە مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن بېرىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يەكەن ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، يەكەن ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇما يېزىسىدا تۇنجى خولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى بايقالدى. بۇ كېسەللىك ۋىلايەت بويىچە 10 ناھىيە (شەھەر) گە تارقىلىپ، 116 كۈن داۋاملاشتى. 1456 كىشى يۇقۇملىنىپ، 27 ئادەم ئۆلدى.

ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت كەڭ ئاممىنى يۇقۇملىنىشنى كونترول قىلىش، يوقىتىشقا پائال تەشكىللىدى.

7 - ئاينىڭ 7 - ، 8 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى تيېپىڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىلنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 12 — 13 ياشلاردىكى ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل بەختكە قارشى قەشقەر شەھىرى يارباغ كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدىكى 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ يولى قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. يې خەنخۋا، مەمەتيۈسۈپ تۇرسۇن قاتارلىق تۆت كىشى ئارقا - ئارقىدىن قۇدۇققا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. لېكىن يې خەنخۋا بىلەن مەمەتيۈسۈپ تۇرسۇنلار بەختكە قارشى قۇربان بولدى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بەردى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 22 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم 15 - قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەھرىرلىكىدىكى «قەشقەر تېلېۋىزىيە گېزىتى» نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا بولۇپ، ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلدى. 1990 - يىل 7 - ئايدا «قەشقەر تېلېۋىزىيىسى» گە ئۆزگەرتىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خې خۇڭيىڭ، ۋاڭ ئەيشەنلەرنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەتىمىن ھەلىمىدىننى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ

مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كونىشەھەر ناھىيىسىدە چوڭ يىغىن ئېچىپ، بۇ ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا ئائىت 12 ماددىلىق بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە «چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ جەمئىي تۆت باب، 21 ماددا.

1989 - يىلى

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسمى ساقچىلارغا ئونۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، قاغىلىق، پەيزاۋات، يوپۇرغا ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنى ۋىلايەت بويىچە نامرات ناھىيە (شەھەر) قىلىپ بېكىتىپ، سىستېمىلار بويىچە يار - يۆلەك بولۇشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1989 - يىللىق 8 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى ۋە توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش، تىنچ -

ئىتتىپاقلىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.
شۇ ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي شاۋ قەشقەر ۋىلايىتىگە تۇنجى پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلىپ، ئىككى يىللىق مۆھلەت بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىدى.
6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «ماشىنا تەقدىم قىلىپ، مائارىپقا ياردەم بېرىش» نى قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن سەككىز دانە ماشىنىنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى.
6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ۋىلايەت، شەھەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىللىك ئۆگىنىش كۇرسى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇلدى، 2000 دىن ئارتۇق كىشى كۇرسقا قاتناشتى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلدى.
8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «باشلامچىلىق بىلەن پاك - دىيانەتلىك بولۇش، چىرىكلەشكەنلەرنى قەتئىي جازالاش توغرىسىدا سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمە» تۈزدى.
8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا (بازار) لارغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن كادىرلار خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن تۆۋەنگە ئەۋەتىلگەن كادىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئۆزلۈكسىز چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەت قاتناش - ترانسپورت بازارلىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىشنى باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋىلايەت ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار مىنىستىرلىقى ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن 47 كىشىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن 68 كىشىنى تەقدىرلىدى. يەنە ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلىگەن ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن 13 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 15 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

شۇ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئەركە مۇسا، يەكەن ناھىيىسىدىن سەمەر سەمەت، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن نەجىمە روزىلار مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ باھالاندى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شياڭگاڭ ۋۇجۇ نەشرىياتى بىرلىكتە تۈزگەن «جۇڭگو شىنجاڭ قەشقەر» ناملىق رەسىملىك توپلام نەشر قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك شەھەر» دەپ نام بەردى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى كەڭچىلىك قىلىش ۋە قاتتىق جازالاش سىياسىتىنى نەقلەشتۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئالتە جىنايەت گۇماندارى نەق مەيداندا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم بىلەن جىنايىتىنى ئاشكارىلاشقا قاتتىق جازالاش قىلىنغانلىقتىن ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى، جاھىللىق بىلەن جىنايىتىنى ياپشۇرمىغان جىنايەت گۇماندارىنى نەق

مەيداندا قولغا ئالدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ھەرقايسى تارماقلاردىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، «سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش» خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى جۇ لىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى چيەن چىچېن، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز تەرەققىيات شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ تاۋ قاتارلىقلار مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرى 36 توپلام قىلىپ رەتلەپ نەشر قىلىندى.

شۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر شەھەر رايونىدىكى ئاپتوماتىك تېلېفون مەملىكەتنىڭ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر رايونىنىڭ تېلېفونى دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا، چوڭ شەھەرلەرنىڭ تېلېفونىغا بىۋاستە ئۇلىنىدىغان بولدى.

12 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن جۇ گۋاڭخۇانىڭ ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى «ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىدا»، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چېن چىڭنىڭ شېئىرلار توپلىمى «ئېپارخان تۇغۇلغان جايدا»، «قەشقەر گېزىتى» دىن دەي دېپېينىڭ نەسرلەر توپلىمى «پامىرغا مۇھەببەت» ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن چۈ يۈەنلياڭنىڭ ھېكايىلار توپلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«تولۇن ئاي دولان دەرياسى بويىدىن كۆتۈرۈلدى» لار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلدى.

1990 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1989 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» ى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، 1990 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن «5 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «9 - قېتىملىق ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى› پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

شۇ ئايدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پوسكام ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى ئۈلگىلىك كوللېكتىپ، ئۈلگىلىك شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، توققۇز ئۈلگىلىك كوللېكتىپ، 120 ئۈلگىلىك شەخسنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق «ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە چىڭ تۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش بۇسى قەشقەرنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنى تەقدىرلىدى. ئىككى ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ يۇڭ، تيەن جۇڭفېڭغا «چېگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى، قوراللىق ساقچى قەشقەر تارماق ئەترىتىدىكى 12 ئوفىتسېر - جەڭچىنى شەرەپ بىلەن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» (ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سۇغىرىشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، چوڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش) تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش نەق مەيدان يىغىنى مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە ئېچىلدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۇيرۇق چىقىرىپ: ۋاڭ لىجۇڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا، لۇ چۇنخېنى سىياسىي كومىسسارلىقىغا، لىن سەيۋېننى مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى ئەخەت قاۋۇل قاتارلىق ئۈچ كىشى زىممىسىدە مۇھىم ۋەزىپە تۇرۇقلۇق خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىپ، ئەخلاقتا بۇزۇلۇپ يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەخەت قاۋۇلنى ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلاشنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇۋەلى ئېلىگە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىشنى، مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇت سابىرغا خىزمەتتىن قوغلاش جازاسى بېرىشنى ھەمدە بۇ دېلونى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتلىك 4 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش - تىزىملاش خىزمىتى ئاياغلاشتى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە: ۋىلايەت بويىچە 623 مىڭ 979 ئائىلە، 2 مىليون 854 مىڭ 553 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2 مىليون 606 مىڭ 773، خەنزۇ 203 مىڭ 702، باشقا مىللەت 44 مىڭ 78.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە ئۈچ باش بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، باش سىياسىي بۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى. ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئاساسلىق ئارتىسلاردىن لى شۇاڭجياڭ، كېرەم ئابدۇگۇل، دۇڭ ۋېنخۇلار ئويۇن كۆرسەتتى.

7 - ئاينىڭ 26 - ، 27 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي

ئەزاسى چياۋ شى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى بىرلا ۋاقىتتا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، جىنايەت گۇماندارلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى، تۇرلۇك دېلودىن 159 نى پاش قىلدى ھەم بىر تۈركۈم زاڭ ماللارنى قولغا چۈشۈردى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈندىن 23 - كۈنگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنھەرىكەت كوماندىسى 1125.5 ئومۇمىي نومۇر، 39 ئالتۇن مېدال ئېلىپ، ئومۇمىي نومۇردا ۋە ئالتۇن مېدال سانى جەھەتتە بىرىنچى بولدى.

8 - ئاينىڭ 23 - ، 24 - كۈنلىرى ۋىلايەت قەشقەر شەھىرىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ياڭ بەيبىڭ قاتارلىقلار مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. جياڭ زېمىن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە «مىللەتلەر قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلايلى» دەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايونىغا «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى قوغدايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

**10** - ئاينىڭ **25** - كۈنى قەشقەر سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش يەرشارى پونكىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش 1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باشلىنىپ، 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پۈتتى.

**11** - ئاينىڭ **1** - كۈنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئەسلىگە كېلىپ قۇرۇلدى. سى جاڭباۋ باش قوماندانلىققا، تەن جيۈجاڭ سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلەندى.

**12** - ئاينىڭ **11** - كۈنىدىن **13** - كۈنىگىچە ۋىلايەت 4 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى، 85 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 142 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

**12** - ئاينىڭ **11** - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

**12** - ئاينىڭ **15** - كۈنى قەشقەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 20 مىڭ ئادەم ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداۋاتقان قىسىملاردىن قايتقان پېشقەدەم ئەسكەرلەرنى تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

**12** - ئاينىڭ **27** - كۈنى ۋىلايەت «ئىئانە توپلاپ مائارىپقا ياردەم بېرىش» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ ئايدا مەكىت، يەكەن، پوسكام، مارالبېشىدىن ئىبارەت تۆت ناھىيە مەملىكەتلىك كېۋەز تېرىشتىكى ئىلغار ناھىيىلەر يىغىنىدا «مەملىكەت بويىچە كېۋەز تېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە» بولۇپ باھالاندى.

## 1991 - يىلى

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە، يېزىلارنىڭ 1990 - يىللىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا سايلام خىزمىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىسمائىل تىلىۋالدىنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىقتىساد - سودا باشقارمىسى، قەشقەر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، قەشقەر تاشقى سودا گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتكەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىدىن يىڭ، لىيەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن 100 نى تاللاپ، قەشقەرنىڭ ناھىيە، يېزا - بازارلىرىغا تەقسىم قىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۈزگەن «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1991 - يىللىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتى ئورگانلار شتاتى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا مەملىكەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى، كادىرلار مىنىستىرلىقى يەكەن ۋە يېڭىسار ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ، زېمىننى كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. ما يىڭخۇ «مەملىكەت بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ، زېمىننى كۆكەرتىشتىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «بۇ يىللىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 72 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە «10 مۇنەۋۋەر ياش»نى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 24 - ، 25 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتى كومىتېتى 1991 - يىللىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن ۋىلايەتكە بېۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا «ئۈچ كىتاب» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى») نى تەنقىد قىلىش توغرىسىدا دوكلات بەردى.

6 - ئاينىڭ 26 - ، 27 - كۈنلىرى دۆلەت كومىسسارى چېن جۈنشېڭ قاتارلىق 18 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ مۇھەممەدى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ

سىياسىي كومىسسارى گو گاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ئەتىسى ۋىلايەت، قەشقەر شەھىرى بىرلىكتە يەنە ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ (500 نەپەر) قەسەم بېرىش يىغىنى ئاچتى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يولداش غولام ئالىمدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياۋ يۈڭفېڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەر شەھىرىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر» دەپ نام بەردى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «قەشقەر گېزىتى» مالىيە نازارىتىنىڭ مالىيەدە ئۇدا بەش يىل قىزىل رەقەم كۆرۈلمىگەن مەكتەپ ناھىيىسىگە جامائەت مۇئەسسەسىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە ئالاقىدار خادىملارغا مۇكاپات بېرىشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 1 مىليون يۈەن مۇكاپات بېرىشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

8 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېن، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شياۋ كې، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئۆيى

بىلگەن رەھبەرلىرىدىن سۈك خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن مەركەز «قەلبداشلار» ھال سوراش ئۆمىكىدىكى 60 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئۆلاتايوفنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى - مائارىپچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 195 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى - مائارىپچى ۋە مائارىپنى قوللىغۇچى ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات شتاتى كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسى ۋە ئەمگەك باشقارمىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تىلىۋالدى توختى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 19 - ، 20 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە

تەرەققىياتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 120 ئىلغار يەككە ئائىلىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئىلغار ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرىنى تۇنجى نۆۋەتلىك تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، سەككىز ئىلغار ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىلاتى ۋە 30 مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىنى تەقدىرلىدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، يىغىندا قانداق قىلىپ قەشقەرنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ۋە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، «قەشقەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئۈچ ئىلغار ناھىيە، 35 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 45 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش توغرىسىدا قارار»نى تۈزۈپ چىقتى.

1992 - يىلى

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتى قۇرۇش يىغىنىنى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شىن شياۋچېڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە بولغان ئۈمىدى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا تىرىشچان بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلىشى ئۈچۈن، ئىستىل ياخشىلاشنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى» دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇسابىقىسىدە مارالبېشى

ناھىيىسى ئالتۇن لوڭقىغا، يەكەن ناھىيىسى كۈمۈش لوڭقىغا، مەكىت ناھىيىسى مىس لوڭقىغا ئېرىشتى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ياقۇپ ھاجى ئوسمان كېسەل بىلەن 78 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لى گۇاڭيۇ، ۋۇ فېڭ، ئابدۇقادىر نەسىردىنلەر قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى، يىغىندا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىلدى، يەنە ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاش توغرىسىدا ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سى تۈزۈپ چىقىلدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «بۇ يىللىق ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى› پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش توغرىسىدا بىرقانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردىكى تۈنجى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ــ قەشقەر سۇلياۋ ياسالمىلىرى پاي چەكلىك سودا - سانائەت باش شىركىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چيەن ۋېنلىنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋە سىياسىي كومىسسارلىقىغا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تەن جيۇجياڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مياۋ شىۋاڭ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئەمەتجان ئالىملارنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانا ئېچىلدى. بۇ كۈتۈپخانا 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەمەت ئەخلەتنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى ۋە فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى بىرلىكتە قەشقەر شەھىرىدە قاراقۇرۇم — قۇرۇمتاغ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى بىرلىكتە «1992 - يىللىق جۇڭگو دوستلۇق ساياھەت يىلى» - قەشقەر قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. «ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق، تەرەققىيات» بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولدى. پائالىيەت باشتىن - ئاخىر خۇشال - خۇراملىق، ئىناقلىق، دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى.

6 - ئاينىڭ 11 - ، 12 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سۇڭ پىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ

شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، جاڭ فۇسېنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىرى قەشقەرنىڭ تەشۋىقات - ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى 50 نەچچە كىشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن پىكىر ئالدى، ئۇلارغا ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خۇ چىشىن قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مەتىمىن ھەلىمدىن، جاڭ جېنۋۇلار قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

6 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ شۆچيەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن، بىڭتۇەننىڭ قوماندانى لىيۇ شۇاڭچۈەن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈندىن 7 - كۈنىگىچە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن زۇلىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ شېڭتاۋنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك «تۆمۈر بوقا لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈزۈش، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىرلىكتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون مۇخبىرلىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 15 -، 16 - كۈنلىرى دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرى ۋاڭ بىڭچيەن ۋە مۇئاۋىن مىنىستىر چى خەيبىڭ توققۇز كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەملىكەتلىك مۇخبىرلار بىرلەشمىسىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ زىيارەت قىلىش ئۆمىكى ئۈچۈن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى گاۋ دېجەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ ئورمانچىلىق خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شيۈڭ خۈيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا گوۋۇيۈەننىڭ «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش نىزامى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خۇسۇسىي كارخانىچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، شۇ كۈنى ۋىلايەتلىك خۇسۇسىي كارخانىچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر 2 - دەريجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سىغىمى 8800 كىلوۋاتلىق، 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورى تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى.

## 1993 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرنىڭ شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش، ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش ئۈچۈن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە تۈزگەن «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» يولغا قويۇلدى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، باش سىياسىي بۆلۈم يەنئەندە ئاچقان «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، قەشقەر شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ 4 - تارماق ئەترىتى قەشقەردە قۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جاڭ شيۈمىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، قوشۇمچە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا، 1 - سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە «لېيى فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىما ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە «يولداش لېيى فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىما ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

4 - ئاينىڭ 19 - ، 20 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون ئاچقان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ 1992 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 1993 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىسى قاتارلىق توققۇز ناھىيە تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى؛ 1993 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەمەت ئەخلەت قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، لى لېي قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە رېۋىزىيە باشقارمىسى «خىزمەت ئاپپاراتى بىر بولۇش، ئىككى ئورگان

نامىنى قوللىنىش، ئىككى خىل فونكسىيىنى يۈرگۈزۈش» دېگەن تۈزۈلمىگە بىنائەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىشكە باشلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى پەن ـ تېخنىكا يىغىنى ئاچتى، يىغىندا بىرنەچچە يىللىق پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى خۇلاسىلەندى؛ قەشقەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار ۋە ۋىلايەت بېكىتكەن پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ 1992 ـ يىلدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغان سەككىز پەن ـ تېخنىكا خادىمى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن سەككىز خادىم تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گۇۋۇيۈەن قەشقەر ئاۋىئاتسىيە پورتىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە قوشۇلۇپ تەستىق چۈشۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «بۇ يىللىق ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى› پائالىيىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى تەشۋىقات ۋە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە (شەھەر)، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىكتىكى مۇنەۋۋەر ۋە ئەلا ناھىيە (شەھەر)، ۋىلايەت دەرىجىلىك 33 مەدەنىي ئورۇن ۋە ۋىلايەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى 12 نەمۇنىچى خادىم تەقدىرلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئابدۇقادىر نەسىردىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، شيوڭ خۇيىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇقادىر نەسىردىننى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى چېگرا سودا بازىرى ئېچىلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا بەش يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ۋە 64 يەككە ئەمگەكچى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۆلەت 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدىغان قەشقەردىكى تىنچ شارائىتتىكى ئېھتىياج بىلەن ئۇرۇش شارائىتىدىكى ئېھتىياج بىرلەشتۈرۈلگەن تۇنجى يەر ئاستى سودا سارىيى - قەشقەر 01 نومۇرلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان پارتكومى «1 - ئىيۇل» نى خاتىرىلەش ۋە «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 22 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى، 15 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسىنى ۋە 137 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياسىن ياقۇپ قەشقەر ۋىلايەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئوسمان قاسىم قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لەنجۇ، شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچ دەرىجىلىك ھەربىي رايون 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يېتىملار كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى سالدۇرغان بولدى. شۇ كۈنى ئارمىيە، يەرلىك بىرلىكتە ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي تۈردە يەڭگىللىتىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، جايلاردىن «بەلگىلىمە» بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيىسى ۋە يەكەن ناھىيىسىدە بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان تۆت جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ياۋ يۇڭفېڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە «1993 - يىللىق قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەيلە ـ ساياھەت يەرمەنكىسى» ئۆيۈشتۇردى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك 500 نەچچە مېھمان يەرمەنكىگە قاتناشتى. يەرمەنكىدە ئىقتىساد ـ سودا توختام كېلىشىمىدىن 172 سى ئىمزالاندى. ئومۇمىي سوممىسى 630 مىليون يۈەنگە يەتتى.

**10** ـ ئاينىڭ **6** ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم جىياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشۇ يىلدا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن «يېقىنقى مەزگىلدە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

**10** ـ ئاينىڭ **10** ـ كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ ـ شىنخۇا شۆبە ئاگېنتلىقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان تۇنجى مۇخبىرلار پونكىتى.

**10** ـ ئاينىڭ **11** ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دۆلەتلىك زىيىنى تۆۋەنلىتىش، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى ۋىلايەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان «ھەربىي ئىشلار كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتى.

**10** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ [1993] 13 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملار قۇرۇپ چىققان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ توغرا يول بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن،

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە ئالاقىدار قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارغا ئاساسەن «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملار قۇرغان تۇرلۇك ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى» نى تۈزۈپ چىقتى.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ، مەمۇري مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىقلار قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋاڭ گۈيشېڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئورگانلارنىڭ ئىدىيە ـ ئىستىلىنى تۈزەش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ «پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئورگانلارنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئېلىپ بارايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە قەشقەر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئارمىيە تۈزۈلمىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ۋىلايەتنىڭ سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدا جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تەپتىش ئەمەلدارى ـ يولداش تۇراق ئىسمائىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى تۇراق ئىسمائىلدىن ئۆگىنىپ، قەشقەرنىڭ سىياسىي قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «پاك، ئىنتىزامچان بولۇش توغرىسىدىكى ئون ماددىلىق بەلگىلىمە» نى قايتا تەكىتلىدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مارالبېشى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ گوۋۋيۈەنىنىڭ تەستىقى بىلەن چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەن رايون قاتارىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك رولى ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39°25′، شەرقىي مېرىدىئان 75°21′ بولدى. يەر تەۋرەش ناھىيىدىكى 18 يېزا (بازار) غا تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 13 يېزا، 5833 ئائىلە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئىككى ئادەم ئۆلدى، 23 ئادەم يارىلاندى، 9355 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 18 مىڭ 282 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك بولۇپ قالدى، 28 مەكتەپ زىيانغا ئۇچرىدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 130 مىليون 467 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پائال تۇردە ئادەم تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

12 - ئاينىڭ 4 - ، 5 - كۈنلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قەشقەرگە كېلىپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاپەت رايونىغا بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن سەممىي ھال سورىدى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى پاختا ئىشلەپچىقىرىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا قەشقەرنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون ۋە قەشقەر - تۇرپان رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق توك يولى ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان 500 توچكىلىق تېلېفون ئاپپاراتى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پروگراممىلىق كوممۇتاتور ئۈسكۈنىسى ۋە رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق توك يولى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە بېرىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئۆمەك دۇچ كەلگەن جىددىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

## 1994 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جياڭ زېمىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارغا جاۋاب خەت يازدى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلار، سىلەرنىڭ يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، سىلەرنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بېرى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ ئىلھامىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ماددىي ـ مەنىۋى تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىڭلەرنى تەبرىكلەيمەن. يېڭى تارىخىي دەۋردە سىلەرنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تېزرەك ھاللىق

سەۋىيىگە يېتىپ، يۇرتۇڭلارنى ئاۋات ـ باياشات سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئاچقان مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيىلىك، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىلىرىنى تەقدىرلەش تېلېفون يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىكى لۇ جيەنجۈڭ، يېڭىسار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى مەمەتئىمىن چوڭ، قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى دىلمۇرات ئابدۇرېشىت «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خاۋ چاڭشۈننى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە مالىيە خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 1994 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باجنى ئايرىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ تاشيول قۇرۇلۇشى بولغان مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولىنىڭ پۈتۈنلىنىيىسىدە قاتناش باشلاندى. بۇ تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 209 كىلومېتىر، يول ئۇل كەڭلىكى 12 مېتىر، ئاسفالتلىق يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەر رېلىسسىز پويىز ئىستانسىسى تىجارەت باشلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «ۋىلايەتنىڭ 13 ـ قېتىملىق ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى›، پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا «1 - ماي» نى تەبرىكلەش ۋە كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، تۆت ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 13 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى لۇ ليەنكۇي كېسەل بىلەن 65 يېشىدا ۋاپات بولدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ليۇ چاڭمىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرلار تۈزۈمى ۋە مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 3 - نۆۋەتلىك مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم «پۈتۈن ۋىلايەتتە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى يولداش يۇ جياپېڭ، جاڭ جياچى، شۇ شىخېڭلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، 22 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 32 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە 12 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خادىمىنى تەقدىرلىدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى باج ئاپپاراتلىرىنى ئايرىپ تەسىس قىلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى. بۇ قەشقەردە باج ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن

دېرەك بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسىدە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن پوسكام ناھىيىسى يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بۇ ئىككى ناھىيىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ نام بەرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو پاختا ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان، قەشقەر ۋىلايىتى ياردەملەشكەن خەلقئارا پاختىچىلىق مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي مەقسىتى: پاختىچىلىق بويىچە خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە نەق مەيداندا كۆرەك قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى يەرۈش قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئورتاق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي ئامانلىقى ۋە دېموكراتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھوقۇقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن ئالتە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - ، 15 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى خۇلاسىلەندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە مۇنەۋۋەر كارخانىدىن 17 سى، ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتە مۇنەۋۋەر كارخانا خىزمەتچىسىدىن 16 سى تەقدىرلەندى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى يېزا - بازار كارخانا پارتىيە ياچېيكىسى - يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە يېزىلىق يېزا - بازار كارخانا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇزۇنلۇقى 937 مېتىر كېلىدىغان، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - چوڭ كۆۋرۈك - يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاندى.

11 - ئاينىڭ 29 - ، 30 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. قەشقەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تۈزگەن «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە چوڭ مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر

ۋىلايەتلىك پارتكوم «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقاتتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى.

## 1995 - يىلى

1 - ئايدا 12 مىليون 409 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يەكەن يىپەك فابرىكىسى 20 ئاي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، بىر يىلدىن ئارتۇق سىناق تەرقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن بىر قېتىمدىلا لاياقەتلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

2 - ئايدا جۇ شياگمىن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت لەنجۇ ھەربىي رايونى 18 - دوختۇرخانىسى قارىمىقىدىكى 30 چاقىرىم گازارمىسى داۋالاش پونكىتىغا «قاراقۇرۇمدىكى ئۈلگىلىك داۋالاش پونكىتى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مۇپەتتىشلىك - باھالاش ئۆمىكى يەكەن ناھىيىسىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ناھىيىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ياشلار - قىرانلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىشتە تۇنجى لاياقەتلىك ناھىيە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلغار بولغان قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا، پەيزاۋات ناھىيىلىرىنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇنجى ئۆلگىلىك ناھىيە ـ پوسكام ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

شۇ ئايدا قاتناش مىنىستىرلىقى، كادىرلار مىنىستىرلىقى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچى ترانسپورتى باش بېكىتىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن ئابدۇكېرىم، تاشقورغان خونجىراپ يول ئاسراش داۋبەنىنىڭ ئىشچىسى دولقۇن خانى، قەشقەر 1 ـ تاشيول قۇرۇلۇشى باشقارمىسى 2 ـ ئىش رايونى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەدلەر شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ئەنشۇن سىلىقلاش مېيى زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماي مەھسۇلاتلىرى كەسپىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، بۇنىڭ بىلەن سىلىقلاش مېيى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلىپ كەلگەن تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

4 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى 1994 ـ يىللىق «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىلىرى» نى باھالاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك رازۋېدچىك لىيۇ ياۋخۇا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى مەمتىمىن سۇلايمانغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن نام بېرىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تېلېفون يىغىنى ئېچىپ «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىلىرىنى تەقدىرلىدى ھەم بارلىق خەلق ساقچىلىرى»نى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

5 ـ ئايدا ۋاڭ جىڭچيەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىلايەتتىكى ئەڭ چوڭ ساياھەت شېرىكچىلىك قۇرۇلۇش تۈرى - چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق بىناسى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى.

5 - ئاينىڭ 17 - ، 18 - كۈنلىرى ۋىلايىتىمىز 5 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىندا ۋىلايەتتە بارلىققا كەلگەن 65 ئىلغار كوللېكتىپ، 169 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، يىغىن ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تىپلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق يولداش كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا نۇر بەكرى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ 956 - مانېۋىر قىسمى قەشقەر ۋىلايىتىدە داغدۇغىلىق ھەربىي پارات ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا مىرزاي دوسمۇھەممەد جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چېن گۇاڭيى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ رۇيپۇنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 8 - ، 9 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جۇ جېڭچىڭ، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ليۇ جۇڭجى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى دەي شياڭلۇڭ، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما كەي، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى شى جىلياڭ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ باۋشۇ، دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى شاۋ بىڭرېنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 18 - ، 19 - كۈنلىرى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن ياۋباڭ باشچىلىقىدىكى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات پىلانىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى 10 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 1995 - يىللىق ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى، قەشقەر سودا ئۆمىكى ئىقتىساد - سودا پائالىيىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى، توختام، كېلىشىمدىن 27 سى تۈزۈلدى، ئومۇمىي سوممىسى 180 مىليون يۈەن بولدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ

شۆبە ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى، مەركەز سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىس - خىزمەتچىلىرىمۇ بىللە كەلدى. 4 - كۈنى كەچتە مەركىزىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قىسمەن ئارتىسلىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا چوڭ تىپتىكى ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

10 - ئاينىڭ 5 - ، 6 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جياڭ چۇنيۈن ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يېشىل كەسىپ قۇرۇلۇشى — قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 100 مىڭ مولۇق سورتلۇق ياڭاق تاۋار بازىسى قۇرۇلۇش پىلانى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىدىن ئۆتتى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ تاربوغۇز يولىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2360 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېي پۈتۈپ ئىشقا چۈشتى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن قۇرغان، كۆلىمى ئەڭ چوڭ تور — كاچۇڭ 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە ئۇنىڭ توك يەتكۈزۈش — ترانسفورماتور سىستېمىسى بىر قېتىملىق سىناقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ئىشقا سېلىندى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەت يولى 314 - لىنىيە شېكەر كۆل - سوغۇن چازا بۆلىكىدىكى 2 - دەرىجىلىك تاشيولنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتناش نازارىتى بىلەن تاشيول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا قۇرۇلۇش دەپ باھالاندى.

شۇ ئايدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزا ئېنېرگىيە ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇ پوسكام ناھىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى يېزا ئېنېرگىيە ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇشىدا ئۈلگىمگە يەتكەن 100 ناھىيە قاتارىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى خونجىراپ چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى شۆ شياۋخۇي، سىياسىي كومىسسارى لو ۋېنكېلارنى «2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن گەۋدىلىك تۆھپىلىرىنى ماختىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، فوتو ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» بويىچە ئاخبارات فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ۋە گېزىتتە ئىشلىتىلگەن ئاخبارات رەسىملىرىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. «قەشقەر گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرلىرى گېزىت - ژۇرنالدا ئاخبارات رەسىملىرى ئىشلىتىشتە 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا 10 پارچە فوتو ئاخبارات ئەسىرى باش مۇھەررىر فوتو مۇكاپاتى، فوتو ئاخبارات ئەسىرى مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قەشقەر شەھرىدە 1996 - يىللىق باھار بايرىمى سەنئەت كېچىلىكى شۆبە مەيدانىنىڭ نومۇرلىرىنى سۈرەتكە ئالدى. ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 100 نەچچە ئارتىس كېچىلىكتە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئورۇندىدى.

## 1996 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياۋ يۇڭفېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ھەرقايسى كەسىپلەردە يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىندا 1995 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى؛ 1996 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 9 - بەش يىللىق نىشان بېكىتىلدى؛ 1996 - يىللىق خىزمەت پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2 - ئايدا ياۋ يىجيەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 11 دىن 0 مىنۇت 24 سېكۇنت ئۆتكەندە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي پاراللېل 39°9′، شەرقىي مېرىدىئان 76°8′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغان پەيزاۋات ناھىيە تەۋەسىدە 6.9 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزىگە جايلاشقان پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىدىكى ئاممىنىڭ ئۆيلىرى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى ئەتراپىدىكى گۈللۈك يېزىسى، شېكەركۆل بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەر تەۋرەش پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئالتە يېزا (بازار) غا تەسىر كۆرسىتىپ، 24 ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 128 ئادەمنىڭ يارىلىنىشى، 160 مىڭ ئادەمنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گوۋۇيۈەنىنىڭ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن باۋجۇن باشچىلىقىدىكى ھال سوراش ئۆمىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ئېلىپ، قەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان پەيزاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا ترانسپورت شىركىتى، 1 - ترانسپورت شىركىتى، تاشقورغان ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى، شىنجاڭ تاشقى ترانسپورت شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت ترانسپورت ئورنىنىڭ 22 ئاپتوموبىل، 32 ئادەمدىن تەركىب تاپقان ترانسپورت ئەترىتى پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدىكى دىگىرىت دەرياسىنىڭ جۇڭگو چېگرىسىغا يېقىن جايىدا پەۋقۇلئاددە زور قار كۆچكۈنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكى بەش ئاپتوموبىل قار كۆچكۈنى ۋە لاي - شېغىل ئاقمىسى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى. ئىككى ئادەم ئۆلدى، ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلاندى. ئادەم ۋە ئاپتوموبىلنىڭ ھەممىسى قېلىن قاردا قاپسىلىپ قالدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە تاشقورغان ناھىيىسى تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك قېلىن قار ياغدى. بۇنىڭ ئىچىدە دەفتەر، تىزناپ، مەرياڭ، تاشقورغان يېزىلىرى ۋە مازار نەسىللىك قوي فېرمىسىدا ئۇدا ئالتە قېتىم قېلىن قار ياغدى ھەم قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، 20 نەچچە مىڭ چارۋا ئۆلدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە ئۇدا يامغۇر ئارىلاش قار ياغدى. جەمئىي يېغىن مىقدارى 66.7 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئىككى ئادەم ئۆلدى، 16 ئادەم يارىلاندى (ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلاندى)، 35 مىڭ 500 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 4580 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 6100 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك بولۇپ قالدى، 4300 مو بۇغداي ئاپەتكە

ئۆچۈردى، 200 تونىنا ئورۇقلۇق چىگىت زىيانغا ئۇچرىدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 37 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، سۇچىلىق نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، قاتناش نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قەشقەر ۋىلايىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 170 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولغان پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىغا ۋە شېكەر كۆل سۇ ئامبىرىغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى ھەمدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «1 - ماي» بايرىمى ھارپىسىدا سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ باشلىقى جۇ گۇاڭشۈنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» بەردى.

5 - ئاينىڭ 14 - ، 15 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ۋېن جياباۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان پەيزاۋات ناھىيىسىنى، پاختا ماكانى - مەكىت ۋە يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىقى، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 80 نەچچە مۇتەخەسسىستىن تەشكىل تاپقان كورلا - قەشقەر بۆلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىككى كۆنلۈك ئەمەلىي تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، مۇكىنچىلىك جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تاماملىدى ھەمدە مۇشۇ يىل ئىچىدە بۇ لىنىيىدە ئىش باشلاشقا بولىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قوشۇنى قەشقەر تەنتەربىيە مەيدانىدا تەنتەنىلىك ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا بەي شاۋ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىكى 11 ئوقۇغۇچى «گۈزەل جۇڭخۇا» مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار بىر كۈمۈش مېدال، ئىككى مىس مېدال، سەككىز مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ۋە ياخشى ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئۈزۈم»، «قۇملۇقتىكى تۆگە»، «باھارغا تولغان باغچە» قاتارلىق ئەسەرلەر «مۇنەۋۋەر بالىلار رەسىملىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا سۇچىلىق، دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىدىن 13 كىشىنى باشلاپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى جۇ شياڭمىنىڭ ھەمراھلىقىدا تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تۆۋەن بەلدىر سۇ ئامبىرى تۈگۈن سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

شۇ ئايدا زىننەت ئۆمەر، جياڭ باۋخېڭ، روزى كېرىم قاتارلىقلار سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا مەتىمىن ئوسمان قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ياڭ شېچۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس تۈمەنى داغدۇغىلىق ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، نەچچە يۈز زاپاس ئوفىتسېرغا ھەربىي ئۇنۋان بەردى.

شۇ ئايدا ئابدۇكېرىم سەلەي، تيەن ۋېيگو ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى يې شۆنپىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇلايمان نىيەتقۇلنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە قەشقەردە قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ئاساسىي قاتلام ساقچى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىنىۋاتقان يېڭى ئۆيلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياندۇما كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ كۆۋرۈك قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بولۇپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇما يېزىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يېزا يولى كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

111.9 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر كېلىدۇ، پۈتۈش باھاسى 3 مىليون 973 مىڭ 550 يۈەن.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاۋ جىخاۋ ئۆمەك باشلىقى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خەن شىكەي مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباينىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە تۆت كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 1996 - يىللىق «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» ئاخىرلاشتى. يەرمەنكىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سودا ئۆمىكى 33 توختام، كېلىشىم ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى ئاز كەم 230 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە توختام 18 پارچە بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 170 مىليون يۈەن، كېلىشىم 15 پارچە بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 60 مىليون يۈەن.

شۇ كۈنى شياڭگاڭ - جۇڭگو بانكىسى مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى خۇاڭ دىيەن باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 37 كىشى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككى كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك تۈمەن چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو، پاكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا ترانسپورتى بويىچە سىناق تەرىقىسىدە قاتنىغان ئاپتوموبىل ئەترىتى تۆت كۈن يول يۈرۈپ، 9 - كۈنى چۈشتە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ

سالىدىغان قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېڭەيتىلمە قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشقى سودا ـ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مىنىستىرلىقى ۋىلايەتلىك ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىگە ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى ھوقۇقى بېرىشنى تەستىقلىدى. بۇ شىركەتنىڭ 10 خىل مەھسۇلاتنى بىۋاسىتە ئېكسپورت قىلىشىغا، 14 خىل مەھسۇلاتنى بىۋاسىتە ئىمپورت قىلىشىغا قوشۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى «ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» نى قەشقەر خەلق مەيدانىدا سۈرەتكە ئالدى. ۋىلايەت، شەھەردىكى 10 نەچچە مىڭ ئاممىدا دۆلەت بايرىمىنى قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن تەبرىكلىگەن تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشنى نامايان قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى قىزىلدۆۋە يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

شۇ ئايدا ياۋ يۇڭفېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا لى گۈيمىن، ساۋ خەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

## 1997 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 10 كۈنلۈك دوكلات ئاڭلاش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئارىلاپ سىناش ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ساۋات چىقىرىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياش ـ قىرانلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى ئۈلگىلىك شەھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىش يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە 6.4 بال يەر تەۋرىدى. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېڭى مەھەللە، جانباز، قوشئاۋات يېزىلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 12 ئادەم ئۆلدى، 36 ئادەم يارىلاندى. 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە بۇ ناھىيىدە ئاز كەم 700 قېتىم چوڭ - كىچىك قالدۇق يەر تەۋرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش 19 قېتىم بولۇپ، 400 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ 1600 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 10 نەچچە مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە - ھۆكۈمەت - ئارمىيە ھال سوراش ئۆمىكى پەيزاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ، ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان يېڭىمەھەللە يېزىسى، قوشئاۋات يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىۋاتقان خادىملاردىن ھال سورىدى.

شۇ ئايدا ليۇ چاڭمىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، جاڭ خۇڭتاۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا دۆلەتنىڭ چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تيەنجىن، شەندۇڭدىن تۇنجى تۈركۈمدە

قەشقەرگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن 51 كادىر خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئاتلاندى.

شۇ ئايدا شىڭ تيېلۇڭ، كامىل ئابدۇللا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 14 تىن 4 مىنۇت 13 سېكۇنت ئۆتكەندە، شىمالىي پاراللېل 39°5′، شەرقىي مېرىدىئان 76°9′ دىكى پەيزاۋات ناھىيە تەۋەسىدە ئالتە بال كۈچلۈك قالدۇق يەر تەۋرەپ بىر ئادەم ئۆلدى، ئالتە ئادەم يارىلاندى، 24.032 ئېغىز ئۆي، 21 كۆكتات پارنىكى، يەتتە مەسچىت، 18 مىڭ 90 مېتىر قورۇتام، بىر سۇ مۇنارى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 32 ئورۇندىكى توما بۇزۇلدى، 3047 ئېغىز قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 738 چارۋا ئۆلدى، 15 مىڭ 400 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك بولۇپ قالدى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان تەخمىنەن 300 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر ئايرودروم رايونىنىڭ 2 - قېتىملىق كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون رەھبەرلىرى 10 نەچچە مىڭ ھەربىي ۋە خەلق بىلەن بىرلىكتە كۆچەت تىكىشكە قاتناشتى. ئازكەم 5000 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 300 مېتىر ئېرىق چېپىلدى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق تارمىقى ئورمان بىنا قىلىدىغان ياخشى پەيت - ئەتىياز پەسلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق ئورمان بىنا قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. ۋىلايەت بويىچە 61 مىڭ 800 مو يەردە ئورمان بىنا قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈگېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا پەيزاۋات ئاپەت رايونىغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەككىز يىل ياسالغان قەشقەر 2 -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. قەشقەر 2 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا 120 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، گېنېراتور گۇرۇپپىلىرىنىڭ سىغىمى 3×8800 كىلوۋات كېلىدۇ، بۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، قەشقەر بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىدا توك جىددىيلىكى زور دەرىجىدە پەسەيدى، 426 مىڭ مو دېھقانچىلىق سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 7 دىن 46 مىنۇت 16 سېكۇنت ئۆتكەندە، پەيزاۋات ناھىيىسى ئەتراپىدا 6.3 بال يەر تەۋرەپ، 17 ئادەم يارىلاندى، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 1824 چارۋا ئۆلدى، 38 مىڭ 800 ئېغىز ئۆي، 113 مەكتەپ، 118 توما ۋەيران بولدى، 6021 ئېغىز قوتان، قورۇتام ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 673 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، گۈللىنىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا 16 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 13 دىن 30 مىنۇت 44 سېكۇنت ئۆتكەندە پەيزاۋات ناھىيىسىدە يەنە 6.6 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39°32′، شەرقىي مېرىدىئان 76°52′ دا بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە سەككىز ئادەم ئۆلدى، 62 ئادەم يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 25 ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې تاڭچۈەن مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن پەيزاۋات ئاپەت رايونىغا كېلىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل

تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 2 دىن 19 مىنۇت 8 سېكۇنت ئۆتكەندە شىمالىي پاراللېل 39°25′، شەرقىي مېرىدىئان 76°59′ ئارىلىقىدىكى پەيزاۋات ناھىيە ئەتراپىدا يەنە 6.3 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى، پەقەت بىر قىسىم چارۋا ئۆلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي خۇا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 40 نەچچە كىشى قەشقەرگە كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قەشقەر بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مارالبېشى ۋە قەشقەر ۋوگزاللىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى.

6 - ئاينىڭ 1 - ، 2 - كۈنلىرى جۇڭگو - تاجىكىستان قاراسۇ سودا يولىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر «داجۇڭ» ئىمپورت ئاپتوموبىللىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى خۇسۇسىي ھەممىباب ئاۋئاتسىيە شىركىتى – جەنۇبىي شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋئاتسىيە چەكلىك شىركىتى قەشقەرگە ماكانلىشىپ تىجارەت باشلىدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر (يېڭىسار ناھىيىسىدىن) پولات سىمدا مېڭىپ، چاڭجياڭنىڭ جۇتاڭشيا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، يېڭى جىنىس دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەۋزەللىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى ئالىي مائارىپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى، قەشقەر چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر چوڭلار ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بالىلار سىزغان 11 پارچە رەسىم مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئۆسمۈر بالىلار سەنئەت كومىتېتى ئۆتكۈزگەن «‹جۇڭخۇا بالىلىرى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالماقتا› دېگەن تېمىدىكى مەملىكەتلىك خەتتاتلىق، رەسساملىق كۆرگەزمىسى» گە تاللاندى. بۇ ئەسەرلەر بېيجىڭ جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىندى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شياڭگاڭدا كۆرگەزمە قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسى مۆلدۈرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 14 مىڭ 300 مو كېۋەزلىك ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ 100 مو يەردىكى كېۋەز پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 10 مىڭ 800 مو يەردىكى كۆممىقوناق ئاپەتكە ئۇچراپ، 10 مىڭ 300 مو يەرگە قايتا تېرىشقا توغرا كەلدى. 583 مو تاۋۇزلۇق، 230 مو كۆكتاتلىق ئاپەتكە ئۇچرىدى، 82 ئېغىز ئۆي، 247 قوتان، 1035 مېتىر قورۇتام ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 108 تۇياق قوي، 380 توخۇ ئۆلدى. 18 مىليون 38 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

شۇ ئايدا لىيۇ شۆخۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت تور قىلىپ تۇرغۇزغان چوڭ قۇرۇلۇش ـ مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنى ئۇنىۋېرسال

قوللىنىش كەسپىي سىستېمىسى (92102) قۇرۇلۇشىغا قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىش باشلاندى. پۈتكەن بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش ئىشقا سېلىندى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۇڭفېڭ، مەمۇريي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت رەھبەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئايرودروم يېشىللىق رايونىدىكى دەقيانۇس خارابىلىكىنى قوغداش قۇرۇلۇشى يۈزىسىدىن قېزىش جەريانىدا، تۈنجى قېتىم برونزا پىچاق، جەسەت كۆلى قۇتىسى، ياغاچ چاق ھەمدە تامغا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق 10 نەچچە خىل بىر قەدەر مۇكەممەل مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىچە، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خەن سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى بۇيۇملار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىنتايىن قىممەتلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەن.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەمەن مېھمانخانىسى «مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايىنىڭ بىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا مەمەت ئەخلەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 1997 - يىللىق «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» ئاخىرلاشتى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سودا ئۈمىكى 27 خىل توختام ئىمزالىدى، سوممىسى 490 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» دىكىدىن 280 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر ئايرودرومى ئۇچۇش رايونىنىڭ كېڭەيتىلمە قۇرۇلۇشى باشلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گەنسۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پىۋا (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى قەشقەر شەھەرلىك بىرلەشمە پىۋا زاۋۇتىنى قوشۇۋالدى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىن 14 ـ كۈنىگىچە دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىدنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ تۆت كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قاتناش مىنىستىرلىقى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى قاتناش تارمىقىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەردىن قىرغىزىستاننىڭ نارىن، بىشكەك شەھەرلىرىگە ساياھەت ئاپتوموبىلى قاتنىدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 19 دىن 40 نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، قەشقەر شەھەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى سودا مەركىزىدە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 15 ئادەم ئۆلدى، 21 ئادەم يارىلاندى، 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىن 28 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈخېڭ «بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋىلايەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىنى

قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1997 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، 1998 - يىللىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

12 - ئايدا شى شاۋلىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك يېنىك سانائەت گۇرۇھى ئىقتىسادىي بىرلەشمىسىنىڭ چوڭ يىغىنىدا، قەشقەر شەھەرلىك يېنىك سانائەت گۇرۇھى ئىقتىسادىي بىرلەشمىسى مەملىكەتنىڭ مۇشۇ سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، شىنجاڭدىكى مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر كارخانا بولۇپ قالدى.

## 1998 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈڭفېڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنى دادىل قوللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسىردىن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قەشقەر ۋىلايىتىگە 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ، قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يەنە 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كامىل ئابدۇللا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، زىنىنەت ئۆمەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كامىل ئابدۇللا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن مائاش ۋە ۋەزىپە ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ ئىشلەيدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى 21 كادىر ۋەزىپە ئۆتەشكە يولغا چىقتى. ۋىلايەت ئۇلارنى ئۇزىتىش يىغىنى ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى زۇلەي غوپۇر مەملىكەتلىك مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى ئۈلگىسى» بولغان 10 ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى قىلىپ باھالاندى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ چاڭمىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈڭفېڭ سۆز قىلدى. يىغىندا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى كامىل ئابدۇللا 35 ئورۇن بىلەن ئىستىل تۈزىتىش بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «8 - مارت» نى تەبرىكلەش ۋە 10 نەپەر «8 - مارت قىزىل بايراقدارلىرى»، «بەشتە ياخشى ئائىلە» گە نام بېرىش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىستېمالچىلار شىكايەت قىلىش - مەلۇم قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى.
4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.
4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نىجات قادىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى.
4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە «110» ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.
4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى دۆلەت مەمۇرلار تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.
4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى.
4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش - شىنجاڭ پاختىچىلىق بازىسىنىڭ تايانچ قۇرۇلۇشى - يەكەن ناھىيە كاچۇڭ 2 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 84 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىدىغان بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور گۇرۇپپىلىرىنىڭ سىغىمى 600 كىلوۋات، لايىھەدىكى يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 68 مىليون 210 مىڭ سائەت/كىلوۋات بولۇپ، بۇ توك تارقىتىشنى ئاساس، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈنۈمىنى قوشۇمچە قىلغان ئۈنۈمۈرسال سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.
5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سۇلتان ئوسمان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۇدا قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن، قىزىل دەرياغا 100 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن كېلىپ، قەشقەر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئىشتىن توختىدى. 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇ ئىستانسىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كېلىپ توك تارقىتىشقا باشلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى فوندى قۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇريي مەھكىمە بۇ فوندقا 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇ خەيلۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى، پىئونېرلار ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى بىرلىكتە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئالتە «ئىلغار پىئونېرلار كوللېكتىپى» ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك «10 نادىر تەربىيىچى»، «10 نادىر پىئونېر» نى تەقدىرلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى 6 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش نەمۇنىچىلار» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 66 ئۈلگىلىك كوللېكتىپ، 149 ئۈلگىلىك شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

6 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 10 مىڭ كىشىلىك «قەلبداشلار» خور ئېيتىش كېچىلىكى قەشقەر خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا قۇراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق

ئەترىتى كونىشەھەر ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى ۋۇ خۇڭخۇ سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ نەنبۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان يوقلاۋاتقان مەزگىلدە، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئۇ تېخى 20 ياشتا ئىدى. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئەترىتى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئېتىراپ قىلدى. قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنىڭغا «پىداكار قەھرىمان» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شى شاۋلىن، مەمتىمىن، پىردەۋس قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىلغار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەت رەھبەرلىرى 100 ئىلغار كەسپىي تېخنىكا خادىمىغا مۇكاپات بەردى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 12 دىن 40 مىنۇت 40 سېكۇنت ئۆتكەندە، شىمالىي پاراللېل 39°6′، شەرقىي مېرىدىئان 77°5′ ئارىلىقىدىكى پەيزاۋات ناھىيە تەۋەسىدە ئالتە بال يەر تەۋرىدى. يېڭىمەھەللە، جانباز قاتارلىق ئالتە يېزا (بازار) ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۈچ ئادەم يارىلاندى، 229 قوي ئۆلدى، 360 نەچچە ئېغىز ئۆي، 809 قوتان، 8630 مېتىر قورۇتام ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1900 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك بولۇپ قالدى، ئىككى سۇ مۇنارى، 28 توما، 29 كىلومېتىر تۇرۇبا يولى، 39 تارماق ئۆستەڭ، سەككىز مەكتەپ ياتىقى، ئىككى شىپاخانا، 12 كەنت ئاھالە كومىتېت ئۆيى ۋە قىسمەن كۆۋرۈك، بىنالار ۋەيران بولدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 17 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە، پەيزاۋات ناھىيىسىدە يەنە بىر قېتىم 6.6 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39°9′، شەرقىي مېرىدىئان 77°9′ ئارىلىقىغا توغرا كەلدى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئۈچ ئادەم يارىلاندى، 182 چارۋا ئۆلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4777 ئېغىز ئۆي ۋە 7076 قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 19 ئورۇندىكى كەنت ئاھالە كومىتېت ئىشخانىسى، 27 ئېغىز ھۆكۈمەت ئۆيى ۋە 25 مىڭ 197 مېتىر قورۇتام ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

**10** - ئاينىڭ **1** - كۈنى 314 - دۆلەت يولىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن چىقىدىغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

**10** - ئاينىڭ **5** - كۈنى شى داگاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

**10** - ئاينىڭ **27** - كۈنىدىن **30** - كۈنىگىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقىنى ۋە «قۇتادغۇ-بىلىك» نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېچىلدى. يىغىندا جەمئىي 70 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. يىغىندا يەنە «قۇتادغۇبىلىك» ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.

**11** - ئاينىڭ **2** - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى زوراۋانلىققا قارشى چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

**11** - ئاينىڭ **3** -، **4** - كۈنلىرى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خاۋ جيەنشيۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن ناھىيىسىگە كېلىپ، پاختا ئوبوروت خىزمىتىنى تەكشۈردى.

**11** - ئاينىڭ **18** - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى سودا مەركىزى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

**12** - ئاينىڭ **2** - كۈنى شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە يۇگوسلاۋىيە ھەقسىز ياردەم قىلغان 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كونىشەھەر

ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدىكى سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ تۈر 12 مىڭ ئادەم، 23 مىڭ 300 تۇياق چارۋىنىڭ كۆلچەك سۈيى ئىچىپ كەلگەن تارىخىغا خاتىمە بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر پويىز ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئومۇمىي خامچوت ھېسابىدا 199 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قەشقەر ئايرودرومى ئۇچۇش رايونىنىڭ كېڭەيتىلمە قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش دەپ باھالاندى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەكەن ناھىيىسىگە «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

1999 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى چىقارغان قەشقەر گېزىتى (شەنبىلىك سان) نەشردىن چىقتى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە پوسكام ناھىيىسى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە (شەھەر) دەپ، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، قاغىلىق ناھىيىلىرىگە «ۋىلايەت دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى يارباغ كۆۋرۈكىنى چېقىش قۇرۇلۇشىدا، بىر يۈرۈشتە كونترول قىلىپ پارتلىتىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «قەشقەر گېزىتى» يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1998 ـ يىلى پاختا ئومۇمىي ھوسۇلىدا يەنە بىر قېتىم تارىخىي رېكورت يارىتىلىپ، ھوسۇلنى 1 مىليون 50 مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەنگە يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە يەنىلا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ، ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئائىت بەزى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى.

1 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە ھال سورىدى.

شۇ ئايدا قەشقەر شەھىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «پاكىز شەھەر» دەپ باھالاندى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تيەنجىن، شەندۇڭغا بارغان پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تيەنجىن شەھىرى بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تيەنجىن، شەندۇڭدىن قەشقەرگە ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىرلارنىڭ ئىدارىلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتتىكى 3 - تۈركۈم تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك سەرخىل كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە نام بېرىش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ليۇ چىرۇڭ قاتارلىق 21 كىشىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئومۇمىي خەلق چېنىقىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى

تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، شەھەر رايونى ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى بولۇپ 30 ئىلغار ئورۇن ۋە 38 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. تەنتەربىيە ئىشلىرىنى قوللىغان 22 ئورۇنمۇ تەڭ تەقدىرلەندى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەرۇللا ھېسامىددىننى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر شەھىرى خەلق مەيدانىدا كانتا پانۇس كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ تۈنجى قېتىملىق بىرلەشمە - ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەرگە كېلىپ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە قەشقەر مېھمانخانىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنىنى ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەش ۋە تۈنجى نۆۋەتلىك 100 نەپەر «نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكلەپ بېيىتقان ئايال ئەليۇلئەلا» لارغا نام بېرىش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 8 - ، 9 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پاي چېكى سودا كەسپى باشلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاتۇش شەھىرى دوست شەھەر بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەر شەھەر رايونىدا «3.15» تەشۋىقات مەسلىھەت ـ مۇلازىمەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى تۈزگەن تۈنجى تارماق تەزكىرىسى ــ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باج ئىشلىرى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك 1998 ـ يىللىق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش ۋە 1999 ـ يىلى ئەتىيازلىق كۆكەرتىشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالىدا ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى خې يۈشياڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان تەقدىرلەش يىغىنىدا «10 نادىر چاكار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ نۇقتىلارغا كىرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈخېڭ سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ چاڭمىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 20 نەچچە مىڭ چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 10 نەچچە مىليون يۈەن بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك كەسىپ ئىستېلىنى باھالىغۇچى خادىملار خىزمەتنى باشلىدى. باھالاشتا سودا ـ سانائەت، مائارىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ـ قاتناش ساقچى سىستېمىسى مۇھىم نۇقتا قىلىندى.
4 ـ ئاينىڭ 23 ـ، 24 ـ كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسىم ناھىيە (شەھەر) لىرى بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، شامال ئېغىزىدا شامال كۈچى سەككىز بالدىن 10 بالغا يەتتى، باشقا جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بەش بالدىن ئالتە بالغىچە بولدى، كېۋەز ۋە كۆكتات پارنىكلىرى خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.
4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە ۋىلايەت بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق «10 نادىر چاكار» نىڭ بىرى خې يۈڭشياڭ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى) دىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.
4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 18 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.
4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەت بويىچە 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى ۋە تەقدىرنامىسىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالى ۋە تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات بېرىلدى.
5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارغا جىددىي يىغىن ئېچىپ، مەركەز، ئاپتونوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايونلۇق پارتكومىنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» ۋەقەسى توغرىسىدىكى ئالاقىدار ئۇقتۇرۇش ـ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى، ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

**5 ـ ئاينىڭ 4 ـ، 5 ـ** كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىكتە قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ـ خىيانەتچىلەرنى تازىلاش فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى.

**5 ـ ئاينىڭ 4 ـ** كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە «قوش ئىلغار»، «قوش 10 نادىر» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 20 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 30 ئىلغار ياش، 2 ـ نۆۋەتلىك «قەشقەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش» ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك «قەشقەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش دېھقان ـ چارۋىچى» لارنى تەقدىرلىدى.

**5 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ** كۈنلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇنچۇەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۇسەننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

**5 ـ ئاينىڭ 6 ـ** كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىغا پۈتۈن لىنىيە بويىچە رېلس ياتقۇزۇلۇپ بولدى ھەمدە رېلس تۇتاشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئازكەم 10 مىڭ ئادەم قاتناشتى.

**5 ـ ئاينىڭ 12 ـ، 13 ـ** كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى يەنە سەككىز بالدىن يۇقىرى بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بوران يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، 600 مىڭ مو يەر ئاپەتكە ئۇچراپ، 200 مىڭ مو تېرىلغۇ

يەر ۋەيران بولدى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 69 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولدى.

5 - ئاينىڭ **16** - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيىسىدە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە كېۋەز پەرۋىشى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋەزىپىنى كېمەيتمەسلىك، غەيرەتنى بوشاشتۇرماسلىق، يېزىلارنى مۇقىم قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى 9 - قېتىملىق «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

5 - ئاينىڭ **17** - كۈندىن **6** - ئاينىڭ **17** - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇزۇن يوللۇق سىملىق يوللاش ئىدارىسى «نۇر كابېلنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

5 - ئاينىڭ **21** - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر» نىڭ چارۋىچىلىق يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا چارۋىچىلىق يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوبوروت ساھەسىنى كېڭەيتىشكە ئوخشاش مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون زالى ۋە ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ۋۇ دېڭيۇننىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى.

5 - ئاينىڭ **27** - كۈندىن **6** - ئاينىڭ **7** - كۈنىگىچە ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئاخبارات ۋاستىسى — ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتى (NHK) تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قەشقەردە «دۇنيادىكى قەدىمىي جاي — شىنجاڭ. دۇنخۇاڭ» ناملىق چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى ئىشلىدى.

5 - ئاينىڭ **27** - كۈنى قىرغىزىستان ئوش ئوبلاستىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 43 كىشى قەشقەرگە كېلىپ، زىيارەت يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئامىنە ھوشۇر باشچىلىقىدىكى ساجىمخان مۆمىنىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ دوكلات بەردى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى يولغا قويدى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە 100 توننا پاختا پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى شەھەر ـ بازاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە ئىنچىكە تەشكىللەپ، قەشقەرنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى پائال تۈردە پۇختا ئالغا سۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، سۇپەتنى قاتتىق چىڭ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تاماملىدى. ۋىلايەتلىك سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ۋۇشۇسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە «1999 ـ يىللىق يالغان پۇل ياساشقا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى قەشقەردە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك

پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 120 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى «شەرق قىزاردى» ماركىلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە يۇرۇشلەشكەن دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ھاراپ يېزىسىنىڭ 7 - كەنتىگە ئىئانە قىلدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى تەشكىللىگەن خې يۈڭشياڭنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە سەييارە نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن جيەنگو باشچىلىقىدىكى شەندۇڭ - تيەنجىن پارتىيە - ھۆكۈمەت ھال سوراش ئۆمىكى ۋە تيەنجىن - شەندۇڭدىن 3 - تۇركۇمدە قەشقەردە ئىشلەيدىغان 73 كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە تيەنجىن شەھىرىدىن 27 ئادەم، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن 46 ئادەم) قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن ئېچىپ، شەندۇڭ - تيەنجىن ھال سوراش ئۆمىكىنى ۋە قەشقەرگە ياردەمگە كەلگەن 3 - تۇركۇم كادىرلارنى قارشى ئالدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قەشقەردە «1 - ئىيۇن» نى تەبرىكلەش ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش ۋە ناھىيە دەرىجىلىك توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايىتىدە يېزا ئېلېكتر تور قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئېلېكتر تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى شەندۇڭ ئۆلكىسى قەشقەرگە ھەقسىز ياردەم قىلغان 2 مىليون يۈەن مەبلەغنى پاي قىلىپ قوشۇپ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان پاي تۈزۈمىدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىسى - لۇشىن توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن 31 - كۈنىگىچە قەشقەردىكى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى «100 دېلونى سوت قىلىش ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك «ئالتۇن ياپراق» پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 10 - ، 11 - كۈنلىرى جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى (گۇرۇھى) نىڭ باش مۇدىرى، جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت باش كوپىراتىپىنىڭ باش دىرېكتورى، ساياھەت كوپىراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لى لۈئەن قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت بايلىقىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەر داچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنى شەندۇڭ زامانىۋى داچى گۇرۇھى شىركىتى، قەشقەر ئېلېكتر شىركىتى، يەنتەي شەھەرلىك لۇفېڭ شەھەر مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە دوجيا شىركىتى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شى زۇڭخېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 17 - ، 18 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايون قەشقەردە نۇقتىلىق رايونلارنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ياشانغانلار كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ياشانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيىسىدە قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى سۇ،ەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى جەمئىيىتى قۇردى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئېچىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» مەسىلىسىگە دائىر ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋۇ بىڭشىنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىن 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە قەشقەرنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر ياغدى. قىزىل، يەكەن، گەز، كۇسەن، تىزناپ دەريالىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلكۈن كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن دەرياسىغا پەۋقۇلئاددە كەلكۈن كېلىپ، ئەڭ چوڭ كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 6500 كۇپ مېتىرغا يەتتى؛ قىزىل دەرياسىغا 500 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلگەن پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى، ئەڭ چوڭ كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 3750 كۇپ مېتىرغا يەتتى. كەلكۈن دەريا قىرغىقىدىكى 105 يېزا (بازار)، مەيدانىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش تۇغانلىرى، تۇگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى، كۆۋرۈكلىرى، تاشيوللىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى، ئاھالە تۇرالغۇ ئۆيلىرى، ئېلېكتىر، ئالاقە مۇئەسسەسەلىرىنى قاتتىق ۋەيران قىلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 838 مىليون يۈەن بولدى. 41 ئادەم ئۆلدى، 226 ئادەم يارىلاندى، 371 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ماھىرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق «يىپەك يولى» چوت تېخنىكىسى مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، ھەر ئىككى تۈردە چېمپىيون بولدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىد ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق، قاتناش، ئېلېكتر قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، قىزىل دەرياسىدا يۈز بەرگەن زور كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار تۇنجى قېتىم دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئاشكارا قوبۇل قىلدى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان كادىر - ئامما ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 56 ئالتۇن مېدال، 27 كۈمۈش مېدال، 23 مىس مېدال ئېلىپ، كوللېكتىپ مۇكاپات لوڭقىسى ئېلىشتا بىرىنچى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئىككىنچى، ئالتۇن مېدال ئومۇمىي سانىدا ئۈچىنچى ۋە ئومۇمىي رەت تەرتىپىدە ئۈچىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ

قەشقەردىكى رودااۋچە چېلىشىش مۇسابىقە رايونى مۇنەۋۋەر مۇسابىقە رايونى بولۇپ باھالاندى. يەنە قەشقەرنىڭ 24 تەنھەرىكەتچىسى تەنتەربىيە ئەخلاق ـ پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنى 150 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى ۋە تەقدىرلىدى.

**8** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىئانە توپلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى.

**8** ـ ئاينىڭ **18** ـ ، **19** ـ كۈنلىرى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى ۋاڭ رېنجى قەشقەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بولدى.

**8** ـ ئاينىڭ **19** ـ كۈنى قەشقەر بويىچە كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلايدىغان تۇنجى ئامبار كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خاندى يېزىسىدا قۇرۇلدى.

**8** ـ ئاينىڭ **19** ـ كۈندىن **21** ـ كۈنىگىچە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن باۋجۈن باشچىلىقىدىكى گوۋۇيۈەن كەلكۈن ئاپىتىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى.

**8** ـ ئاينىڭ **19** ـ ، **20** ـ كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈم خىزمەت گورۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى چېن دېمىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

**8** ـ ئاينىڭ **24** ـ ، **25** ـ كۈنلىرى ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چۈنخۇا قاتارلىق بەش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئەركىنجان تۇراخاننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئوفىتسېرلىققا تەيىنلىنىدىغان 133 ھەربىگە ئۇنۋان بەردى.

شۇ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. غايەت زور كەلكۈن شىنجاڭ، پاكىستان تاشيولىنىڭ 40 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى 83 يەردىن ئۈزۈۋەتتى، مىڭلىغان سودىگەر، شوپۇر ۋە ھەربىي ئېگىزلىكتە قاپسىلىپ، قاتناش 36 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قاتناش ئەسلىگە كەلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر دۆلەت تېلېگرافى «128» ئۇيغۇرچە چاقىرغۇ ئىستانسىسى ئېچىلدى.

شۇ ئايدا پوسكام ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيىدە ئىلغار ناھىيە» بولۇپ باھالاندى.

شۇ ئايدا دۆلەت چېگرىسى ئايرىمايدىغان دوختۇرلار تەشكىلاتى يېڭىسار، يەكەن ناھىيىلىرىدىكى 50 كەنتكە 80 يۈرۈش قول سۇ پومپىسى ئورنىتىپ بېرىپ، 12 مىڭ يېزا ئاھالىسىنى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ساغلاملىق تەربىيىسى كۇرسى ئېچىشنى پىلانلىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى پائالىيىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇردى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئېگەرچى سۇ ئامبىرىدىن سۇ باشلايدىغان ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەتتىمىن پىردەۋس قەشقەر دوستلۇق

مېھمانخانىسىدا بېنگالىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فاروخ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 7 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى يىپەك يولى - قەشقەر مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 380 نەچچە كىشى قەشقەرگە يىغىلىپ، قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بەي شاۋ قەشقەر مېھمانخانىسىدا ئۆزبېكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سىماجىرا بىلەن كۆرۈشتى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق دوختۇرخانا باشقۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر سودا ئۆمىكى ئەمدىلا ئاياغلاشقان «1999 - يىللىق ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» دە جەمئىي 106 تۈردە پۈتۈشتى، ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 372 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شۇ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى كىرىدىغان بۆلىكىدىكى شەھەر كوچىسىدىن ئالتىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈن قاتناش باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى بىلەن XXI ئەسىر رۇڭيۈەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىرلىشىپ، 15 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى. يىغىندا ۋىلايەت بويىچە 25 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتلاندى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈڭفېڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىۋ جيەنفېڭ قاتارلىق 11 كىشى خەلق ئاۋئائاتسىيە ئورۇمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ چاڭشۇننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيە ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن تەشكىللىگەن «دېلو ئارقىلىق ئىنتىزامنى سۆزلەش» سەييارە نۇتۇق سۆزلەش - دوكلات بېرىش ئۆمىكى يەكەن قاتارلىق سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرگە بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلىدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — قەشقەر ئايرودرومى ئۇچۇش رايونىنىڭ كېڭەيتىلمە قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنى قەشقەر چيەنخەي مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى.

شۇ كۈنى ئورۇمچى شەھەرلىك «جېڭدا» چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە 500 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. «جېڭدا ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلۇشىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى چيەنخەي مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر تاموژنىسى ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە قارشى تۇرۇش - رازۋېدكا قىلىش تارماق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كادىرلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى شۇ سۈڭتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شۇ كۈنى TCL ئېلېكترون گۇرۇھى شىركىتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سىرتتا قۇرغان تۇنجى ئۈمىد مەكتىپى — قەشقەر شەھەرلىك قىزىل دەريا باشقارمىسى ئۈمىد مەكتىپى پۈتۈپ يوپۇقى ئېچىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا دەۋر گانا شىركىتىنىڭ رەئىسى گىلارد.رېۋېن باشچىلىقىدىكى 40 نەپەرچە كىشىلىك ئاخبارات ـ ساياھەت ئۆمىكى قەشقەردە ساياھەت ۋە زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قەشقەر سىملىق تېلېۋىزىيە تورى نۇر كابېل غول لىنىيىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھېيتگاھ 2 ـ نومۇرلۇق يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولى سودا سارىيى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۇنجى خۇسۇسىي كارخانا دۆلەت كارخانىسىنى قوشۇۋېلىپ قۇرغان شىركەت ـ شەنلۇلىن ماددىي ئەشيا ـ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

شۇ ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت ـ بازار بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا، خونجىراپ تاموژنىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەسىپ بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. قەشقەر شەھىرى، پوسكام، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن «قەشقەر يىلنامىسى» (1999 ـ يىللىق) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شۇ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «قەشقەر ئەدەبىيات گۈلزارى» نىڭ ئالاھىدە سانى ـ «نەسر، ھېكايىلاردىن تاللانما»، «قەشقەر ئەدەبىيات گۈلزارى» 2 ـ سان (يېڭى جۇڭگونىڭ 50

يىللىقىغا ئاتاپ)، «قەشقەر تەنتەنىسى» (ئۇيغۇرچە) نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھەرلىك خەلق مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەپ بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. چۈشتىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كاتتا ئاممىۋى ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىنجاڭ شۆبىسى پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزىسىنىڭ بايتوقاي كەنتىگە قۇرۇپ بەرگەن ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى پۈتتى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ يېزىلاردا سىياسەت، قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر تارماق بانكىسى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىغا يېزا شىپاخانىسىدا ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇش ئۈچۈن 35 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

شۇ كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 10 - ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ، زىبو شەھەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ سىستېمىلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 2 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى لى چۈنتىڭ باشچىلىقىدىكى شەندۇڭ

ئۆلكىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللىر ئۈمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قوماندانى جاڭ ۋېنيۈ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە شەندۇڭدىن قەشقەرگە ياردەمگە كەلگەن كادىرلاردىن ھال سورىدى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ماركا توپلاش جەمئىيىتى ۋىلايەتلىك 7 ـ قېتىملىق پوچتا ماركىسى كۆرگەزمىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن سەككىز يۈرۈشلۈك 24 ماركا توپلىمىنى ئېلىپ، پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردە سەييارە كۆرگەزمە قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئۇيۇشتۇرغان «شانلىق مۇساپە ـ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دائىر سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى» قەشقەر خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» (9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياشلار ـ قىرانلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش) خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا (بازار) ئورگانلىرىدا دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەر ئىئانە توپلاش كومىتېتى قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات سوممىسى 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى تارقاتتى ھەمدە لاتارىيە بېلىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن تاپاۋەتنى قەشقەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلەتمەكچى بولدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ «مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى دېھقانچىلىق، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىل تاپقان دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپا ۋىلايەتتە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەدەنىيەت ئىدارىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرگە جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي تېما قىلىنغان «شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى ھەيكەللىرى كۆرگەزمىسى» نى ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا پەيزاۋات قوغۇنى 1999 - يىللىق كۈنمىڭ دۇنيا يەرمەنكىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ قەغەز بادىمى، قوش مېغىزلىق بادىمى، بولۇق كەنجى بادىمى شاكىلى نېپىز، ھوسۇلى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا، تورالغۇ ئۆيىمۇ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىن تەنھەرىكەتچى مەخمۇت زۇنۇن مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت

مۇسابىقىسىدە 52 كىلوگىراملىقلارنىڭ چېلىشىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى. بۇ قەشقەر تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە ئېرىشكەن شەخسلەرنىڭ تۇنجى ئالتۇن مېدالى ھېسابلىنىدۇ.

شۇ ئايدا يوپۇرغا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك سۆچىلىق تەزكىرىسى — «يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سۆچىلىق تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

10 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتى قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ جيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ھەققىدە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىدىن دېھقان سۇلتان ماموت دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىت بىلەن بېيجىڭغا باردى ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام ناھىيىسىنىڭ «24 - ئۆكتەبىر»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېلوسىنى پاش قىلغانلىقىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يەتتە ئىلغار كوللېكتىپ، 167 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى يۇرۇشتۇرۇش مەركىزى قارىمىقىدىكى ئىختىساسلىقلار بازىرى ئۇيۇشتۇرغان «ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 1999 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا كىرىپ ئوقۇش پۈتكۈزگەن پىلان ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭىشىش يىغىنى» باشلاندى.

شۇ كۈنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قورۇلۇشى — مارالبېشى ناھىيىلىك پاختا زاپىسى ئۆتەڭ پونكىتى قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەن فېنشىنىنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. جۇ شياگىنىنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىدىن قالدۇردى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شۋېتسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى سىلاۋيان تەشكىلاتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىغا ھەقسىز ياردەم قىلغان سۇ ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى تېرىم يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

11 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىن 845 ياش - ئوتتۇرا ياش تېببىي خادىم قەشقەر تېببىي مەكتەپتە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى كەسپىي دوختۇرلۇق سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت

كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى» نى يولغا قويۇش چارىسىنى تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغانلارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئەسلىدىكى قەشقەر ھايۋانات - ئۆسۈملۈك كارانتىن ئىدارىسىدە يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا «دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دەپ باھالاندى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت ئىدارىسى يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى بىلەن خۇسۇسىي كارخانىلار جەمئىيىتى قەشقەردە قۇرغان ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى – پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا ئايدىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتتى ھەمدە پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش» تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەش مېۋىلىرى كۆرگەزمىسى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈپ، تىجارەتكە كىرىشتى ھەمدە تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قەشقەر شەھىرى «ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش» يۈزىسىدىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ قەشقەرگە كېلىپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە قەشقەر مېھمانخانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەردىكى خۇسۇسىيلار قۇرغان ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى تۇنجى ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى — فاخېڭ ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى «تۆھپە قوشۇش» نى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

2000 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈلگىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى ۋاڭ ياجۈدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شەندۇڭ، تيەنجىندىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى 51 كادىر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۇلارنى ئۇزىتىش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تۇنجى تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن 10 مۇنەۋۋەر كادىر مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۆڭخۇانىڭ باشچىلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە بويىچە «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» مۇلازىمەت ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ئويۇن قويدى ھەمدە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى داۋالاشقا ئوخشاش

مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۈرۈمچىدىكى قەشقەرلىك يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر پاختا - توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ۋەيران قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەش يۈزىسىدىن مەخسۇس يىغىن ئاچتى.

شۇ ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، باش سىياسىي بۆلۈم قەشقەر شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۆت چوڭ بەنزە ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 60 كۈن داۋام قىلغان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ۋىلايەت «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن چوڭ تىپتىكى خەلق ئويۇنى – ياڭگېر ئۇسسۇلى ئەترىتى قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ ئويۇن قويدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت ۋە شەھەرنىڭ 2000 - يىللىق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى بىر ئايلىق مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە بويىچە «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى ۋە «چوڭلارنىڭ تەشۋىقات لېكسىيە سۆزلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. قۇرۇلتايدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ۋىلايەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك قارارلار ماقۇللاندى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ، 23 ـ كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيىسىدە تاشقورغان ناھىيىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئۇلارنى كۆچۈرۈش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا يوپۇرغا ناھىيىسى بايئاۋات يېزىسىنىڭ تەرەققىيات رايونىدىكى كونا قانا ئۈستىگە بىلەن مارالبېشى ئۈستىگە ئارىلىقىدىكى يوپۇرغا ـ مەكىت تاشيولى بويىدىن بىر قېتىمدىلا 50 مىڭ مو يەر ئاجرىتىپ، ئۇ يەرگە تاشقورغان ناھىيىسى تۆۋەن بەلدىر ئامبار رايونىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى كۆچۈرۈشنى بېكىتتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى قوش تىل بويىچە تەربىيىلەش ۋە كادىرلارنى باشقا يۇرتلارغا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، قەشقەر شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن 10 مىڭ ئىتتىپاق ئەزاسى كوچىلارغا چىقىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى پائالىيەت كۈنى» نى ئۆتكۈزدى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا «8 ـ مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەش ۋە 100 «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ھۆرنىسا ئائىلىسى قاتارلىق 100 ئائىلىگە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى ھەمدە «مىليون ئايال 10 مىليون توخۇ، 10 مىليون كەپتەر بېقىش، 10 مىليون تۈپ مېۋىلىك دەرەخ تىكىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە مەركىزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ئىشخانىسىدىكى خادىملار قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەرنىڭ قىسمەن نامرات جايلىرىدىكى ئاممىنىڭ ئىچىملىك سۇ شارائىتى ۋە ئاممىۋى تازىلىق ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت چېگرىسى ئايرىمايدىغان دوختۇرلار تەشكىلاتى ئىككى يىل ئىچىدە يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرىگە 80 قۇدۇق قېزىپ بېرىشنى پىلانلىدى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى كادىرلاردىن «قوش تىل» ئىمتىھانى ئالدى. 1896 كىشى ئىمتىھانغا قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ئارمىيە، ساقچى، خەلق بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭ مىڭ چاقىرىملىق تۆمۈريول مەدەنىي لىنىيىسى بەرپا قىلىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم ھەم 20 نەچچە يەرلىك ئورۇن ۋە ئالاقىدار تۆمۈريول ئورۇنلىرى كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى «ئەلرايى قۇرۇلۇشى» نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئائىلىگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە 1999 - يىلى شىنجاڭ سوت مەھكىمە سىستېمىسى بويىچە «خەلق رازى بولغان ياخشى سوت مەھكىمىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

شۇ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسى جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يۇرتلىرىنى كۆرسىتىش - تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىدە «جۇڭگو مۇناقى ئۇزۇم يۇرتى» ۋە «جۇڭگو ئانار ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا قەشقەردىكى تۇنجى سېتىرېئو ئاۋازلىق كىنوخانا — ئاق ئەتىرگۇل كىنوخانىسى تىجارەت باشلىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى يۇلۇنسۇر ماددا يالىلۇغىنى يوقىتىش بويىچە «تازىلاش شەكلى» دىكى ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تارىم نېفىتلىكى شىركىتىنىڭ قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 2 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىش مۇراسىمى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئامانەت - قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كوپېراتىپنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش - تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 60 كىشى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرى ۋە باشقا 10 شەھەردە ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەرلەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىلەن قەشقەر شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنى تەشكىللەپ، قەشقەر شەھەر رايونىدا شەھەرلەردە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان چوڭ تىپتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «غەربنى كەڭ ئېچىش

خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى مېيىپلار خىزمىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرنىڭ دوست شەھىرى - شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋېيفاڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئالدىنقى 12 كىشىلىك تارمىقى قەشقەرگە كېلىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە «19 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 28 - ، 29 - كۈنلىرى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شېنياڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ ۋېنسەي باشچىلىقىدىكى شېنياڭ شەھەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 21 كىشى قەشقەرگە كېلىپ، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى مەسلىھەتلەشتى ۋە تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 29 - ، 30 - كۈنلىرى شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چىڭداۋ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ خۇيلەي چىڭداۋ شەھەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «1 - ماي» نى تەبرىكلەش ۋە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى گېزىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ، ئۇزاق مۇددەت پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان 158 ئىشچى - خىزمەتچىنى مۇكاپاتلىدى ۋە تەقدىرلىدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىن 300 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت يېزا - بازار كادىرى ۋەزىپە بىلەن ئىشلەش ئۇچۇن تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىڭتۇەننىڭ 5 -، 6 -، 7 -، 8 - دىۋىزىيىلىرىنىڭ 20 تۇەن - مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ ئايدا يەكەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

**5 - ئاينىڭ 10 -، 11 - كۈنلىرى** ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى نورمان.بورلوك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دۆلەت پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

**5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** قاغىلىق ناھىيىسى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئەترىتىنىڭ چاسا مىچىت يېزىسى 11 - كەنتتە تۇرۇشلۇق خادىمى مىن جيەنشياڭ (ئەر، خەنزۇ، 28 ياش، قاغىلىق ناھىيىلىك سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى) قاتارلىق ئالتە ئادەم بۇ يېزىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئىككى توپىلاڭچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مىن جيەنشياڭ نەق مەيداندا قۇربان بولدى، يەنە بىر خادىم يېنىك يارىلاندى. دېلو يۈز بېرىپ 3 - كۈنى ئىككى توپىلاڭچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تەرىپىدىن تۇتۇلدى.

**5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلار بازىرى يەكەن ناھىيىسىدە ئىش باشلىدى.

**5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئىگىزيەر

يېزىسىدىكى قوغۇشۇن ـ سىنك كانىدا ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جاۋگو، جىڭ شۈپىڭ، جۇ تيېنۇڭ باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە پارتىيىسىز زاتلاردىن تەركىب تاپقان غەربنى كەڭ ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ ۋېنيۆ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئاساسلىقى قەشقەرنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى، سۇ چىلىق تۈرلىرى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، ئىختىساسلىقلار ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى يىغىن ئېچىپ، قەشقەردىن تۇنجى تۈركۈمدە ۋەزىپە بىلەن تيەنجىنگە بېرىپ، ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرىدىغان 20 كادىرنى ئۇزاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇرۇك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مەكىت ناھىيىسى قاتناشتۇرغان چولپان ئۆرۈكى بىرىنچى بولدى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى بىرلىكتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا يەكەن ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان تەپتىش مەھكىمىسى» بولۇپ باھالاندى.

شۇ ئايدا قەشقەردىكى غەربىي دىيار سودىگەر چاقىرىش گۇرۇھى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـەبلەغ سېلىپ، قەشقەر بويىچە ئەڭ چوڭ بېزەك بۇيۇملىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى – شەنلۇلىن بېزەك ماتېرىياللىرى بازىرىنى قۇردى.

6 - ئاينىڭ 1 - ، 2 - كۈنلىرى كانادا ئاسىيا - تىنچ ئوكيان سودا ئىشلىرى مىنىستىرى چېن جۇيۇ كانادا سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 25 كىشىنى باشلاپ، قەشقەردە دوستانە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈندىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى شىيۇڭ خۇيىمىن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى، قاتناش نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قەشقەرگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە مەركەزنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر گۇرۇپپا باشلىقى خې ياۋجۇڭنىڭ باشچىلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ دېجۇڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئىشخانىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئاپاق غوجا مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق ئۈچ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەنزىرە رايونىنى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى بولۇپ ISO9002 خەلقئارا سۈپەت ئۆلچىمى سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايون 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تۆۋەن بەلدىر تۇگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشنى ماقۇللاپ، سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدى.

6 - ئاينىڭ 18 - ، 19 - كۈنلىرى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لىيۇ چىخې ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خې فۇلىننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى ۋە رادىئو ئاڭلىتىشنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۇنجى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش شىركىتى — شىنجاڭ جياشېڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى سەئىد مۇھەممەد ھاتەمى قاتارلىق 100 كىشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جى پېيدىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نىشان ئىبراھىم قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خونجىراپ تاموژنىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» ۋېۋىسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى پېڭ يۈ سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ياسىن تۇرسۇننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، سەھىيە خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 79 يىللىقىنى تەبرىكلەش دوكلات يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۇڭفېڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئاساسىي تېما قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ««ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، غەربىي كەڭ ئېچىش ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئالغا سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى «قەشقەر مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ساياھەت ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گو دۇڭپو قاتارلىق بەش كىشى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نىشان ئىبراھىمنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش - خۇلاسىلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەر «3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە لاياقەتلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» بويىچە ئىئانە توپلاش يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرنى مېيىپلارغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى.

شۇ كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

3 ـ يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈڭفېڭ ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 32 ۋەكىلى بىرلىكتە «غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى تېزراق تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ» بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جېنىڭنىڭ باشچىلىقىدا، قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسى قاتارلىق 26 يېزا ـ بازار (مەھەللە باشقارما) پارتكومىغا تۇنجى قېتىم «ئالتىدە ياخشى» يېزا ـ بازار (مەھەللە باشقارما) پارتكومى دەپ نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەردىكى تۇنجى ئۇنىۋېرسال ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىش مەركىزى تىجارەت باشلىدى.

شۇ كۈنى دۆلەت ساياھەتچىلىك سۈپىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ دېچياڭ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلىك ساياھەت يەرمەنكە ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان 42 كىشىلىك ساياھەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك غەربىي يۇرت سودا بازىرى تىجارەت باشلىدى ھەمدە تىجارەت باشلاشقا لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ، 23 ـ كۈنلىرى دىپلوماتىيە مىنىستىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقى ئاخبارات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جۇ باڭزاۋ ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ يۈشېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سابىق قەشقەر پاختا توقۇ- مىچىلىق فابرىكىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، قايتىدىن قۇرۇلغان قەشقەر شىنشېڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى ھەمدە قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - ، 24 - كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى - شياڭگاڭ شىنيىفا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 840 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان قەشقەر 2 - تۈردىكى پورت خەلقئارا سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ دەنخۇا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەرگە كېلىپ، شەندۈڭ، شىنجاڭ دوختۇرلار ئۆمىكىنىڭ «ئۇچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى تەكشۈردى ۋە دوختۇرلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن ھال سورىدى.

7 - ئاينىڭ 26 - ، 27 - كۈنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن تەركىب تاپقان 40 نەچچە كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

7 - ئاينىڭ 29 - ، 30 - كۈنلىرى مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاۋ جۇنجېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىلىرى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ۋە ھەرقايسى بىناكارلىق كارخانىلىرىنى تەشكىللەپ شەھەر رايونىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

شۇ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «10 سادىق قاراۋۇل» نىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، 315 دۆلەت يولى بويىدىكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سودا ئۇنىۋېرسال بازىرى يېنىغا خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، دېھقانچىلىق دورىلىرى ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى سودىسى توپ سېتىش بازىرى سالدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى مارالبېشى ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئىمىن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «100 مۇنەۋۋەر شۆبە بانكا باشلىقى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ كۆكتات، مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرى - يېڭىشەھەر كۆكتات، مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرى تىجارەت باشلىدى. بۇ بازار يېڭى پېتى ساقلاش، قاچىلاش - يۆتكەش، پىششىقلاش بىر گەۋدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان بازار بولۇپ قالدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاشكارا تاللاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋەن باۋرۇي باشچىلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سەككىز كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامۇتنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۇڭۋېي باشچىلىقىدىكى 17 كىشى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى 14 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموفنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى دوجى سەيراڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇز ئىشلىرى ئىدارىسى، تۇزچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى ھەمدە لېنتا كېسىش، ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ كۈنى «شىنجاڭ مەنزىرىسى» كومپيۇتېر پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى قەشقەردە بازارغا سېلىندى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاۋ فۇلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 34 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جيا شياڭنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردە ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شۇ مەزگىلدە تەيۋەن - شىنجاڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئېكسكۇرسىيە - زىيارەت ئۆمىكى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 11 - ، 12 - كۈنلىرى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دۈەن جېڭكۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى تۇرسۇن مەسۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى ئامېرىكا تېكساس شتاتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى مائارىپ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە باج ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىل.ئارچىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى 10 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلىيىتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زىڭ جىيەنۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 20 - ، 21 - كۈنلىرى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ كۈنلىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ جيەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن، جاڭ زىجىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى ھەمدە قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىنى تۈزەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ فاچياڭ باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت قاسىمنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 24 - ، 25 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتى پەن - تېخنىكا يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «پەن - مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» ى ماقۇللاندى. مەمۇرىي مەھكىمە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر، ساھەلەر بىلەن پارتىيە - ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسىگە ئىمزا قويدى ھەمدە پەن - تېخنىكىدا ئالدىدا ماڭغان بىر تۈركۈم ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر) ۋە ئىلغار شەخسلەرنى، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلىدى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى جى يۈنشى باشچىلىقىدىكى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 60 نەچچە كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقاننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 26 - ، 27 - كۈنلىرى ئەنگلىيىدىكى مەشھۇر جۇڭگولۇقلار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 11 كىشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە زىيارەتتە بولدى.

شۇ كۈنلىرى مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر ئاخبارات خادىمى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو تاۋ فېن فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېينىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - نۆۋەتلىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تارماق ئۆمىكىدىكى 12 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى روزىنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1999 -، 2000 - يىللىق مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 28 - ، 29 - كۈنلىرى گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىقى خۇ فۇگو باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۈيىيننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ «شىنجاڭ تاجى» ماركىلىق شاھنشاھ قوغۇنى ـ پەيزاۋات قوغۇنى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش كومىتېتى ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، «شىنجاڭنىڭ 2000 ـ يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۆزبېكىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر مەسلىھەتچىسى، تاشيول كاڭ سەيئېن تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ھاشىموف باشچىلىقىدىكى بەش كىشى جۇڭگو قاتناش مىنىستىرلىقى خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جۇ جىڭلو قاتارلىق ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شۇ ئايدا يەكەن مېھمانخانىسى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا بولىدىغان ئىككى يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانخانىسى قىلىپ باھالىنىپ، قەشقەردىكى بىردىنبىر ناھىيە دەرىجىلىك ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ قالدى.

شۇ ئايدا «ئىنتېرنېت تورى» ئارقىلىق ئاۋاز يەتكۈزىدىغان IP تېلېفون 12 ناھىيە (شەھەر) دە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلدى.

شۇ ئايدا يېڭىسار ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىن 4 ـ كۈنىگىچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى پولات «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ

قەشقەرگە كېلىپ، ۋىلايەتنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىنزى رايونى 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىنىڭ 6 - كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىندى. شەندۇڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بەش كىشى يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 23 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكتە تەشكىللىگەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى ۋىلايەتتە سەييارە نۇتۇق سۆزلىدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇڭ فۇ باشچىلىقىدىكى تۆت كىشى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى 2000 - يىللىق «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى» دە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن 84 نى ئىمزالاپ، 1 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزدى. قەشقەر سودا شۆبە ئۆمىكى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «زەرەپشان» ماركىلىق پاختا، «يېڭى تاج» ماركىلىق شاھنشاھ قوغۇن ۋە يېڭىسار پىچىقى «ئەڭ ياخشى ماركىلىق مەھسۇلات» دەپ باھالاندى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە سىستېمىسى «كەسىپ ئىستىلىنى تۈزەش ئېيى» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە سىستېمىسىنىڭ ‹كەسىپ ئىستىلىنى تۈزەش ئېيى›

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پائالىيىتىنى يولغا قويۇش» لايىھىسى ئېلان قىلىندى.
شۇ كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ جىيۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەرجىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.
9 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 10 ـ كۈنلىرى كاڭجيا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قەشقەر شەھىرىدە «داقا ـ دۇمباق چېلىپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ياردەم بېرىش بويىچە 10 مىڭ ئادەم ئىمزا قويۇش» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.
9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شەندۇڭ ئۆلكىسى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يوپۇرغا ناھىيىسىدە قۇرغان تۆت «ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» ئوقۇش باشلىدى. جىنىڭ شەھەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يوپۇرغا ناھىيىسىگە كېلىپ، «ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» نىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.
9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك ئىستىمال تۈزىتىش ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، پاختا ـ چىگە شىركىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، پاختا خىمىيىۋى تالا ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 11 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ، پاختا سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.
9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ئىقتىساد تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ ئالتە مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى

جوڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ يەنخۇينىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسىنىڭ جوڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى لېيتنا باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى تۆت كىشى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل تىياتىر ئۆمىكى، تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى 46 كىشىدىن تەركىب تاپقان جوڭگو شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پاكىستانغا بېرىپ، «پاكىستان خەلقئارا يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» غا قاتنىشىپ قويغان ئويۇنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى «خەلق گېزىتى» ئىچكى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يەن چۈەنشىڭ باشچىلىقىدىكى مەركەز ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىدىكى 20 كىشى قەشقەردە زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسىنىڭ قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى زالىدا نۇتۇق سۆزلىدى. دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى مەملىكەت بويىچە ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان ـ نەمۇنىچى رۇ شۆجۈن، 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپىكار ئەنۋەر ئۆمەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «مۇنەۋۋەر ياش قاراۋۇل» تۆك جىنفېڭ، مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك خەلق مۇرەسسە خادىمى ئوسمان قادىر قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن نۇتۇق سۆزلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى دۆلەت پىلان كومىتېتى خەلقئارا قۇرۇلۇش مەسلىھەتچىلىك شىركىتى مۇتەخەسسىسلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گورۇپپىسى سۇچىلىق نازارىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان ناھىيىسىگە بېرىپ، شىنجاڭ تۆۋەن بەلدىر تۇگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە ۋە تەتقىق قىلدى.

شۇ كۈنلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چىرىن باشچىلىقىدىكى ئاۋمېن جۇڭگو مەبلىغى كارخانىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 25 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ياڭ زاۋجىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

**9** - ئاينىڭ **16** - كۈنى جۇڭگو بانكىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ يېڭى ئۇنىۋېرسال تىجارەت - خىزمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

**9** - ئاينىڭ **17** - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بو خې باشچىلىقىدىكى 15 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ فېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**9** - ئاينىڭ **18** - كۈنىدىن **20** - كۈنىگىچە 10 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى ۋە 3 - نۆۋەتلىك يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.

**9** - ئاينىڭ **19** -، **20** - كۈنلىرى دۆلەت ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لىۋ ياجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 22 ـ كۈنلىرى گويجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ سىچى باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ بىنانىڭ پۈتۈشى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ شىنجاڭ بويىچە 2 ـ خەلقئارا ئايرودروم بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە شىمالىي ياۋروپادىكى شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، ئىسلاندىيىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گۇاڭخۇا ۋە تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شياۋ چېن بىرلىكتە يېزىپ چىققان زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇنجى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ــ «غەزەپكە تولغان زەرەپشان دەرياسى» قەشقەردە سۈرەتكە ئېلىنىشقا باشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئىلغار يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مەمەت ياسىن روزى قاتارلىق 40 ئادەمگە «ئىلغار يەككە سودا ـ سانائەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى، قەشقەر گۆھەر زېمىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 21 شىركەتكە «ئىلغار خۇسۇسىي كارخانا» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر غەربىي يۇرت سودىگەر چاقىرىش (گۇرۇھى) باش شىركىتى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، قەشقەر شەھەرلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىنى قوشۇۋالغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى ھەم شەنلۇلىن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرىنىڭ تىجارەت باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. بۇ قەشقەردىكى خۇسۇسىي كارخانا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۇنجى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن ناھىيە بولۇپ قالدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە كادىرلار ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شەھىرى خەلق مەيدانىدا تەنتەنىلىك دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 51 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى قەشقەردە پوچتا سۈرئىتى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلار خەت - چەكلەرنى چەكلىك مۇددەتتە يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. ھەرخىل پوچتا يوللانمىلىرى ھېچبولمىغاندا بىر كۈن ئىلگىرى ئابونېتلارنىڭ قولىغا تېگىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسى ۋېنجۇ ۋىلايىتى لېچىڭ شەھەرلىك خۇسۇسىي كارخانىچى لىن ئەيچۇەن خانىم 11 مىليون مەبلەغ سېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا سالغان، ماگىزىن بىلەن مېھمانخانا بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭلىن سودا سارىيى تىجارەت باشلىدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز قەشقەرگە كېلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن قەشقەردە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا بولدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئېلېكتر - ئېنېرگىيە شىركىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتور گاۋ يەن قەشقەرگە كېلىپ جياڭنەن ئېلېكتر - ئېنىرگىيە مەسئۇلىيەت شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو ئولىمپىك ماھىرلىرى گې فېي، لىيۇ گولياڭ، خۇاڭ لياڭيەن، لىيۇ گوجېڭ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە سەپەر قىلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى «يۈز كۈنلۈك ئىجرا قىلىش بىرلەشمە جېڭى» گە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىپ، يىل ئاخىرىغىچە دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 70% تىن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمى ۋە يەككە گېنېراتور سىغىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى — قەشقەر 350 مىڭ كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىندى.

10 - ئاينىڭ 14 - ، 15 - كۈنلىرى دۇنيا بانكىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ باش ۋەكىلى، جۇڭگو كەسپىي ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ يۇچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق دۇنيا بانكىسى ئىشخانىسى مەسئۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ دۇنيا بانكىسى قەرز ئېلىش تۈرى — تارىم ئويمانلىقىنى سۇغىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك جەنۇبىي تەڭرىتاغ سودا كوچىسى مەملىكەت بويىچە «مال سېتىۋېلىشتا ئىشەنچلىك كوچا» بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۇڭۇشلۇق ئۆتتى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جىنتۇڭ شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تارقىتىش مەخسۇس لىنىيىسىدىن يەنە بىرى كۆپەيدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ، 28 ـ كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت رادىئو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۈ گۋاڭچۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۈنفۇنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ياندۇما يېزىسىنىڭ 3 ـ كەنتىدە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى نەق مەيداندا ئىشلىتىپ كۆرسىتىش يىغىنى ئاچتى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 4 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ قەشقەردىكى تور بۆلۈمى كۆتۈرە ئالغان مەملىكەت بويىچە 256 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان دۆلەت يولىنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

شۇ ئايدا قەشقەر «121» مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرى بويىچە ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش ـ مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىشى تاماملاندى ھەمدە بۇ سىستېما ۋىلايەت بويىچە ئېچىلدى.

شۇ ئايدا يەكەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» بولۇپ باھالاندى. بۇ مۇشۇ ناھىيىنىڭ 5 ـ قېتىم مۇشۇنداق ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى شەندۈڭ ئۆلكىسىگە بارغان مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش - تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل تىياتىر ئۆمىكى ۋە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئارتىسلار تەقدىرلەندى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لىيۇ شۆخۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، گۇڭ شىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، ۋاڭ شىنشېڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ياۋ يىجيەننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقى ۋە ئەزالىقىدىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىدىن قالدۇردى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ئىسلاھاتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، دوكتور چياۋ يىتو ۋە مەركەز مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى ئالتە كىشى قەشقەردە سۇغۇرتىدا نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلارنى باھالاپ، تەكشۈرۈپ، ۋۇسكا ئاستى. ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك دوختۇرخانا ۋە مەھەللە دوختۇرخانىسى (داۋالاش ئورنى) بولۇپ 15 دوختۇرخانا تۇنجى تۈركۈمدە داۋالاش ئىسلاھاتىدا نۇقتا قىلىنغان داۋالاش ئاپپاراتى قىلىپ بېكىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى 11 ناھىيە (شەھەر)، 60 يېزا، 125 نۇقتىغا بېرىپ، 2000 ـ يىللىق ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسى بويىچە تەكشۈرۈش ـ باھالاش ئېلىپ باردى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قەشقەر دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بەيماسەيۋاڭ باشچىلىقىدىكى شىزاڭ ئالى رايونى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شۇ ئايدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ «ھەممە كەنتكە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق كۈزلۈك ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا 2000 ـ يىلىدىكى كۈزلۈك ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ كوللېكتىپ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ 1996 ـ يىلىدىن بېرى ئۇدا بەش يىل ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى تەرىپىدىن بىرىنچى بولۇپ باھالىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

شۇ ئايدا قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدا شىنجاڭ بويىچە 3 ـ ساغلاملىق تەربىيىسى ـ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كوچىسى قۇردى.

شۇ ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادىي كومىتېتى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلات يۇرتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى گۇرۇپپىسى تەشكىلىي كومىتېتى يېڭىسار ناھىيىسىگە «جۇڭگو سەنەت

ئۆرۈكى ماكانى» دەپ نام بەردى.

شۇ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى تيەنجىن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق ئورناتتى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، «چوڭ ئىقتىساد - سودا، چوڭ ساياھەت» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىندا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش قارار قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە تۈزىتىلدى، يېڭى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى بەش يىلىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەر ۋە 1 - يىلىدىكى ئاساسىي خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەرگە كېلىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە «ئارقىغا قاراش» خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە «ئارقىغا قاراش» پائالىيىتىدە ئېرىشكەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى ھەمدە لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر 2 - دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭى ياتاق بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەمدە پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى سۈنئىي ئىلمىلەرگىچە يەتكۈزۈش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈنئىي ياخشىلاش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش نەق مەيدان كۆرىكى يىغىنىنى ئاچتى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى 19 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا «ۋىلايەتنىڭ 2000 ـ يىللىق مالىيە خام چوت پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 2000 ـ يىللىق خام چوتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىن قىلىنغان دوكلات»ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتى تۈزۈلمىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى تاماملاپ، ۋىلايەتلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئاشلىق ـ ماي سانائەت ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى ۋە ۋۇۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

شۇ كۈنى قەشقەر شىنشىڭ پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مىڭدا ترانسپورت شىركىتى، چاڭيۈەن سودا ـ سانائەت شىركىتى، تۆگشىن ماشىنىسازلىق شىركىتى، ۋېيى توقۇمىچىلىق شىركىتى، تۇلپار ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون شىركىتى، خۇايۈەن ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىدىن ئىبارەت ئالتە مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايرىلدى. بۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ 3 ـ كەسىپتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن توقۇمىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىدىغان شىركەت بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە «يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىپ، مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» بويىچە 10 مىڭ كىشىلىك ئىمزا قويۇش

پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ ئايدا خېنەن سەنمېنشىيا شەھەرلىك شىنتەي كانچىلىق شىركىتى 7 مىلىيون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پەيزاۋات ناھىيىسىدە شىنباۋ كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى قۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن: «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم.

2. شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسىنى تۈزۈش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. شۈزوڭجىڭ تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋەقەلەر خاتىرىسى» (يىراق قەدىمكى زاماندىن 1840 - يىلغىچە)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988 - يىللىق تولۇقلىما سان.

4. ۋاڭ شياڭ تۈزگەن: «قەشقەرنىڭ تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (يىراق قەدىمكى زاماندىن 1949 - يىلغىچە)، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە، 1992 - يىل 1 - سان.

5. ۋاڭ شياڭ: «قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» (2 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

6. ئادىل مۇھەممەت: «قەدىمكى قەشقەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

书中较系统、全面、详细地介绍历代在喀什噶尔发生的重大历史事件及新中国成立以来在喀什噶尔发生的重大变化、发展等情况。

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

书中较系统、全面、详细地介绍历代在喀什噶尔发生的重大历史事件及新中国成立以来在喀什噶尔发生的重大变化、发展等情况。

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-1988-1

9 787537 319881 >

（民文）定价：35.00元